ئەختەم ئۆمەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

## ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرى

غېرىب - سەنەم (1) (2)

باياۋاننىڭ سىرى (1) (2)

چۈمبەللىك ساھىبجامال

دېلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ

ئاھ، رەھىمسىز دەريا

قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ

يېگانە ئارال

ISBN 978-7-228-11821-2
定价：30.00元

ئەختەم ئۆمەر

# چۈمبەللىك ساھىبجامال

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

戴面纱的丽人：维吾尔文/艾合塔木·吾买尔著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 8
ISBN 978—7—228—11821—2

Ⅰ. 戴… Ⅱ. 艾… Ⅲ. 短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 135765 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 艾合塔木·吾买尔 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 阿依古丽·萨比提 |
| 特约校对 | 亚森·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·萨力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 10.25 |
| 版　　次 | 2008 年 10 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 10 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 30.00 元 |

# چۆمبەللىك ساھىبجامال (ھېكايىلەر)

**ئاپتورى :** ئەختەم ئۆمەر
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** بارىجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئايگۈل سابىت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** ياسىن زايىموف
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 10.25
**نەشرى :** 2008 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11821—2
**باھاسى :** 30.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

يىراقتا تارالغان قوڭغۇراق ئاۋازى ........................ 1
ئاخىرقى تەلەپ ........................ 5
بىلەيچى بوۋاي ........................ 9
قېرى قىز ........................ 13
ئوغلىنىڭ سۆيگىنى ........................ 23
ئىنسان........................ 27
قارغىش قېپى ........................ 31
دوستۇمنىڭ چۈشى ........................ 36
توغاچ ........................ 42
سەھەردە ........................ 45
ئاق لەيلەك ........................ 48
سۈت ساتقۇچى قىز ........................ 53
ھېلىقى يەر ........................ 56
نازىنىن........................ 61
ئامۇت ........................ 70
كونا مەنسەپدار........................ 72
ياشاش ئۈچۈن ........................ 78

بىچارە مەلغۇن ........ 85

مېنىڭ سەھرالىرىم ، سىلەر نېمە كويدا ........ 95

مۇزاكىرە ........ 114

ئاتا ۋەسىيىتى ........ 116

يۇرەكتە ساقلانغان سىر ........ 125

ئاخشامقى پەرىشتە ........ 133

سېغىنىش كۈيى ........ 143

مازار غوجام ........ 152

قىزىل قۇرت ........ 155

تاماكا ........ 161

ئاق جۇۋان ........ 167

كېچىدىكى چاي ........ 178

نىياز كۆكزىنىڭ شەرىپى ........ 186

غازاڭ خالتىسى ........ 197

سۆيگۈ قەدرى ........ 206

خەير - خوش ، ئاپتاپپەرەسلىك ........ 213

بىزنىڭ ئۆرۈك ........ 222

ئۆلۈم تەھدىتى ........ 229

گىلاس لەۋ ........ 245

ئۆلمىگەن ئۈممەتلەر ........ 260

قەلەندەرنىڭ جەندىسى ........ 282

بېدىك ........ 287

بىز تىرىك ئادەملەر ........ 293

تەدبىر ........ 299

يۇلتۇزسىز كېچە ........ 316

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىراقتا تارالغان قوڭغۇراق ئاۋازى

— ئۇ نېمىنىڭ ئاۋازى ؟

ھارۋىكەش تەئەججۇپلەنگەن ھالدا بىردە سادىققا ، بىردە ئۇنىڭ ئايالىغا قارىدى . سادىق ئۇندىمەستىن پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاۋازنى تىڭشىماقتا . ھارۋىكەش بىر نەرسە دەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ، ئالدىغا قاراپ ئاتنى قامچىلىدى .

سادىقنىڭ ئايالى قاپقارا ، مايلانغان كالتە بۇدۇر چېچىنى يولنىڭ ئاچچىق شور توپىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن باش - كۆزىنى ئورىۋالغانىدى .

سادىق ئوفىستېر بولۇپ ، توي قىلغاندىن بېرى ئايالىغا يۇرتى ۋە ئاتا - ئانىسىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى . مانا ھازىر ئۇلار ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئاپتوبۇسقا ، ئاندىن مانا بۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ سادىقنىڭ يېزىسىغا قاراپ يولغا چىققانىدى . يول بويىدا قاتار كەتكەن جىگدىلەر بولۇپ ، غۇژمەك - غۇژمەك مېۋىلىرى كۈز ئاپتىپىدا ئالتۇندەك پارقىرايتتى . كۆز يەتكۈسىز شورلۇق ، قاقاسلىق تۈزلەڭنى كۆرۈپ ئايالىنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى :

— ۋاي - ۋاي ، ماۋۇ يولنىڭ ئەسكىلىكىنى ، نېمىدېگەن قاقاسلىق يەرلەر بۇ ؟ توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان بولدى كىشى !... ۋۇي راست ، بۇنداق يەردە نېمە بولىدۇ ؟ ۋاي بىچارىلەرەي ، بۇ شورلۇقتىن نېمە ئېلىپ ، قانداق جان باقىدۇ ؟ سادىق ، يۇرتىڭىز مۇشۇنداق قاقاسلىقمىتى ؟ گىياھ ئۈنمىسە بۇ يەردە !

ھارۋىكەشنىڭ چىرايى ئۆڭدى . سادىق ئايالىغا ئالىيىپ

قويۇۋىدى ، ئايال سۆزلەشتىن توختىدى . يىراقتىن قارا كۆرۈنۈپ تۇرغان يېزىدىن يېقىملىق ، زىل قوڭغۇراق ئاۋازى كەلمەكتە ئىدى . سادىق ئۇنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىماقتا . ھارۋىكەشمۇ سادىقنى ئاشۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالماي قالمىسۇن دېگەندەك ، ئاتنى ئىلگىرىكىدەك ۋارقىراپ - جارقىراپ ھەيدىمەستىن ، ئۆز مېڭىشىغا قويۇۋەتكەنىدى . ئۇ پات - پات سادىققا يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتىيۇ ، گەپ قىلمايتتى .

— سادىق ، مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن ، ئۇ نېمىنىڭ ئاۋازى ؟ — سادىقنىڭ ئايالىنىڭ ئىچى پۇشۇپ ، يەنە سورىدى .

-- قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى . بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللىدە مەكتەپ يوق ، بىرلا سىنىپ بار ئىدى . ئۇ قوڭغۇراق ئاشۇ سىنىپنىڭ قوڭغۇرىقى . مەن ئاشۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەن...

— ھازىرمۇ ئاشۇ بىرلا سىنىپ بارمۇ ؟

— ياق ، ھازىر چوڭ مەكتەپ بار .

— سىزنىڭ مەھەللىڭىزدىما ؟

— ياق ، سەل نېرىغا كۆچۈپ كەتتى .

— مەكتەپنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئاشۇنداق ئۇزۇن چالامدۇ ؟ خۇددى سارالڭ بولۇپ قالغاندەك...

سادىقنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى :

— ئۇنى بۇرۇن مەن چالغان...

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى . ئېرىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئايال ھەيران قالدى .

— نېمانداق ، چىرايىڭىز بۆلەكچە بولۇپ كەتتىغۇ ؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟...

سادىقنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى :

— ئۇنى ئانام چېلىۋاتىدۇ...

شۇ سۆزنى دېيىشى بىلەنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى .

ئايال خىجىل بولغىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ ، يەرگە

قارىۋالدى . سادىقمۇ ، هارۋىكەشمۇ ئۈندىمەيتتى ، قوڭغۇراق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا چۈشۈلداپ ئاڭلىنىۋاتقان زىل ئاۋازى جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرگەن بىپايان يېزا ئاسمىنىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ، يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى...

هارۋا مەهەللىگە كىرىپ كەلدى . ئېرىق بويىدا سېغىز لايدىن قونچاق ياساپ ئويناۋاتقان باللار ئۇلارغا هەيرانلىق بىلەن تىكىلىشتى . كۈتۈلمىگەندە ئۇلار ئىچىدىن بىرى :

— هەي باللا ، ئاۋۇ هارۋىدىكى ئاچاش هېلىقى ئۆتكەندە كۆرگەن كىنودا چىققان ئاچاش شۇ ! — دېگەنىدى ، باللار شۇئان قولللىرىدىكى لايىنى تاشلاپ ، چۇرقىرىشىپ هارۋىنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى . قوڭغۇراق ئاۋازى مەهەللە ئىچىدە ئاجايىپ سۈزۈك ، مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى . سادىق هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە :

— ئانا ... ئانا ... — دېگىنىچە كىچىك باللاردەك ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى . قوڭغۇراق ئېگىز قېرى ئۈجمىنىڭ شېخىغا ئېسىلغان بولۇپ ، بىر ئايال ئۆگزىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇزۇن ، ئاق تانىسىنى هەدەپ سىلكىمەكتە ئىدى .

— ئاشۇ ئايال سادىقنىڭ ئانىسى هاۋاخان شۇ ، — دېدى هارۋىكەش . سادىقنىڭ ئايالى تېخىمۇ هەيران بولۇپ ، قېيىنانىسىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى . هاۋاخان ئاچىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ياخپايغان ، كىيىملىرىگە هەرخىل قۇراق - لاتا ، شوينا ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئېسىلغان هالەتتە ئىدى . ئۇ نېمىلەرنىدۇر دەپ ، بىردە كۈلۈپ ، بىردە يىغلايتتى . ئۇ سادىقنىڭ ئۆگزىگە چىقىپ ، ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگىنىنىمۇ تۇيمىدى .

— هاۋاخان بەكمۇ ئوبدان ئايال ئىدى ، — دەپ چۈشەندۈردى هارۋىكەش ، — سادىق ئەسكەرلىككە كېتىپ ، ئىككى يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى . هاۋاخان شۇنىڭدىن بېرى تولا يىغلاپ ئېلىشىپ قالدى . كېيىن ... ئۇ خەۋەر يالغان بولۇپ چىقتى . ئەسلىدە سادىق ئېغىر يارىلىنىپ ساقايغانىكەن . ئەمما



www.uyghurkitap.com

ئانىسى ساقايمىدى . سادىق كىچىك چېغىدا ، دائىم سەھەردە ساۋاقداشلىرىنى مەكتەپكە چىللاپ ئاشۇ قوڭغۇراقنى چالاتتى . ھاۋاخان سادىقنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ، ئاشۇ قوڭغۇراق تانىسىغا ئېسىلىپ : «ئاھ ... بالام سادىق ! سەن قەيەردە ؟... قوڭغۇراقنى چالسام ، ئانا دەپ يېنىمغا كېلەرسەنمۇ !... » دەپ يىغلاپ كەتكەندى . كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇنداق بولۇپ قالدى .

ھارۋىكەشنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن سادىقنىڭ ئايالى يۈزىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى...



www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى تەلەپ

كېچىچە ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ چىققان كېسەللەر تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىشقانىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر يىگىتلا ئويغاق ئىدى . يىگىتنىڭ ئامبۇردەك چىڭ قىسىلغان قولىدا مىجىقى چىقىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەز تۇراتتى . ۋىجدانسىزلىق ئىپادىلەنگەن بۇ خەتكە مىختەك قادالغان جۇپ كۆزى غەزەپنىڭ كانىغا ئايلانغان بولۇپ ، كىرپىكلىرى گويا بەتلەپ قويۇلغان ئوقيا ئىدى .

بىردىنلا ئۇنىڭ تېنى شۈركەنگەندەك بولدى ـ دە ، پەسكەش گەپلەر بىلەن ئۆزىنى بۇلغىغان بۇ قەغەزنى تېخى تولۇق كۆرۈپ ئۇلگۇرمىگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ ، پۇرلىشىپ ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتقان قەغەز يۈزىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاۋايلاپ تۈزلەپ ، داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى :

«... بۇنداق دېسەم بەلكىم كېسەل ئازابىڭغا يەنە ئۇستىلەپ ئازاب قوشۇشۇم مۇمكىن...

ھەقىقەتەنمۇ كېلىشكەن ، سۇباتلىق يىگىت ئىدىڭ . ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ ، ھۆسنۈڭگە ھەسسىلەپ ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان سەۋىيەڭ ۋە تىرىشچانلىقىڭ مېنى تەسىرلەندۈرگەنىدى . قىسقىسى ، ئىستىقباللىق يىگىت ئىدىڭ . بىراق ئەمدىلىكتە ئوڭ پۇتۇڭ سۇندى ، بېشىڭ ئېغىر زەخىملەندى . پۇتۇڭدىن يىلىك ئېقىپ كەتكەنلىكتىن كېسىپ تاشلىنىشىنىڭ ئېھتىماللىقى كۆپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكۈر كاللاڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلەلمەسلىكى مۇمكىن . پۇتۇڭ كېسىپ تاشلانسا ئىستىقبالىڭمۇ تۈگىشىدۇ .

كــبلىشكەن قەددىڭگە مەڭگۈ ھاسا تاياق ھەمراھ بولىدۇ . ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكىنىڭ بىلەن ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئىــمــتــىــھــانى تېخى ئالدىڭدا . بۇ پېشكەللىك پۈتكۈل ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىڭنى خام خىيالغا ئايلاندۇردى...

مېنى كەچۈر ، سۈغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆزۈڭ يېرىم ئادەم بولۇپ قېلىشۋاتقان بولساڭمۇ ، بۇنىڭ بەدىلىگە يەنە بىر ھايات قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتى . بۇ ئالىيجاناب روھىڭ بىر مەزگىل كىشىلەرنى تەسىرلەندۇرۇشى مۇمكىن . بىراق...

ئاشۇ كۈنى كىرگىنىمدە يۈز ـ كۆزۈڭ ۋە پۈتۈڭ داكىغا ئورالغان ھالدا ياتقانىكەنسەن . بۇ ھالىتىڭ مېنى بەكمۇ ئۇمىدسىزلەندۈردى . كىرگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ قايتىپ چىقتىم . شۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش ھازىر كۆز ئالدىمغا كەلسىمۇ قورقۇپ شۈركىنىپ كېتىمەن . مانا بۈگۈن بىر ئاز ياخشىلانغانلىقىڭنى ئاڭلاپ بۇ خەتنى كىرگۈزدۇم...

ئەگەر مەردلىكىڭ يەنىلا سۇنمىغان بولسا ، مەندەك ۋاپاسىزنىڭ سۈرىتى ساڭا ئەمدى ھەرگىزمۇ خۇشاللىق بېغىشلىمايدۇ . شۇڭا ، قايتۇرۇپ بېرىشىڭنى ئۆتۈنىمەن . بۇ مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىم بولۇپ قالسۇن .

سالامەتلىكىڭنى تىلەپ :

نۇربىيە

1977 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى »

ھۆرمەتلىك كىتابخان ، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن يىگىتنىڭ ئىسمىنى بىلمەيلا خەۋەر تاپتىڭىز ، بەلكىم تاقەتسىزلىنىۋاتقانسىز ، بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقان بۇ ئىسمىنى مەنلا ئېيتىپ بېرەي . ھېكايىمىزنىڭ قەھرىمانى زۇلپىقار بولۇپ ، تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكتىن بۇ قېتىمقى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئۆتكەنىدى .

شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى ئاجراپ كېتىدىغاندەك زىڭىلداپ

ئاغرىيتتى، كۆز ئالدىدا رەڭگا رەڭ، چوڭ - كىچىك شارچىلار پەيدا بولۇپ، قالايمىقان ئۇچاتتى. ئۇنىڭغا گويا ھەممە نەرسە ۋىجدانسىزلىق بىلەن ھىجىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇم خەۋەرنىڭ ئەلچىسى بولغان ھېلىقى خەتنى ئاللىقاچان تىتىپ تاشلىغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— ھۇ، ۋىجدانسىز... — دەۋەتتى.

بۇ ئېچىنىشلىق، قوپال ئاۋاز تاتلىق ئۇخلاۋاتقان كېسەللەرنى ئويغىتىۋەتكەن بولسا كېرەك، يەنە ئىڭراش باشلاندى.

* * *

زۇلپىقار پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرس تەكرارلاۋاتاتتى. سىنىپ تۇرمۇش ھەيئىتى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى ئېنىق يېزىلمىغان بىر پارچە خەتنى بەردى. ئۇ سەل ھەيرانلىق ئىچىدە كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىرنەچچە پۈكلەنگەن خەتنى ئىتتىك سۇغۇرۇپ ئالدى.

«زۇلپىقار، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشۇڭ ياخشى كېتىپ بارغاندۇ؟ مەكتەپ ھاياتى نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! ئۆز ۋىجدانىمغا مىڭلارچە لەنەت ئوقۇش بىلەن، ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن ھەم ئالدىڭدا چەكسىز خىجىلمەن. مەن بىر ھېلىگەر ئالدامچىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۆز ۋاقتىدا سېنى ئازابلىغانىكەنمەن. مانا ئەمدى تەنتەكلىك ۋە ئەقىلسىزلىقىم تۈپەيلى، پۇشايمان ئوتىدا كۆيۈپ قىلدەك تولغىناماقتىمەن. ھېلىگەر لۈكچەكنىڭ ئۆزىنى دوختۇر دەپ تونۇشتۇرۇشىغا ئالدىنىپ، مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىۋەتكىنىم ئۈچۈن، ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىغا مۇپتىلا بولدۇم... ئەسلىدە ... ئۇ ...

بولدى، كۆپ سۆزلەش ھاجەتسىز. چۈنكى مەندەك بىر ئادەمنىڭ ساڭا بىلجىرلاش سالاھىيىتى يوق. مۇھەببەت ئوقۇمىنى ئەمدى ئۇنتۇشۇم كېرەك ھەم ئۇنتۇشقا مەجبۇرمەن. ئىشلەۋاتقىنىمغا بىر يىل بولغان باسما زاۋۇتى مېنىڭ ئەڭ يېقىن

سىردىشىم ، پۈتۈن ئىشقىمنى شۇنىڭغا بېغىشلىدىم . كېيىنكى ئىستىقبالىمنى شۇنىڭدىن تاپماقچىمەن . بۇ ئەقىدەمگە ھەرگىزمۇ خائىنلىق قىلمايمەن .

زۇلپىقار ، سىز (ئەمدى «سىز» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۈم ) شەرەپلىك ھالدا ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭغاندا ئۆزىنىپ قويۇشنى ئويلىغان بولسامۇ ، جۈرئەت قىلالمىدىم . سىز قۇتقۇزۇۋالغان بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئادرېسىڭىزنى بىلىپ ، كېچىكىپ بولسىمۇ مانا بۇ خەتنى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم .

زۇلپىقار ، ئاڭلىسام مەكتەپ تەسىس قىلغان «يېڭى غۇنچە» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە مۇھەررىرى بولۇپسىز . سىزنى تەبرىكلەيمەن ، سىز ئىستىقباللىق . سىز دائىم «كەلگۈسىدە چوقۇم جۇڭگونىڭ چېخوۋى بولىمەن» دەيتتىڭىزغۇ ! گۈزەل ئارزۇيىڭىز جەزمەن ئىشقا ئاشقۇسى . ئەگەر مۇمكىن بولسا ، يۇقىرىقىلارنىڭ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىڭىز ، چىن مۇھەببەتنىڭ خائىنى بولغان مەندەك بىر قىزنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىنى تەسۋىرلەپ ئەسەر يېزىپ ، ھازىرقى ياشلارنىڭ مۇھەببەتتە مەندەك قىڭغىر كېتىش تۈپەيلى ، بەختسىز بولۇپ قالماسلىقىنى قولغا كەلتۈرسىڭىز . بۇ مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئەڭ ، ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىم بولسۇن . بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ بۇنداق ئاۋارە خەتنى يېزىپ ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن . سىزنىڭ چىن مۇھەببەتنىڭ چولپانى بولۇپ ، مەڭگۈ بەختلىك بولۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن .

تېنىڭىزگە سالامەتلىك ،

ئۆگىنىشىڭىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ :

نۇربىيە

1980 ـ يىل 8 ـ ئاي»

زۇلپىقار قەغەزدىكى رەڭ تاراپ كەتكەن گۈڭگا خەتلەرنىڭ ياش دېغى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى .

1981 ـ يىل 9 ـ ئاي ، مەكىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# بىلەيچى بوۋاي

— بالام ، بىلەي دېگەن پىچاق ، قىڭغىراق ، كەكە ، پالتا بار ئۆيدە لازىم بولىدىغان نەرسە ، بىرەرنى ئېلىپ قويۇڭ...

ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزۈم قىزىقىپ يۈرگەن بۇ بىلەيچى بوۋاينىڭ ئالدىدا بۈگۈن ئەتەي توختاپ ، ئۇنىڭغا يېقىنباشتىن سەپسالدىم .

ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى ، پېشانىسىنى قورۇقلار قاپلىغان ، چاچ ـ ساقاللىرىغىلا ئەمەس ، قاشلىرىغىمۇ ئاق كىرگەندى . ئاق خەسە يەكتەكلىك ، قارا چىبەرقۇت تامبىلىق ، بېشىغا كىيگەن بادام دوپپىسى بوۋاينى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى . ئۇ چىرايلىق ئىشلەنگەن نۇقتا سېلىنىپ ، گىلەم مۆلە بىلەن ياسىداق جابدۇلغان كۆك ئېشەككە يۆلىنىپ تۇراتتى . مۆلەنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە بىلەي سېلىنغانىدى .

— چوڭ دادا قانچە ياشقا كىرگەنلا ؟

— چامىمچە بىر كام توقسانغا كەلدىم ، بالام .

— بۇ بىلەي تاش تاغنىڭ قانداق يېرىدىن چىقىدۇ ؟

خېرىدارسىز زېرىكىپ قالغان بوۋاي مېنىڭ بۇ سوئالىم بىلەن جانلىنىپ كەتتى .

— تاغ دېگەننىڭ بىلەي تاش چىقىدىغان يەرلىرى كۆپ ، ئېگىز چوققىدىنمۇ ، بەل ، تۆپىلەردىنمۇ چىقىدۇ .

— مۇشۇنداق پارچە ـ پارچە بولامدۇ ياكى...

— ئالدىغا تەييار ئۇچرايدىغان گەپ نەدە ، بالام ، بولغا ، تۆمۈر شىنا بىلەن چاقىدىغان گەپ . كۆردىڭىزمۇ ماۋۇ قولنى ، بىر خۇر-جۇن ياڭىقىڭىز بولسا ھەش - پەش دېگۈچە چېقىپ بېرىمەن...

ئۇنىڭ تارمۇشتەك قارىداپ كەتكەن دىقماق قوللىرى قاداق بىلەن تولغانىدى .

— بىر كۇندە مۇشۇنداق بىلەيدىن قانچىنى ياسايسىز ؟

ئۇ ماڭا ھومىيىپ قاراپ قويدى ۋە قولىدىكى تايىقى بىلەن بىلەي سىيلىنغان خۇرجۇننى ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— بۇ سېغىز ئەمەس بالام ، تاش بۇ ، تاش . بىر كۇندە قانچىسى ئەمەس ، قانچە كۇندە بىرنى ياسايسىز دەپ بېقىڭا ، ئېسىمنى بىلگەننىڭياقى ئۆمرۈم مۇشۇ بىلەيچىلىك بىلەن ئۆتتى . بىر كۇندە بىر بىلەي ياساپ باقمىدىم .

— بىرى قانچە پۇل ؟

بوۋاينىڭ چىرايىغا كۇلكە يۇگۇردى .

— ئوخشاش ئەمەس ، چوڭىنىڭ چوڭراق ، كىچىكىنىڭ كىچىكرەك . بۇرۇن خېلى پۇلغا ئالىدىغان ، ھازىر ئەرزان ، ماۋۇ چۇڭى بىر يېرىم كوي ، باھا قويمايمەن ، كىچىكى يېرىم كوي .

مېنىڭ بوۋايغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى . نېمىدېگەن ئېغىر ئەمگەك ، زور بەدەل ، كۆپ ئەجىر ، ئەرزان نەرخ .

— چوڭ دادا ، بالىلىرىڭىز يوقمۇ ؟

— بولمامدىغان ، توققۇز قىزىم ، خۇدا بەرگەن توققۇز كويئوغلۇم بار . ھەممىسى بالا - چاقىلىق .

— ئۇلار سىزگە...

— ھەممىسىنىڭ «ۋاي دادا» دەپ ھالى قالمايدۇ ، بىراق ئاتا كەسپىنى تاشلىغىم كەلمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچىكىمدىن ئىشلەپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن ، بىر كۇن بىكار بولۇپ قالسام كېسەل بولۇپ قالىمەن . دادام رەھمەتلىك «ھاياتلىق ھەرىكەت بىلەن ئاۋات» دەيدىغان . شۇ گەپ راست ئىكەن ، قانداق ، بىرەرنى ئېلىپ قويمامسىز . ئۆزى ئەرزان ، ئۆيدە بىرەرى بولمىسا قەدرى

ئۆتۆلىدىغان نەرسە، پىچىقىڭىز ھەرقانچە بولەن بولسىمۇ گاللىشىدۇ.

مەن چوڭ بىلەيدىن بىرنى قولۇمغا ئېلىپ، پۇلىنى سۇنۇپ بولۇپ توختاپ قالدىم. بوۋايمۇ شۇ ھامان ماڭا تىكىلدى.

— چوڭ دادا، ھەممە بىلىيىڭىز نەچچە چىقار؟

بوۋاي ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويۇپ، ئېشىكىنىڭ قۇلىقىنى سىلىغاچ، خۇشياقمىغان تەرزدە:

— ئون سەككىز، — دېدى.

— ھەممىنى ئۆز نەرخى بويىچە مەن ئالاي.

بوۋاي ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— سىز... سىز ھەممىنى ئالىمەن دېدىڭىزما؟

— ھەئە!

— نېمە قىلىسىز؟

— ...

مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىمىغاچقا، دەرھال جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدىم.

— ئەمدى... بۇلارنى ساتىمەن دەپ سىزنى ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن دەپ.

— بىر ئۆيگە بىرى يېتىدۇ... سىز ھەممىنى ئېلىپ... ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتامسىز!؟ بىرنى ئىشلىتىسىز، قالغىنىنى ئەسكى چالما ئورنىدا... ھىم، مەن بۇنى تاغدىن بىر قونۇپ ئاران ئەكېلىپ، مىڭبىر جاپادا ياسىغان. سىززە، بالام، نېمە ئويلاۋاتىسىز؟... ماڭا ئىچ ئاغرىتقۇچە، ئۆزىڭىزگە ئىچ ئاغرىتىڭ، كۆزىڭىزگە بىچارە كۆرۈنۈۋاتىمەنما؟

بوۋاي قايىنغىنىچە ئېشىكىنى زەردە بىلەن زىخلاپ مېڭىپ كەتتى.

— ئەمىسە ماۋۇ بىرىنىڭ پۇلىنى...

— بولدى، سىزگە بەردىم.

بوۋاي كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن، ئېشىكىنى يېتىلەپ

كېتىۋەردى . سودىمىزنىڭ ئاخىرىغا ئۆلگۆرۆپ كەلگەن بىر
خىزمەتدىشىم :

— ساراڭ قېرىكەنغۇ بۇ ، ئىچ ئاغرىتتىڭ دەپمۇ يامانلامدۇ ؟
تاشقا دەسسەپ يۇرۇۋاتساق ، پۇلغا تاش ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭ ،
پۇلۇڭنى خەجلەپ بولالمىغان بولساڭ ، بىزنى مېھمان قىل .

— ياق ، ئۇ ساراڭ ئەمەس ، — دېدىم مەن ، يىراقلاپ
كېتىۋاتقان بوۋايدىن كۆز ئۈزمەي ، — ئۇ ماڭا تاش ياكى بىلەي
ئەمەس ، بەلكى قىممەتلىك گۆھەر بەردى !

خىزمەتدىشىم بىر قولۇمدىكى بىلەيگە ، بىر ماڭا قاراپ قالدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قېرى قىز

ئۇيان ـ بۇياننىڭ پارىڭىنى سوقۇپ ئولتۇرۇش بىزنىڭ ئادىتىمىز بولۇپ قالدى . بۇ پاراڭلىرىمىز بەزىدە ئورتاق كۆلكىگە ، بەزىدە بەس ـ مۇنازىرىگە سەۋەبچى بولىدۇ . ياشلار قانداق گەپلەرنى قىلىشمايدۇ دەيسىز ؟ ئارىمىزدا بىرقانچە سۆزمەن باركى ، ئۇلارنىڭ ئاغزى سۆزگە ئاجايىپ ئۇستا ، ئۇلار پاراڭنى بىر باشلىسا مەھەللىدىن چىقىپ ئۈرۈمچى ، شاڭخەيدىن ئاتلاپ توكيودا توختايدۇ . بۇ سۆزمەنلەر ئەمەلىيەتتە گەرچە مۇشۇ كونا شەھەرنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتمىگەنلەر بولسىمۇ ، لوندون ، ۋاشىنگتون توغرىسىدا ، يەنە قايسى بىر دۆلەتنىڭ زوڭتۇڭى ئۇستىدىن كۆرگەندەك سۆزلەپ ، ئاشۇ سۆزلىرى بىلەن سىزنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ساياھەت قىلدۇرىدۇ .

بىز ئەنە شۇنداق مەزمۇنلاردا دوقمۇشتىكى ئۇزۇن تاش پەلەمپەيدە سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق . ئالدىمىزدىن ھازىرقى زامانغا لايىق ئاچ يېشىل تار يوپكا ، ئۇزۇن ئەترەڭ پايپاق ، نىلرەڭ كاستۇم ، ئىنچىكە پاشنىلىق ئاق توپلەي كىيگەن ئېگىز ، ئەمما سېمىزرەك بىر قىز «سۇمۇرغ» ماركىلىق ئايالچە ۋېلىسىپىت مىنىپ ئۆتۈپ كەتتى . ۋېلىسىپىت ئارقىسىدىكى گېزىتكە ئورالغان قوي گۆشى مانا مەن دەپ يىرتىقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قاش ـ كۆز دېگەننى ھەر نېمە بىلەن تەرپىلىشىدۇ . بارمۇ دېسە ، مۇشۇ ئايالدا بار . قاراڭ ، مايلاپ پارقىرىتىۋەتكەن چېچىنى ، ئۆزىنىزە

ئەجەب تۇزەيدۇ جۇمۇ ، كاساپەت !…
— قاراڭلار ، ماۋۇ قېرى قىزنىڭ ھالىنى ، شۇنچە ئۆزىنى ياسىغىنىغا ياكى ئەر ئالمىدى ، — يېنىمىزدا ئولتۇرغان ئۆچكە تۇمشۇق ئاداش ئارىمىزدىكى جىملىقنى بۇزدى .
— بىر كىم ئالاي دېمىسە ، ئۆيىگە بېرىۋېلىشىڭنىڭ ئورنى بارمىدى ؟ — دېدى يەنە بىر پاناقراق ئاداش .
— يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگىلى يەتتە يىل بولۇپ قالدى . قېنى ، ھېسابلاپ كۆرەيلى ، — پاناق ئاغىنە خىرتىلداپ كالتا ، دىقماق بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېسابقا كىرىشىپ كەتتى . مەسىلەن ، ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەن چاغدا يىگىرمە بەش ياشتا دېسەك ، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە يىلنى قوشقاندا ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ، گەپ يوق ئوتتۇز ياش دېگەن سۆز .
— گەپ يوق ! مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە قېرى قىز ، — دېدى گازىر كۆز ئاغىنە قولىنى شىلتىپ ، — يائاللا… بىر قىزنىڭ ئوتتۇز ئىككى ياشقىچە ئەرگە تەگمەي قىز پېتى تۇرۇشىنى ئەمدى خۇدا ئۆزى بىلمىسە ، مەخلۇق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ . بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار !
گازىر كۆز ئاغىنە ھەممىمىزگە سىرلىق بىر قاراپ قويدى .
— ناھايىتى ئەخمەق سۆزلەيدىكەنسىلەر باللار ، شۇنچە گۈزەل - كېلىشكەن قىزنى ئەر ئالمامدا ؟ ئالمىسا دەۋاتقىنىنى تېخى ، — دېدى ئارىمىزدىن بىرى .
— ئەمىسە ، قېرى قىز بولۇپ ھازىرغىچە ئولتۇراتتىمۇ ؟ بەك ئىچىڭ كۆيگەن بولسا خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتىپ ، سەن بىر ئېلىپ قويمامسەن ؟ مائاشى يۇقىرى ، سېنى ئوبدان باقىدۇ…
ھەممىمىز كۈلۈشۈپ تېلىقىپ كەتتۇق . يېنىمدا ئولتۇرغان بىچارە گەپ قىستۇرغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ، ئىزا ئارىلاش بىزگە ئەگىشىپ ھىجايدى .
— ھەي باللا ، سىلەر بىلمەيدىكەنسىلەر ، ئۇ دېگەنچۇ ، يەر تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان ناھايىتى يامان قېرى قىزمىش .

كىچىسى ئۆيدىن گۈدۈ ـ گۈدۈڭ گەپ ئۇزۇلمەي ، چىرىغى ئۆچمەيمىش . ئۇ دىگەن ئەرگە تەگمىگەن بىلەن كىم بىلەن كۆڭلى خۇش بولسا شۇنىڭ بىلەن... ھىم... مائاشى يۇقىرى ، — دىدى كالپۇكى دوردىيىپ تۇرىدىغان بىرەيلەن تىلىنى چىقىرىپ .

— قاراڭلارچۇ ، شۇنداق بولسىمۇ زادى بىرەر كىم مۇشۇ ئايال ئۇچۇن دو چىقىمىغانمىدۇ ؟ — دىدى گازىر كۆز ياقىسىنى چىشلەپ .

— دو چىقتى ، ئالاي دىدى ، — بىر چىقىر كۆز ئاداش ئاۋازىنى ئالا ـ تاغىل قويۇپ بەردى ، — بۇ قىرى قىز ئىززىتىنى بىلمەيدىكەن . بىزنىڭ يىڭىدىن سايلانغان ياش مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئايالى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كىتىپتىكەن . ئالاي دەپ كىشى قويسا ، بىرمۇنچە شەرتلەر بىلەن رەت قىلىپتىمىش .

چىقىر كۆزنىڭ گىپى تۈگە ـ تۈگمەيلا دورداي كالپۇك ۋارقىراپ ، قاغاپ ، قايناپ كەتتى :

— راستتىنلا ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ئەقىلسىزكەن . راسا يەردىن لايىق چىقىپتىكەن ، دوپپىسىنى ئاسمانغا ئىتىپ ، جان بوۋىكام دەپ تەگمەي ، قاراڭ...

— ھەي ، خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق ـ تە ، — دىدى قاڭشارلىق كاداڭ بىرى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، كىمنىڭ شۇنداق بولىۋالغۇسى بار ئاغىنىلەر ، ئۇ بىچارە ئاشۇنداق ياسىنىپ يۈرگىنى بىلەن دەردى يامانكەن . ئۇنىڭ دەردىگە مۇشۇ ئولتۇرغانلاردىن ھىچقايسىمىز ياماقچە بولالمايمىز دەڭلا .

ھەممىمىز بويىنىمىزنى سوزۇشۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدۇق . قاڭشارلىق ئاداش سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئۇ بىچارىنىڭ ئەركەك ئالۋاستىسى باركەن ! — چىقىر كۆزنىڭ كۆزى ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كەتتى .

— شۇنداق ، — دىدى قاڭشارلىق ئاداش سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئەركەك ئالۋاستى ئۆز قوۋمىگە ئىلىپ كەتكەندىكىن ئەرگە تىگەلمەيدۇ .

ئۇنىڭ گىپىگە تىڭىمىز سوكۇت قىلىپ قاراپ تۇرۇشتۇق ،



www.uyghurkitap.com

تېگىمىز ئىشەندۇق ، ئاز بىر قىسمىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق .
يۈزىنى سۈس سەپكۈن باسقان بىر ئاداش سۆز ئالدى :
— بۇنىڭ گېپى توغرا بولسا كېرەك . قېرى قىز ئاجايىپ غەلىتىمىش ، ئۆيىدە بىر مۇنچە بوتۇلكىلار بارمىش . شۇنىڭغا قاراپ بەزىدە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، سەكرەپ ، ناخشا توۋلاپ ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۇسسۇل ئويناپ كېتەرمىش . بەزىدە يەنە شۇ بوتۇلكىلارغا قاراپ قوللىرىنى چىشلەپ ، چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپ كېتەرمىش . بۇنداق چاغلاردا ئۇ تاماق يېمەي بىر - ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالارمىش ، شۇڭا ئالۋاستى بارلىقى راست بولۇشى مۇمكىن .
شــۇ ئاردا مىجەزى چۇس ئاتېئىزمچى بىر ئاغىنە سەكرەپ كەتتى :
— ماڭاۋا ئاداش ، نەدە مۇقامدا يوق گەپ بولسا سېنىڭ جىن يالىۋالغان ئاغزىڭدىن چىقىدىكەن . ئالۋاستىنى سەن كۆرگەنمۇ ؟ بۇنداق گەپلەرگە ساڭا ئوخشاش سايىسىگە چوقۇنىدىغان نان قېپىلار ئىشىنىدۇ !
سەپكۈن يۈزلۈكنىڭ تازا ئاچچىقى تۇتتى ۋە سەكرەپ تۇرۇپ :
— نېمە ئادەم تىللايسەن ؟ — دەپ گۈركىرىدى .
چــۇس مــىجــەز ئــاغــىــنــىــمــۇ ئــۇنىڭدىن ئارتۇق سەكرەپ ھۆركىرىدى .
ھــەم ، قاراپ تۇرۇڭ ، ماۋۇ تاماشىنى كۆرگىلى كۆزىڭىز ئازلىق قىلىدۇ . ھېلى مۇشتلىشىدۇ ، مانا ، مانا ، ھەي ، ھەي ، يەنە توسۇپ قويماي كۆڭلى تىنمىدى - دە ، ئاغىنىلەرنىڭ .
— ھەي باللار ، ئۇنىمۇ دېيىشتۇق ، بۇنىمۇ دېيىشتۇق ، — دەپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى گازىر كۆز ، — قېرى قىز نېمىلا بولمىسۇن قولىنى يۇيۇپ تاماق يەيدۇ . ساۋابلىق ئۈچۈن بــولسىمۇ «قېرى قىز» دەپ ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان مۇشۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدە بىر مېھمان بولۇپ قويمايلىمۇ ؟ ! ھەم قېرى قىز خۇش بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن !
بۇ گەپكە خېلى كۆپلىرىمىز قوشۇلدۇق . شۇ چاغدا چېقىر كۆز

www.uyghurkitap.com

مەيدىسىگە مۇشتلاپ :

— خوتۇنىڭدىن قورقمايدىغانلىرىڭ بولساڭ بىز بىلەن مېڭىش ! — دېدى . بىز خېلى كۆپلىرىمىز بۇ سۆزگە ئاۋاز قوشۇپ ماڭدۇق . (خوتۇن ئالمىغانلىرىمىزمۇ بار ، ئەلۋەتتە ) بۇ چاغدا خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ ، كىنومۇ باشلىنىپ بولغانىدى . بىز دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە كىرىپ ، ئۇدۇل قېرى قىزنىڭ ياتىقىغا يېقىنلاشتۇق . دېرىزىدىن چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى . دېرىزىگە توق ھاۋا رەڭ پەردە تارتىلغانلىقتىن ، ئۆي ئىچىنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ھەممىمىز دېرىزە تۈۋىگە تىۋىشسىز كېلىپ ، ئۆي ئىچىنى تىڭشىدۇق . بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن قېرى قىزنىڭ غەلىتە سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئەنە ئالۋاستى بىلەن مۇڭدىشىۋاتىدۇ ، — دېدى سەپكۈن يۈزلۈك ئاداش .

— ياق ، بەكرەك تىڭشاڭلار ، بىرى بىلەن قىچقىلىشىۋاتىدۇ… گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى… ھە ، ئالدى بىلەن پاقلان گۆشىدە مېھمان قىلىپ ، ئاندىن ھى… ھى… ھى… ھى…

گازىر كۆزنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھەممىسى ئاۋازىنى يوشۇرالماي كۈلۈشۈپ خىرىتلىدىشىپ كەتتى . شۇئان ئۆي ئىچىدىكى ھېلىقى غەلىتە ئاۋاز يوقاپ ، ئىشىك «تاراق» قىلىپ ئېچىلىپ قېرى قىز ئىشىكتە پەيدا بولدى . ھەممىمىز قېتىپلا تۇرۇپ قالدۇق .

— بۇ يەردە تۇرغىنىڭلار نېمىسى ؟ قېنى ئۆيگە كىرىڭلار !— دېدى قېرى قىز كۈلۈمسىرەپ .

بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن كۆز قىسىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردۇق . ئايھاي… كۆرۈڭ كارامەتنى ، ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ھەممىسى قاتار تىزىۋېتىلگەن چوڭ ـ كىچىك ئەينەك بوتۇلكا ، چوڭى چايداندەك ، كىچىكى ئادەتتىكى دورا قۇتىسىدەك بار . ئىچىدە ساپلا سۇ ، قۇم ، شور توپا ۋە باشقا ھەرخىل رەڭدىكى سۇيۇقلۇق . دېرىزىنىڭ ئوڭ ، سول تەرەپلىرىدە لىق كىتاب قاچىلانغان جازا . دېرىزە ئۇدۇلىغا بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە

تېلېۋىزور ۋە بىر ئۇنئالغۇ تۇراتتى. ئىشىك كەينىدىكى تۈك ئۇچىقىغا كورا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كەلمەكتە ئىدى.

— مېنى يوقلاپ كىرگىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى قېرى قىز بىزنىڭ كارىۋاتقا سىغدىلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزدىن خىجىل بولۇپ.

— تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسىگە ساپلا بوتۇلكا بىلەن كىتاب ئاپتۇ بۇ خېنىم. قانداق گەپ بۇ، مېنىڭ كۆرۈپلا بېشىم قېيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى گازىر كۆز قۇلىقىمغا.

— سىلەرنىڭ كىرىشىڭلارنى بىلگەن بولسام ئۇبدانىراق تاماق قىلغان بولاركەنمەن. ئۆزۈم ئۈچۈن ئازراق شورپا قىلغانىدىم. بۇ ئازلىق قىلىدۇ، گۆشنىڭ ھەممىسىنى سالاي، ئون مىنۇتتا پىشىدۇ. خاپا بولمايسىلەر، — دېدى قېرى قىز.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇنى شۇنچە گۈزەل كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك ئۆڭى، جىنەستىدەك پارقىراق لېۋى ۋە قاپقارا، بۇلاقتەك كۆزلىرى ئۈستىدىكى ئىنچىكە قىيما قېشى ئىدى.

— ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، ئەستا، — دېدى چېقىر كۆز بىزگە كۆز يۇمۇشلاپ.

— ئەرزىمەيدۇ، — دېدى قېرى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ بىزگە گەپ قىلغاچ گۆشنى پارچىلاپ سېلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا دورداي كالپۇك ئاغىنە:

— بايا... خېنىم ... بايا ياتىقىڭىزدىن ...

— بايا ياتىقىڭىزدىن غەلىتە ئاۋاز چىقىۋىدى دېمەكچىغۇ سىز؟

قېرى قىز نېمىدېگەن سەزگۈر ـ ھە! دورداي كالپۇك پىچىرلاپ ھىجايدى.

قېرى قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەر كۈنى كەچتە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىمەن. باياتىنمۇ

ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتىم .

ئۇ ئۇنئالغۇنى قويۇپ بەردى . ئۇنئالغۇدىن ئادەم چۈشەنگۈسىز غەلىتە ئاۋاز چىققىلى تۇردى .

بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قېتىپ قالدۇق . ئۇ بىزگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن :

— ياتقىم تارچىلىق بولۇپ قالدى . ئەيىبلىمەسلىكىڭلارنى سورايمەن ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ .

شۇ چاغدا چېقىر كۆز ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بىز ، ھە... بىر ئىشنى سورىسام كۆڭلىڭىزگە كېلەرمۇ ؟

— سوراڭ . خاتىرجەم سوراۋېرىڭ ، — دېدى قېرى قىز چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن .

— ھە... ھىم ، — چېقىر كۆز دۇدۇقلاپ گېلىنى قىرىشقا باشلىدى ، شۇئان گازىر كۆز ئۇنىڭغا جۈرئەت بېرىپ ، نوقۇپ ھومىيىپ قويدى .

— ھە... ئەمىسە سورىۋېتىم . سىزنى جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر قېرى قىز دەيدىكەن... ھىم ، — ئۇ دۇدۇقلاپ گەدىنىنى قاشلىدى . قىز ۋىللىدە بىر قىزاردى ـ دە ، قولياغلىقى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈمسىرىدى .

— بۇ سۆزنى مەن يامان دېمەيمەن . مەن راستتىنلا قېرى قىز ئەمەسمۇ ؟ بۇ يىل ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىردىم . سىزنىڭ سورىماقچى بولغىنىڭىز مېنىڭ يېشىممىدى ؟

— ھە... ئە... ئە ، — چېقىر كۆز ئۆكۈپ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ئولتۇرۇپ قالدى .

قېرى قىز سۆزىنى داۋام قىلدى :

— يالغۇز يېشىملا ئەمەستۇ ؟ — دېدى قىز چېقىر كۆزگە يالت قىلىپ بىر قاراپ قويۇپ ، — سىزگە نېمىشقا لايىق چىقمىدى دەپ سورارسىز بەلكىم ؟

بىز ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق ، قىز

بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ بىز ئۈچۈن يېڭىلىق!

— قىز ئىكەنلىكىم راست، قېرىلىقىممۇ راست، لايىق چىقمىغانلىقىمۇ راست، — دېدى قىز خۇددى ئۆزىنى ئاقلاۋاتقاندەك تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن مەن بۇلارنى ھاقارەت دەپ تونۇمايمەن. سەۋەبى، بۇ بىر نورمال ئىش. ماڭا نورمال ئىش بولۇپ تۇيۇلغان ئىشلار بەزى ئادەملىرىمىزگە مېنىڭ ئەيىبىم بولۇپ تۇيۇلماقتا. ئۇلار نېمىشقا شۇنداق بولىدىغاندۇ؟ دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوراپ باقمايدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ نادانلىقى مانا مۇشۇ يەردە. سىز ئايالىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېسابلايسىز، بەلكى سىزنىڭ ھاياتتىن ئالىدىغان لەززىتىڭىز ئايال ۋە بالا بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىرى ھايات لەززىتىنى ئۆز ئەمگىكىدىن ئىزلىسە، بىزنىڭ بۇ ئادەملىرىمىزگە يات ۋە مەسخىرىلىك تۇيۇلىدۇ! ئىنسان ياشايدىكەن — غايە بىلەن ياشىغىنى تۈزۈك. غايە ئۈچۈن شەخسىي راھەتتىن ۋاز كېچىشنى مەسخىرە قىلساق، بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك!

ھاياجانلانغانلىقتىنمىكىن ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

ھەربىر سۆزى قەلبىمنى چىرمىۋالغان نادانلىق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىماقتا. سۆزلەۋاتقان بىر ئايال ـ ھە؟!

— سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە ئېيتقاندا، مەن جەمئىيەتتىكى باشقا قىزلاردەك ياشلىقىمدا ياخشى جۈپتىن بىرنى تېپىپ بەختلىك بولمىدىم. بىراق، مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. مەن ياش چېغىمدىلا خەلقىم ئۈچۈن ئازغىنا بولسىمۇ تۆھپە قوشاي، دېگەن غايىگە ئىگە بولدۇم. شۇ غايە ئۈچۈن تىرىشقىنىمدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن.

ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئاۋازى تىترەپ پەسىيىپ باراتتى. ئەمما سۆزىنىڭ سالمىقى ئېغىر ئىدى. ئۇ تىزىقلىق بوتۇلكىلار ئىچىدىن بىر كىچىك بوتۇلكىنى ئېلىپ بىزگە كۆرسەتتى:

— كۆردۈڭلارمۇ، مانا بۇ مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۇندۇرگەن

ئالاھىدە سورتلۇق كېۋەز ئۈندۈرمىسى . مەن كۆزگە ئاران كۆرۈنىدىغان مۇشۇ ئۈندۈرمە بىلەن بەزىدە خۇشال ـ خۇرام سۆزلىشىمەن ، قاقاقلاپ كۈلىمەن . ئۈندۈرمىنى گويا ئانا ئۆز بوۋىقىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىپ ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن . بەزىدە مۇشۇ ئۈندۈرمە نابۇت بولغاندا ئۈن سېلىپ يىغلايمەن . مېنىڭ خۇشاللىقىممۇ ، خاپىلىقىممۇ مۇشۇ بوتۇلكىلاردا . سىلەردەك دېرىزە مارايدىغانلار ماڭا «ئالۋاستى» چاپلاشقان دەپ بەتنام قىلىشتى ، بۇ قانداق كۈلكىلىك ـ ھە ؟ !...

ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆز چاناقلىرى سىمابتەك ياش بىلەن تولدى . مەن بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ ، بۇرنۇم ئېچىشقان ھالدا ھەمراھلىرىمغا قارىدىم . ئۇلارنىڭمۇ بېشى چۈشكەن بولۇپ ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپتۇ .

مەن ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم . بىر ئايالدا بار ئىرادە ، چىدام ، ئىشەنچ ، غەيرەت مەندە بارمۇ ؟ مەن ئۆزۈمنى ئەر دەپ يۈرىمەن ـ ھە ؟

ئۇ سۆزىنى ئاستا داۋام قىلدى :

— مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاتا ـ ئانام مېنى توي قىلىشقا قىستىدى . مەن قەتئىي رەت قىلدىم . ماڭا ياخشى ـ يامان سۆز قىلىپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن ، چىداش قىيىن بولغان بېسىملارنى ئىشلەتتى . لېكىن مەن چىشىمنى چىڭ چىشلەپ بەرداشلىق بەردىم . ھەتتا مېنى ئالداپ ، ئۆيگە ئاپىرىپ «ئەركەك ئالۋاستىسى بار» دەپ باغلاپ ، ئاغزىمنى تېڭىپ باخشىلارغا ئوقۇتتى ، پېرە ئويناتتى . ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرى پەقەت ئاۋارىچىلىك بولدى ، خالاس . ئاخىر ئاتا ـ ئانام مەندىن كەچتى . مانا ھازىر بەش يىل بولۇپ توپتوغرا ئون يەتتە كۈن ئاشتى ، ئاتا ـ ئانام بىلەن دىدارلاشمىدىم . نۇرغۇن ھېيت ـ بايراملار ئۆتتى ، ماڭىمۇ ئوخشاشلا بۇ كۈنلەر ئۆتتى...

ئۇ سۆزلەۋاتاتتى ، بىر پىكاپ سىگنال بېرىپ ئىشىك تۈۋىدىلا

توختىدى . قىزىل قىز ھودۇقىنىدىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشكە ئاران ئۈلگۈردى . ئىشىك ئېچىلىپ بىر كىشى كىرىپ كەلدى . ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم ھەيدەر ئىدى . بىز ھودۇقىنىمىزدىن شۇمشۇيۇپلا قالدۇق . ئۇ خۇشال كىرىپ ، بىزگە ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن :

— ئولتۇرۇڭلار ، يىگىتلەر ، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ ؟— دەپ ئولتۇرۇش ئىشارىسى بەردى ۋە قىزىل قىزغا بۇرۇلۇپ ، — يىغىن بىلەن بولۇپ سەل كېچىككەن بولساممۇ سىزنى تەبرىكلەيمەن ، مەلىكە ، — دېدى .

شۇ چاغدىلا بىز «قىزىل قىز» نىڭ ئىسمىنىڭ مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق . مەلىكەنىڭ يۈزلىرى قىپقىزىل توغاچتەك بولۇپ كەتتى ، ئۇ تەمتىرەپلا قالدى .

— قاراڭ ! — ھاكىم قولىدىكى كۆك تاشلىق بىر كىتابنى مەلىكەگە بەردى . مەلىكە كىتابنى قولىغا ئېلىپ كۆزىدىن مونچاقتەك قۇيۇلۇۋاتقان ياش بىلەن تەڭ كۈلۈمسىرىدى . ئۇ قولىدىكى كىتابقا بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن :

— ئاخىر نەشردىن چىقىپتۇ ـ دە ، بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ؟ — دەپ پىچىرلىدى .

ئۇ كىتابنى بىزگە سۇندى . كىتابنىڭ ئۈستىدە «تۇپراقشۇناسلىق ھەققىدە» دېگەن چىرايلىق ھۆسنخەت تۇراتتى .

— سىز يازغان كىتاب ؟...

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى .

ھاكىم مەلىكەگە يەنە بىر ۋاراق قەغەزنى سۇندى ۋە :

— ئەتىلا يولغا چىقىشىڭىز كېرەك ، ئاپتونوم رايوندا ئېچىلىدىغان تۇپراق تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ كەپتۇ . لېكسىيە سۆزلەيسىز !

مەلىكە ھاياجان ئىچىدە مۇئاۋىن ھاكىم ھەيدەرنىڭ كۆزىگە تۇنجى قېتىم چوڭقۇر تىكىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ئوغلىنىڭ سۆيگىنى

ئىدارە باشلىقى ئېزىزغا بىر پارچە خەت كەلدى، ئۇ خەتنى ئاچماي تۇرۇپ ئەجەبلىنىپ قالدى، خەتنىڭ ئادرېسى ئوغلى ئوقۇۋاتقان مەكتەپ بولغىنى بىلەن ئىمزا ئۇزۇندىن بېرى خەت كەلمىگەن ئوغلىنىڭ بولماستىن، ناتونۇش بىر ئايالنىڭ ئىدى. ئۇ بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «باشقا بىرىگە كەلگەن خەت بولغىيمىدى؟ ياق، بۇ ئىدارىدە مەندىن باشقا ئېزىز بولمىسا، بۇ قانداقسىگە...» ئۇ خەتنى يېزىق ئۇستىلىگە تاشلاپ قويدى. تاشلاپ بولۇپلا كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇت بىر ئەندىشىلىك خىيال كىردى-دە، خەتنى دەرھال ئېلىپ ئاچتى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئېزىز باشلىق، بۇ سالامنى پەقەت سىلى ئىلگىرى مۇئەللىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈنلا بەردىم. ئۆزۈم بىر ئەقلى تۇشمىغان تەنتەك قىزمەن، شۇنداقتىمۇ مۇئەللىمىمنىڭ تەربىيىسىدە ئالىي مەكتەپكە كىلىپ ئوقۇشتەك شەرەپكە ئىگە بولالىغىنىم ئۈچۈن قەلبىمدىكى ھۆرمەت تۆرىگە ئاتا- ئانام بىلەن مۇئەللىمىمنى تىزىمەن. ئەگەر سىلى ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى بولمىغان بولسىلا ئىدى، بۇ خەتنى يېزىشنى بىمۇزە ئاۋارىچىلىك، دەپ قارىغان بولاتتىم.

ئېزىز باشلىق (سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئەمەللىرىنى تىلغا ئېلىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ)، مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرسام، ئىسمىم چىمەنگۈل، بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىردىم. چىرايىم ۋاي

دېگۈدەك بولمىسىمۇ، بويۇمنىڭ زىلۋالىقى ھەممىگە ئايان، ئۆزۈم شوخ، شوخلۇقۇم بەزىدە ئارتۇقچىلىقتەك تۇيۇلىدۇ، بەزىدە ئۆزۈمنى پۇشايمان قىلدۇرىدۇ. يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام مەن سەت ئادەمنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىمەن. ئەمما، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى رۇستەم مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك چىرايلىق يىگىت بولۇپتۇ (يۈزۈم قىزىرىۋاتىدۇ)، مەن ئۇنىڭدىن: «دادىڭىزغا ئوخشامسىز، ئاپىڭىزغىمۇ؟»، دەپ سورىسام، «دادامغا» دېدى. مەن سىلىنى رۇستەمدىنمۇ كېلىشكەن ئادەم بولسا كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇ خىيالىمغا سىڭىپ كىردى. چۈچۈدۈم، ئۇنى خىيالىمدىن ھەيدەپ چىقاردىم (ئەسلى ئۇنداق قىلالماپتىكەنمەن). ئەمما، كېيىنچە ئۇ سايىدەك بىپەرۋالىغاندا ئۆزۈمنى بېسىۋالالمىدىم، كۆڭلۈمدىكىنى تۇيدۇرۇپ قويدۇممىكىن دېسەم، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا قاپىقىمنى ئېچىپ باققان ئەمەس. ئاخىر ئۇ تۇرمۇشۇمغا سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، مەن ئۇنى ھەيدەپ چىقىرالمىدىم. يۈرەك قەپىسىمگە سولاقلىق سىرلىرىم ھەرقانچە يوشۇرسامىمۇ، ئاشكارىلانماي قالمىدى. بىز ۋەدىلەشتۇق، قەسەم ئىچىشتۇق. ئەمما، مەن ئالدىنئالا «ئۆيىڭىزدىكىلەر قوشۇلامدۇ؟ ئاۋۋال شۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىڭ» دېگەن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇ: «دادام قوشۇلسىلا، ئاپام مېنىڭ گېپىمنى يەرمايدۇ، مەن خەت يېزىپ سوراي» دېدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ سىلىنىڭ خەتلىرىنى كۆرسىتىپ، خۇشاللىقىدىن مېنى مىجىقلاپ كەتتى: «دادام قوشۇلۇپتۇ، ئۆزۈڭ تاللىغاننى مەن رەت قىلمايمەن، دەپتۇ» دېدى. خەتنى كۆردۈم، راستتىنلا شۇنداق، مەن ھاياجانلانغىنىمدىن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. «ئاھ، نېمىدېگەن ئوبدان دادا...»، مەن كۆڭلۈمدىكى يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن، ئۆزۈمنى جاھاندىكى بەختلىك قىزلار بىلەن سېلىشتۇردۇم. قىزلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەختنى بىلمەيمەن. بىز ئىككىمىز ئاشىق ـ مەشۇقلار يەتمەكچى بولغان

www.uyghurkitap.com

ھەممە ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزگە يەتتۇق. مەن كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىمۇ ھازىرقى ھاياتىمدەك تاتلىق ئەمەس ئىدى...

ئەمما، ئەمدى نېمىنى دەي، ئۇ مېنى بىر يېرىم يىل ئەللىيلەتكەندىن كېيىن، بۇ شېرىن چۈشۈمنى بۇزۇۋەتتى. قېنى مەن ئويلىغان بەختلىك ئائىلە؟ مەن ئارزۇ قىلغان دادىسىدەك چىرايلىق بوۋاق؟... ئۇ، مېنى تاشلىۋەتتى. باشقا بىر سەتنى (ئۇ قىز ئەمەلىيەتتە چىرايلىق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆزۈمگە ئالۋاستى كۆرۈندۇ) تېپىۋالدى. مەن راستىنلا چىدىيالمىدىم، مەندە ھازىر توي قىلمىغان ئاتاقلا قالغانىدى. قېنى مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىم؟ قېنى بۇرۇنقى غۇبارسىز چاغلىرىم؟...

مەن ئۇنىڭغا ئېسىلدىم. «نېمە دەپ مېنى داغدا قويىسەن؟» دەپ سوراققا تارتتىم. شۇ چاغدا ئۇ سىلىنىڭ خەتلىرىنى كۆرسەتتى. «ئوغلۇم بولىدىغان بولساڭ، باشقا يۇرتلۇق پەرىزات بولسىمۇ قوي، ئۆز يۇرتلۇقۇڭنى تاپ، ياقا يۇرتقا خوتۇن يەرلىكى قىلىپ بەرمەيمەن. گېپىمنى ئاڭلىمساڭ دادام بار، دەپ ئويلىما!...»

ئاھ... نېمىدېگەن بىمەنە، قەبىھ سۆزلەر بۇ ـ ھە؟! مۇئەللىم ۋاقىتلىرىدا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى قوللاپ، شۇنچە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تولغان خەتنى يازىلا، ئەمەلدار بولۇپلا ئەجەب قوپال سۆزلەشنى ئۆگىنىپلىغۇ؟ مېنىڭ ھازىرقى ئەمەلدارلىرىمىزغا قارىتا ئىككى خىل ھېسسىياتىم بار: بىرى، ئۇلار ئەمەل تۇتۇشتىن بۇرۇن پىلە قۇرتىدەك يۇمشاق بولىدۇ، ئەمەلنى قولىغا ئېلىپلا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەمەلدارلارنىڭ خۇيىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ياكى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. يەنە بىرى، ئەمەل تۇتقان ھامان يۇرتۋازلىق كېسىلى باش كۆتۈرىدۇ. ئالدىنقىسىدىن كېيىنكىسى شۇنچىلىك قەبىھكى، مەن ئۇنى كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ رەزىل نەرسە ھېسابلايمەن. ئويلىسىلا، مەن قايسى يۇرتلۇقكەنمەن؟ ئوغۇللىرىغا نېمىنى دەۋەت قىلىۋاتىلا؟ دەسلەپتە دادا ـ بالا ئىككىڭلارغا مەن كېرەك بولغانىدىم. ئەمدى يۇرت كېرەك بولۇپ قالدىمۇ؟!...

بىز 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرى، يۇرتۋازلىقتەك بۇنداق

نادان، جاھىل ھېسسىياتنىڭ سىلەر بىلەن بىرگە گۆرگە كىرىپ كېتىشىنى خالايمىز. بۇنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كېتىپ، يەنە بىزنى نېمە قىلماقچى؟...

مەن سىلىگە ھال ئېيتىپ يىغلاۋاتمايمەن، ئوغۇللىرىدا مەن كۈتكەن مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم. ئۇنىڭدا ئەمدى مەن ھەۋەس قىلغۇدەك ھېچ نەرسە يوق. مەن مۇھەببەتنى شۇنچىلىك قەدىرلىك ھېسابلايمەنكى، ئۇ ۋاقتى كەلگەندە ئاتا - ئانىنىڭ سۆزىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىنمۇ تاندۇرىدۇ. مەن دەل ئەنە شۇ يولدا — ئاتا - ئانامنىڭ سۆزىدىن كېچىپ، ئۆزىدىن كېچىشكە قاراپ ماڭغانىدىم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى چۈشەندىم. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىگە ئىشەنمەي، ھامان گۇمان ئىچىدە ياشايدىغاندۇ، دەپ ھەيران قالماسلىقنىڭ لازىملىقىنى بىلدىم.

مەن سىلىدىن ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرىنى تىلىمەيمەن. ماڭا خەير - سەدىقە ئورنىدىكى مۇھەببەتنىڭ بېشىمدىن يۇلۇنغان بىر تال ئۆلۈك چاچتەكلا قىلچە كېرىكى يوق. مەن ھازىر پەقەت دادا - بالا ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، بولۇپمۇ سىلىدەك ئاشۇ ئوغۇلغا دادا بولغۇچىنىڭ مۇھەببەتنى چۈشەنمەي، مۇشۇ ياشقىچە ياشىغانلىقلىرىغا ئېچىنىمەن.

خەير، چىمەنگۈل»

ئىدارە باشلىقى ئېزىز ئاق ئارىلىغان قويۇق ساقاللىق ئېڭەكلىرىنى تاتىلاپ، ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ھەي رۇستەم، ھەي رۇستەم، — دەيتتى ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — ئوينىغان كومېدىيەڭ نېمانچە تەسىرلىك، داداڭغا تەقسىم قىلىنغان رول تېخىمۇ قالتىس بولۇپتۇ. مۇشۇ خىل ئادەملەر تىلغا ئېلىنىسىلا كىشىلەرنىڭ ئېسىگە دەرھال مەن كەلگۈدەك دەرىجىدە بولۇپتۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىنسان

ئاپتوبۇس ئۆزۈن ئاسفالت يولىدا چايقالسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بىر خىل ئىلگىرىلىمەكتە. ياندىش ئورۇندۇقتا ئارىلىقتىكى كىچىككىنە تارچۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېقىن ياندىشىپ ئىككى ياش ئولتۇرىدۇ.

ئوڭ تەرەپتىكىسى بېشىغا قارا سوكنا شەپكە، ئۇچىسىغا قارا دۇراپتىن پەلتو كىيگەن، ئوتتۇرا بويىغا مايىل، سېرىق يۈزىنى مۇدۇر - چوقۇر قاپلىغان يىگىت بولۇپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. باياتىن ھېلىقى ئاپتوبۇس بېلىتى ئېلىشقا تۆت يۈەن پۇلى كەملەپ قالغان ناتونۇش كېسەلمەن مومايغا بەرگەن تۆت يۈەن پۇل توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقان بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى، ئۇنىڭ يانچۇقىدا ھازىر بار پۇلى بەش يۈەن. ئۇ يەنە ئىككى كېچە يولدا قونسا، ياتاق پۇلىغا تۆت يۈەن كېتىدۇ. بىر يۈەن ئىككى كۈندە ئەڭ ئەرزان تاماقتىن ئىككى قېتىم غىزالىنىشقا كېتىدۇ. بولدى، ياش ئادەم ئۈنچىلىك ئىشقا چىدار - ھە، توختا، كېسەلمەن مومايچۇ؟ ئۇ بېلەت ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىقالىغان بىلەن ئىككى كۈنگىچە ياتاق، تاماقنى قانداق قىلىدۇ؟ توغرا، ئىككى كۈنلۈك ياتىقى ئۈچۈن تۆت يۈەن ئىشلەتسەم، مەن ياش بولغاندىكىن، ئىككى كېچىلىككە بىر نەرسە بولۇپ كەتمەسمەن. قالغان بىر يۈەنگە ئىككى مولۇق ناندىن بەشى كېلىدۇ. شۇنى بىر ئىش قىلىپ كېسەلمەن

موماي بىلەن يەرمەن . ھە راست ، مومايىنىڭ خۇرجۇنىدا ئۆزگە يەتكۈدەك نان ـ توقاچلىرى بارغۇ؟ بۇ ئوبدان بولدى ، ياتىقىغىلا بېلەت ئېلىپ بەرسەم بولىدىكەن . ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ، خۇشال ھالدا بويىنىنى سوزۇپ موماي ئولتۇرغان ئورۇندۇققا قارىدى . موماي بىر سالاپەتلىك ئايال بىلەن مۈڭدىشىپ ئولتۇرغان بولۇپ ، موماي بىر نەرسە توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتى . ھېلىقى ئايال مومايىنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ياكى ئىچى ئاغرىغان بولۇشى مۇمكىن ، كۆزىدە ياش پىلدىرلاپ ، قولياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى ھەم مومايغا ئۆز ئانىسىغا يولۇققاندەك :

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ياتاق ، تامىقىڭىز مەن بىلەن بىللە بولىدۇ ، — دېدى بوش ئاۋازدا ھەم گېپىنى تۈگىتىپلا يىگىت تەرەپكە بۇرۇلدى . يىگىت بىلەن ئايالنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشقاندا ، بۇ ناتونۇش كۆزلەردىن بىر ـ بىرىگە بىر خىل ئىللىق ھۆرمەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى .

يىگىتنىڭ كۆڭلى سۆيۈنگىنىدىن ئىختىيارسىز ئىشتان يانچۇقىدىن سۆيگەن قىزى يوللۇق تۇتقان كەشتىلىك قولياغلىقنى ئالدى ـ دە ، يۈزىنى سۈرتكەن بولۇپ خېلى چاغقىچە ياغلىقتىن چىقىۋاتقان بىرخىل خۇش پۇراقنى بىرقانچە قېتىم سۇمۇردى . ياغلىقتىن ھەقىقەتەن قىزنىڭ پۇرىقى كەلسە ، ئۇنىڭ ئەۋرىشىملىكى گويا قىزنىڭ ماموق قوللىرىنى ئەسلىتەتتى . يىگىت ئەمدى قولياغلىقنى تىزىغا يېيىپ ئۇنىڭ بۇرجىكىدىكى بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر جۈپ قۇشقاچنىڭ كەشتىلەنگەن سۈرىتىگە قاراپ ئەنسىز خىياللارغا چۆكتى . ئەمدى ، سول يانىدىكى يىگىتنىڭ ئاۋۋال ئۈستىبېشىغا قاراڭ . ئۇنىڭ باستۇرۇپ كىيگەن چاقماق كەپكىسى ئاستىدىن بۇدۇر چاچلىرى تەكەببۇرانە دىڭگىيىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭمۇ ئۇچىسىدا پەلتوسى بار . ئۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى . بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشكەن بەستىگە قانائەت قىلماي ، ئۆزىنى «گۈزەللەشتۈرىمەن» دەپ ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسىتىدىغان

www.uyghurkitap.com

قىلىپ قويۇپتۇ . ئەمدى دىققىتىمىزنى ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىن ، «قەلبىنىڭ دېرىزىسى» بولغان كۆزىدىن ئىچكى دۇنياسىغا قارىتىمىز . ئۇنىڭ كۆزى قولياغلىقىقا قاراپ شېرىن خىيالغا بېرىلىپ كەتكەن يىگىتنىڭ قولىدىكى ياغلىقتا مەسخىرە ئارىلاشقان ھەسەت بىلەن تىكىلگەنىدى . ئۇنىڭ قەلبى بولسا ، مۇنداق قارا تەلۋىلەرچە جۆيلۈۋاتاتتى : «ھىم ، قارىغاندا ، بۇ ئەخمەق بىر سەھرالىق ئوقۇغۇچى ئوخشايدۇ . باياتىن بىر كىسەلمەن قىرىغا ئۆزى پۇل قوشۇپ بېلەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . ھەي ، سەھرالىق ئەخمەق . مەندەك ئادەم ھېلىغۇ بىر كىسەلمەن قىرىكەن ، بىر نازىنىن قىز يالۋۇرسىمۇ يېنىمدىن پۇل چىقىرىش تۇگۇل ، بىلەتمۇ ئېلىپ بەرمەيمەن . ئەمدى ئۆزىگە ئوخشاش ئەخمەق قىزدىن بىرى بەرگەن بىر قولياغلىقىقا قاراپ ئولتۇرۇشىنى كۆرمىسەم تېخى ، ئۇنداق ياغلىقتىن نەچچىنى تۇتقان نى ـ نى قىزلارنىڭ «دوپپىسىغا جىگدە سالغانمەن» . ئۇ بۇرنىغا «گوپ» قىلىپ تەگكەن بىر نەرسىدىن قاتتىق چۆچۈپ ، قارا خىيالدىن ئويغانىدى . ئۇ بۇرنى قاتتىق ئاغرىغان ھالدا ، ئاپتوبۇس قاتتىق سىلكىنىپ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۇسۇۋالغىنىنى بىلدى .

— قان ، بۇرنىڭىزدىن قان كېتىپتۇ ، — ياندىكى ياغلىق كۆرۈپ ئولتۇرغان يىگىت خەۋەرلەندۈردى . ئۇ بۇرنىغا قولىنى ئاپىرىپ بولغۇچە بىرمۇنچە قان ئېقىپ كەتتى . ئاپتوبۇستىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا دەرھال بۇرنىغا بىر نەرسە تۇتۇۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىشىپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى . «يانچۇقۇمدىكى ياغلىقنى بۇزغاندىن كۆرە ، يوق دەپ بىردەم تۇراي» دېدى يىگىت كۆڭلىدە . ئۇ قولى بىلەن بۇرنىنى تۇتۇۋالغانسېرى قان بەك ئېقىپ كەتتى . ئۇنىڭ قوللىرى قىزىل قان بىلەن بويىلىپ كەتتى . ئۇڭ ياندىكى يىگىت تىت ـ تىت بولغىنىدىن بىردەم ئۇيان ـ بۇيان قارىغاندىن كېيىن ، قولىدىكى ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى چىڭ تۇتۇۋالدى . ياغلىق قىزىل قان بىلەن بويىلىپ كەتتى . بۇرنى قاناپ كەتكەن

ئاداش ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى ياغلىقنىڭ ئاسرىلىپ قالغىنىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلدى . «ئاق كۆكۈل كىشىلەر ئارىسىدا ياشىماق نېمىدېگەن ئاسان» دەپ ئويلىدى ئۇ . شۇ ئارىدا ئاپتوبۇس توختىدى ، ئۇنىڭ بۇرنىدىكى قانمۇ توختاپ قالدى . بۇرنى قانىغان يىگىت ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى ياغلىقنىڭ ئاسرىلىپ قالغىنىدىن ، ياغلىقى بار يىگىت بۇرنى قاناپ كەتكەن يىگىتنىڭ بۇرنىدىكى قاننىڭ توختاپ قالغىنىدىن خۇشال بولدى . قاراڭ ، نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ شەكلى ئوخشاش ، نىيىتى ئوخشاش ئەمەس ؟

1983 - يىل 11 - ئاي ، مەكىت



www.uyghurkitap.com

# قارغىش قېپى

قارىغاندا ، جارۇللا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن قارغىش قېپى ئوخشايدۇ ، ھەتتاكى يولدا ئۇچرىغان ئېشەك تېزىكى چاغلىق ئەرزىمەس نەرسىنىڭمۇ ئۇنىڭغا پېشكەلچىلىك كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان ! لېكىن ئۇ بۇنداق پېشكەلچىلىكلەرنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقاندەك ، كۆتۈلمىگەن بالا ـ قازالارغا ئۇچرىغاندىمۇ ھەرگىز پىسەنتىگە ئالمايدۇ ھەم ھەسرەتلىنىپ كەتمەيدۇ . بەلكى ، كۆپ ھاللاردا تېخى قىزىقارلىق ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرىدۇ .

ئۇ ئەسلى تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىشى كېرەك ئىدى ، بىراق ئۈلگۈرەلمىدى . بۇمۇ بىر پېشكەللىك . چۈنكى بۇ شەھەردە بىر قەدەم ماڭسىڭىز پۇل دېگەن سۇدەك ئېقىپ يانچۇقىڭىزدىن چىقىپ كېتىۋېرىدۇ ، بۇنى تويمايلا قالىسىز . جارۇللانىڭ چۆنتىكىدە ئارتۇق پۇل نېمە قىلسۇن ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى كېچىككەن ئاپتوبۇس بىلىتىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرمىگىنى ئاز كەلگەندەك ئۇنىڭغا بىرمۇنچە دەشنام بېرىشتى .

جارۇللا بۇ ئاچچىق ساۋاق تۈپەيلىدىن كېچىچە خاتىرجەم ئۇخلىيالماي ، تاڭ ئاتماستىلا بېكەتنىڭ يولۇچىلارنى كۈتۈش زالىغا كىرىپ ئولتۇردى . زال ئىچى ئۈچ ـ تۆت يەرگە ئېسىلغان قاپاق چىراغنىڭ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئىشكتە

مۆگدەپ ئولتۇرغان نۆۋەتچى خادىمدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. جارۇللا بېشىنى سىلىپ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىمۇ مۆگدەك باستى ـ دە، ئورۇندۇققا قىيسىيىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا قۇلىقىغا:

— يىگىت تۇر ئورنۇڭدىن! — دېگەن بوغۇق، ئەمما خېلى ھەيۋەتلىك ئاۋاز كىردى.

جارۇللا چۆچۈپ ئويغىنىپ، چالا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇنىڭ باش تەرىپىدە بېشىغا كونىراپ رەڭگىنى يوقىتىپ، كىردىن خۇرۇمدەك پارقىراپ كەتكەن تۇركچە كۇلا كىيگەن، چىگىشلەنگەن ئۆسۈك چاچلىرى غوللىرىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئورا كۆز، قاسماق يۈز بىر كىشى قاراپ تۇراتتى. بوينىغا ئۇزۇن تەسۋى ئاسقان بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ سېرىق تاسمىلىق، قارا بۆرەكسىمان بىر نەرسىنى ئېسىۋالغانىدى. سول قولىدا سېرىق تۈچ بىلەن نەقىشلەنگەن ساپايە، ئوڭ قولىدا ئەگرى ـ بۈگرى ھاسا بار بولۇپ، بەئەينى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان بەتبەشىرە دىۋىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى.

جارۇللا ئۇنىڭ ئادەمنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك سۈرلۈك، چوڭقۇر كۆزىگە قىلچە ئەيمەنمەستىن قاراپ تۇردى. ئۇ «دىۋە» جارۇللاغا بىردەم نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپ پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى. شۇ ئارىدا، بۇ كىشىگە قىزىقىپ قالغان بىرنەچچە كىشى بۇ يەرگە ئولاشتى.

«دىۋە» پىچىرلاشنى توختىتىپ كۆزىنى لاپ قىلىپ ئاچتى ـ دە:

— يىگىت، قارىغاندا سەن، ئىنشائاللا، ئاۋۋال خۇدانىڭ تەقدىرى، ئاندىن پېشانەڭگە پۈتۈلگەن رىزقى ـ نېسىۋەڭنىڭ سۆرىشى بىلەن ئۇزاق بىر سەپەرگە چىقىپسەن، — دېدى بوغۇق ئاۋازىنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

جارۇللا بۇ كۇلالىق ئەربابنىڭ ئۆزىنى سىرلىق ئەۋلىيا

كۆرستىپ، ساددا كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئۆگەنگەن ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بايىلا بىلگەنىدى. شۇڭا ئىچ ـ ئىچىدىن قىستاپ كېلىۋاتقان كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ:

— تەقسىر، بېكەتكە كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ يىراق سەپەرگە ئاتلانغانلىقىمنى بىلىۋالغانلىرى ئۈچۈن سىلى ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنلا، — دېدى.

— يىگىت، ئاغزىڭغا كەلگىنىچە سۆزلىمە، كۇپۇرلۇق بولىدۇ. ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن يولۇڭ خەتەرلىك ئىكەن.

— ئۈرۈمچىگە بېلەت ساتىدىغان ئورۇندا ئولتۇرغىنىم ئۈچۈن بۇنىمۇ بىلىۋاپىلا. راست ئېيتىلا، ئۈرۈمچىنىڭ يولى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق.

تۇپلىشىۋالغانلار ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتىگە قىزىقىپ بويۇنداپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشەتتى.

— سېنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگەن قىسمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆڭلۈمگە ئايان بولىدىكى، بۇ قېتىمقى سەپىرىڭدە خەتەرگە ئۇچرايسەن. خۇدا يولىدا بېشىڭغا كېلىدىغان بۇ بالا ـ قازانىڭ دەفئىسى ئۈچۈن ئىككى سوم زاكات كەلدى، — دېدى كۇلالىق كىشى سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن شالىنى چاچرىتىپ.

— تەقسىر، ئىككى سوم نەدىن كەلدى؟ — سورىدى جارۇللا قەستەن گاڭگىرىغان قىياپەتتە.

كۇلالىق كىشى جارۇللاغا قارچىغىنىڭكىدەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ دېدى:

— ھەي، بەغەرەز نادان، سەن يولۇڭدا بالا ـ قازاغا ئۇچرايسەن. شۇڭا، ئىككى سومنى بېشىڭدىن ئۆرۈپ مەندىن دۇئا ئال!

— ھە، مۇنداق دېسىلە، — دېدى جارۇللا بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىر ئاپتوبۇسقا ناھايىتى كۆپ كىشىلەر چىقىمىز، يولدىكى بالا ـ قازا يالغۇز ماڭىلا كېلەمدۇ ياكى ھەممە كىشىگىمۇ؟

بۇنىسى كۆڭۈللىرىگە ئايانمۇ ؟

— بۇ ··· بۇ ··· — كۇلالىق كىشى سەل دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قېلىپىراق ئۆزىنىڭ سۈرلۈك قىياپىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ، يەنە تېزدىن ئەسلىگە كېلىۋالدى ، — بۇ سەدىقە ساڭىلا كەلدى . تولا ھاكاۋۇرلۇق قىلماي ئاللادىن قورق ، جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ ، مەندەك خۇدا يولىدا مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى تىلىگۈچى زاتتىن دۇئا ئال ، بولمىسا قارغىش قېپى بولىسەن .

— رەھمەت سىلىگە ، — دېدى جارۇللا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بىچارە قىياپەتتە ، — تەقسىر خۇدا يولىدا مەندەك بىر مۆمىن بەندىنىڭ بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى ئاللادىن تىلەپ ، بېشىمغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بالا - قازانىڭ باتىل بولۇشى ھەققىدە بىر دۇئا قىلىپ قويسىلا !

كۇلالىق «زات» جارۇللانى بۇ مەلئۇن ئەمدى يۇمشىدى دەپ ئويلاپ ، تەمەدە ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى سومنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى . جارۇللانىڭ خىلىغىچە مىت قىلمىغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن جىلە بولغان ھالدا دېدى :

— قېنى ، دۇئا ھەققىگە بېرىدىغان زاكاتنى ئالمامسەن ؟

— ئەجەب ئىشقۇ بۇ تەقسىر ، ئۆزلىرى خۇدا يولىدا مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى تىلىگۈچى سېخىي زات بولغاندىكىن ، پۇل ئالماي دۇئا قىلىۋەرمەملا .

كۇلالىق «زات» تېرىكىپ ، چىچاڭشىپ ، سارغۇچ ، زەئىپ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى .

— بۇ ئاللانىڭ تەقدىرى ، بۇنى ئاللادىن باشقا مەخلۇق بىلمەيدۇ !

جارۇللا ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆلكىلىك چىقىرىپ دېدى :

— ئۇنداقتا ، سىلى بىزگە ئوخشاش ئادەم تۇرۇپ ئاللا بىلىدىغان مېنىڭ تەقدىرىمنى قانداق بىلىۋالدىلا ياكى ئاللا سىلىگە مېنىڭ خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقىم توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ ، مەندىن ئىككى سوم ئېلىپ خەجلەشنى ئېيتتىمۇ ؟

ئۇلارنىڭ دە ـ تالاشلىرىغا قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشقان يولۇچىلار جارۇللانىڭ قىزىقچىلىقىدىن ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك تېلىقىپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

— ھۇ ، ئاغزىڭغا ھونناق چىققۇر بەتبەخ ! — ئۇ زات تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى ، — خودايىم ھاڭغا غۇلاپ ئۆلەرسەن . مەندەك بىر ئەۋلىيا ئەۋلادىدىن قارغىش ئالدىڭ ، قاراپ تۇر ، خۇدا يولدا جاجاڭنى بېرىدۇ …

ئۇ شۇنداق قارغىغىنىچە توپتىن ئايرىلدى . توپلىشىپ تۇرغانلار تېخىمۇ ئۇن قويۇپ كۈلۈشتى .

جارۇللا مەسخىرىلىك كۈلكە ئىچىدە يولۇچىلارغا قاراپ تەمكىن ھالدا :

— قاراڭلار سەپەرداشلار ، بۇ ئالدامچى «ئەۋلىيا» نىڭ ئەتىگەندىلا بازىرى كاسات بولدى . بۇ بايقۇش ئەمدى كەچكىچە ئاچ يۈرەرمۇ ! — دېدى .

بايىدىن بېرى «تۇۋا» ئۈستىگە «تۇۋا» دەپ ياقىسىنى چىشلەپ ، كۈلكىگە قوشۇلماي تەرىنى تۈرگىنىچە قاراپ تۇرغان مويسىپىت بىر دېھقان ھەمراھىغا :

— بۇ كاززاپ قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ بىر مالائىكىنى كولدۇرلىتىپ قارغىش ئالدى . چوقۇم يولدا پېشكەلچىلىككە ئۇچرايدىغان بولدى ، — دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى .

لېكىن «قارغىش قېپى» بۇ سەپەردە ھېچقانداق بالا ـ قازاغا ئۇچرىمىدى ، بەلكى يولبويى قىزىقچىلىق قىلىپ سەپەرداشلىرىنى پۇخادىن چىققۇدەك كۈلدۈرۈپ ، مەنزىلىگە تىنچ ـ ئامان يەتتى . ھېلىقى ئىككى يولۇچى تەقدىرنىڭ بۇ سىرلىق ئويۇنلىرىغا ھەيران قېلىشتى .

1984 ـ يىل 3 ـ ئاي ، مەكىت

# دوستۇمنىڭ چۇشى

مېنىڭ بىر دوستۇم بار ، ئۇنى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ، خۇش چاقچاق ، ۋاپادار دوستۇم دېسەم ئەلۋەتتە ھەقلىقمەن . چۇنكى ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش دوست دەڭە ، ئۇنى مەندىن باشقا ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى چۈشەنمەيدۇ دېسەم ئارتۇق كەتمەس . چۇنكى ئۇ كۈندە مەست يۈرىدۇ . ئۇنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغان ، مەست بولمايدىغان كۈنى يوق ، مەست بولدى ، ھەممە يەردە دەلدەڭشىپ تەكشى يۈرىدۇ . ئاتا ـ ئانىسى ھاراق ئىچمە دەپ گەپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن ، ئۇنى ئەلۋەتتە گەپ ئاڭلىماس ، ھار ئالماس ئەسكى دەپ چۈشىنىدۇ . كىشى ئەسلىي ئەسكى بولمىسىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان بىر ئەيىبى ئۈچۈن جەمئىيەت تەرىپىدىن ئەسكى دېگەن ئاتاققا قالىدىغانلىقى تەبىئىي . مەن ئۇنى كىشىلەرنىڭ قانچىلىك ئەسكى دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ، ياخشى كۆرىمەن . ھە راست ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سىلەرگە دېمەي مېڭىۋېرىپتىمەن . ئۇنىڭ ئىسمى سالاھىدىن ، ئۇنىڭ ئىسمى مىسىرنىڭ مىللىي قەھرىمانى سالاھىدىن بىلەن ئوخشاش . بۇمۇ بىر شەرەپ دەڭە .

ئۇ ماڭا كۈچىدا ئۇچرىغان ھامان ھاراققا زورلاپ ئېسىلىۋالىدۇ . بىر قانداقلار قىلىپ ئىچىشىمنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ . تېخى بەزىدە : «سەن پالانى بىلەن ئىچىپسەن ، پالانى يەردە ئىچمەپسەن ، زادى مېنى ياراتمايسەن ، سەن دېگەن مەن بىلەن

ئىچمەيسەن» دەپ قارىسىغا سۆزلەپ خاپا بولۇپ كېتىدۇ. بەزىدە ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئۇنىڭدىن ئايرىلسام، بەزىدە ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ بېرىپ قۇتۇلىمەن. ئۇ مەست ھالەتتە:

— ئىسىت، سېنىڭ ياشلىقىڭدىن مېنىڭ ئۆتۈكۈمنىڭ پاشلىقى ياخشى، سولاشلىقىڭدىن مېنىڭ پولاشلىقىم ياخشى، يا ھاراق ئىچىشنى بىلمىسەڭ، — دەپ ئەيىبلەپ كېتىدۇ. مەن تېرىكمەيمەن، ئەكسىچە كۈلۈپ قويىمەن. تېخى پات ـ پات ئۆيۈمگە ئالماش دەسسىگەن پېتى كىرىپ كېلىدۇ ـ دە، بويىنۇمغا گىرە سېلىۋېلىپ:

— سەن بۈگۈن ماڭا ھاراق قويۇپ بېرەمسەن، خوتۇنۇڭدىن قورقساڭ چىقىپ كېتىمەن، — دەپ داۋراڭ قىلىدۇ. بۈگۈن قاياقتىن كۈن چىقتى، ئۇ بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئېغىر ـ بېسىق ھالىتىدە ساق كەلدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى مەيۈس، ئورۇق چىرايىنى بېسىۋاپتۇ. ئىشتان ـ چاپانلىرىدا قۇسۇق داغلىرى ئالىچىپار بولۇپ كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنى ھەم ئېچىنىش ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە قارشى ئالدىم. ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە:

— ئىچمەمسەن؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن:

— ياق، — دېدى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ. مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچمەيمەن دېگەن گېپىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتىم. ئۇنىڭ خاپىلىق يېغىپ تۇرغان چوڭقۇر قىزىل جىيەك كۆزلىرىگە قاراپ قايتۇرۇپ «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىشىمنىڭ ئەپسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە، تىلىمنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان گېپىمنى بوغۇزۇمغا يۇتۇۋەتتىم. ئۆينىڭ ئىچىنى زېرىكىشلىك ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى ئورام تاماكا چېكىپ بولدى. ئۆي ئىچىنى ئاچچىق تاماكا ئىسى قاپلىدى.

— ھاراق ئاقىۋەت ئادەمنى شەرمەندە قىلىپ تاشلىۋېتىدىغان

ۋاپاسىز نەرسىكەنغۇ ، — دېدى دوستۇم ئېغىر خۇرسىنىپ . مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدىغان پەيتنىڭ ئەمدى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە ، بۇ ئەپلىك پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك قارارىغا كەلدىم :

— ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى . بىراق سەن نەسىھەت ئاڭلىمىدىڭ ـ دە ، — دېدىم مەن .

— ئاخىر ئاڭلىدىم ، ئاڭلىدىم ، — دېدى ئۇ ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ يۈزلىرىنى توسۇپ تۇرۇپ ، — چىرايلىق نەسىھەتنى ئاڭلاپ بولالماي ، ئاخىر ساقچىنىڭ ، تۈرمىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىدىم ، — دېدى . مەن ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندىم .

— سەن بىلىسەن ، دوستۇم ، مەن بۇرۇن ھاراق ئىچمەيتتىم . دادام مېنى ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن توي قىلىشىمغا قويماي ، ئۆزى بىلگەن بىر قىز بىلەن مەجبۇريي توي قىلىپ قويدى . شۇنىڭدىن بۇيان دەرد ـ ھەسرىتىمنى مانا شۇ ھاراقتىن چىقىرىپ كەلگەنىدىم . خوتۇنۇمنىمۇ ماڭا تەگكىنىگە تويغۇزۇۋەتتىم . لېكىن ، ئۇ يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدۇ ، مەن ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانسېرى ئۇ ماڭا شۇنچە مېھرىبان ، ئاق كۆڭۈل ، ياۋاش ، ماڭا شۇنچە كۆيۈنىدۇ . مەن ھاراق ئىچكەنسېرى ئۇ مەندىن شۇنچە ئەنسىرەيدۇ . مەن ھاراق ئىچىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ، ئۇ مېنىڭ غېمىمنى يەپ كېچىچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ ئولتۇرىدۇ . ئۇ ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ، لېكىن مېھرىنىسا دېگەن ئىسمىغا ئوخشاش مېھرى ناھايىتىمۇ ئىسسىق . بۇنى پەقەت ھازىرلا ھېس قىلىۋاتىمەن . ئايالىمنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى پەقەت ھازىرلا ھېس قىلىۋاتىمەن . مەن بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن دوقمۇشتىكى ھاراق دۇكىنىدا ھاراق ئىچىپ يېتىپ قاپتىمەن . ھېچ ۋاقىتتا ھاراق ئىچىپ يېتىپ قالمايتتىم . سەنمۇ بىلىسەن ، ھەممە يەردە تەكشى يۈرەتتىم . لېكىن شۇ كۈنى يېتىپ قاپتىمەن . يېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە مەن ھاراق دۇكىنىدىن چىقىپ

شەھەر كوچىسىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپتىمەن . بىر يەردە كېتىپ بارسام ، ئايالىم مېھرىنىسا ئەمچەكتىكى بالىمىزنى كۆتۈرۈپ مېنى ئىزدەپ يۈرگەنىكەن . ئۇنى كۆرۈپ جۇدۇنۇم تۇتۇپ ئۇرغىلى يۈگۈرۈپتىمەن ، بىراق كوچىدىكى كىشىلەر مېنى توسۇۋاپتۇ . مەن ئېغىزىمنى بۇزۇپ ناھايىتى سەت گەپلەرنى قىلىپ تىللاپتىمەن . ئۇ يىغلاپ ماڭا يالۋۇرۇپ ، مېنى ئۆيگە كېتىشكە زورلاپ ، مېنى يۆلەپ قولتۇقلاپتۇ . لېكىن مەن ئۇنى سىلكىشلەپ يىقىتىۋېتىپتىمەن . ئۇ شۇئان قاتتىق يولغا دۈم يىقىلىپتۇ . قۇچىقىدىكى بوۋاق قاتتىق قىقىراپ يىغلاپ كەتتى . كىشىلەر ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا ئۇنىڭ ئاپئاق ماڭلىيىدىن قان ئېقىۋاتاتتى . ئەتراپقا كىشىلەر ئولاشقۇدەك . كىشىلەر ماڭا غەزەپ ـ نەپرەت ياغدۇرۇۋەتتى . بىر ئايال : «ئىسىت بىچارە مېھرىنىسا ، مۇشۇنداق شاللاق ھاراقكەشنىڭ نەرىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانسەن ؟ كاشكى سېنى ياخشى كۆرسە قانچە قىلاتتىڭكىن ، ئايرىلىپ كەت !» دېدى . مەن بىر ئالىيىپ قويدۇم ـ دە ، پەرۋاسىز كېتىپ قالدىم . بىر كوچىغا كەلگەندە ، ئالدىمدىن بىر توپ كىشىلەر قارىلىق كىيىشىپ ھازا ئېچىشىپ ، يىغلاشقان پېتى جىنازا كۆتۈرۈشۈپ كېلىشىۋاتات- تى . جىنازا كەينىدىكى ئۇزۇن سەپنىڭ ئاخىرىدا بىر توپ ئاياللار ئۇزۇن ئاق روماللارنى سېلىشىپ يىغلىشىپ كېلىشىۋاتاتتى . ئۇلار ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ھاڭقىيىپ قاراپ تۇردۇم . سەپنىڭ ئاخىرىدا ئاق رومال ئارتىۋالغان ، بېلىگە قارىلىق باغلىغان چىرايلىققىنا ئاق يىشماق بىر چوكان : «ۋاي قېرىندىشىم ، ۋاي جان قېرىندىشىم» دەپ قار ـ يامغۇر يىغلاپ كېلىۋاتاتتى . مەن شۇئان يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە ، چوكاننىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ «ۋاي قېرىندىشىم ، جان قېرىندىشىم» دەپ يىغلاپ كېتىپتىمەن . بىزدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۆلۈپ كەتسە يېقىن قېرىنداشلار قۇچاقلىشىپ ، يىغلىشىپ كېتىدىغان ئادەت بولغىنى ئۈچۈن ، چوكان دەسلەپتە بىرەر ئەر قېرىندىشىم بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ كۆزىنىمۇ

ئاچماستىن ماڭا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ تېخىمۇ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كېتىپتۇ . لېكىن ئۆزىنىڭ ئەرنىڭ قۇچىقىدا بارغانچە سىقىلىۋاتـ-قىنىنى سېزىپتۇ . شۇ چاغدا بوينىغا ۋە مەڭزىگە بىر قانچە سۆيۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن... ھەي ھەقىقەتەنمۇ شەرمەندە ئىش قىلىپتىمەن . ھازىر ئويلىساممۇ نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتىمەن ، — دەپ سۆزىنى داۋام ئەتتى سالاھىدىن ، — شۇ چاغدا چوكان : «ۋايجان ، ما ئوغرى مەستكەن ، ۋاي مېنى قويۇۋەت ! » دەپ توۋلىغۇدەك . يىغلىشىپ كېتىپ بارغان بىرقانچە ئەر يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى چوكاندىن ئاجراتتى ـ دە : «چاڭ ـ چۇڭ » قىلىپ تەستەك بىلەن ئۇرۇۋەتتى . شۇئان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . قارىسام تۇم قاراڭغۇ بىر ئۆيدە ياتىمەن . «ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەنا ، ئاشۇ كىچىككىچە ھاراق دۇكىنىدا ئۇخلاپتىمەن . دۇكانچى مېنى كۆرمەي قىلىپ دۇكانغا قۇلۇپ سېلىپ كېتىپ قاپتۇ ـ دە . ھۇ دۆت قارىغۇ دۇكانچى ، كېچىچە سالاھىدىنىنىڭ دۇكىنىڭدىكى ھاراقنى بىر تېيىم قويماي ئىچىپ بولمىغىنىنى كۆر ! » دەپ ئويلىدىم ـ دە ، ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم . لېكىن پۇت ـ قول ، بىقىنلىرىم كۆيۈشۈپ ئاغرىپ ھېچ مىدىرلىغىلى قويمايتتى . شۇ چاغدا «بىر يەردە قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەن ئوخشايمەن» دەپ پەرەز قىلدىم . لېكىن كېيىن مەلۇم بولدىكى ، مېنىڭ ياتقىنىم ھاراق دۇكىنى بولماستىن ، ساقچىنىڭ سولاقخانىسىدا يېتىپتىمەن . ھېلىقى كۆرگەن چۈشۈم بولماستىن ، ئوڭۇم ئىكەن . مەن بۇنى ئۇققاندىن كېيىن خىجىل بولغىنىمدىن «بۇنداق شەرمەندە بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە ، ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپ ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدىم ، لېكىن مۇمكىن بولمىدى . ئۈچ كۈن سولاقتا ياتقاندىن كېيىن ، بىچارە خوتۇنۇم مېھرىنىسا پېشانىسى تېڭىلغان ھالدا كېلىپ ساقچىغا يالۋۇرۇپ يىغلاپ ، يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلەپتۇ . مەن ساقچىغا ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم ۋە ھۆججەت بەرگەندىن كېيىن ئاجراپ چىقتىم . ئەمدى بىلدىمكى ، دادام ماڭا سۆيۈملۈك ، ياخشى

www.uyghurkitap.com

قىز ئېلىپ بېرىپتىكەن . مەن بىرمۇنچە بىھۇدە ئاۋارە بولۇپتىمەن . مەن يۇرتۇم خەلقى ئالدىدا قاتتىق خىجىلمەن ، ئاتا ـ ئانام ، ئايالىم ، بالام ھەم دوستلىرىم ئالدىدا خىجىلمەن ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى سالاھىدىن . مەن چوڭقۇر ئېچىنىش نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىلداپ قالغانىدى .

1984 ـ يىل 4 ـ ئاي ، مەكىت



# توغاچ

«جاق !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سادىق بوۋاي ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى . ئۇنىڭ بوينى قاتتىق قىقىلىپ ، كاللىپۇكى ھارۋىنىڭ يان ياغىچىغا تېگىپ كەتتى . ئۇ ئاغرىققا چىدىماي تولغىنىپ كەتتى . ئىشەك ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ھارۋىنى سۆرىگىنىچە بەخىرامان كېتىپ باراتتى .

بوۋاي بۇ پالاكەتچىلىكنى ئىشەكتىن كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا بىر تاياق سالدى ـ دە ، ئاندىن ئارقىسىغا قارىدى . ھارۋىنىڭ ئوڭ چاقىنىڭ ئىزىدا چوڭ بىر پارچە خىش كۆرۈندى . «ما ئىشنى كۆرۈڭ… » بوۋاينىڭ خىيالى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ، يول ياقىسىدىكى بىر بالا كېلىپ بايىقى خىش پارچىسىنى ئېلىپ يول ياقىسىغا تاشلىۋەتتى ۋە بوۋايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى .

«ھۇ بۇلاكچى شۇم» دېدى بوۋاي ئىچىدە غۇدۇراپ ، «يۇلتۇز توغاچلىرىمنى ئېپقاچقان قارىمۇتۇق شۇم سەن ئەمەسمۇ ! يەنە ئىزا تارتماي ھىجايغىنىنى بۇ بازار چاشقىنىنىڭ !… » ئۇ بالىغا غەزەپ بىلەن ھومايدى ـ دە ، ھارۋىسىدىكى ئۈزۈن سۆگەت چىۋىقىنى قولىغا ئالدى : «قېنى ، توغاچقا قول ئۇزىتىپ كەلگىنە ، تازا بىر سالاي !» ئۇ ئالدىغا قارىغىنىچە قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇردى .

ئۆتكەن يىل مۇشۇ كۈنلەردە سادىق بوۋاي خۇددى بۈگۈنكىدەك توغاچ ساتقىلى بازارغا كىرگەندە ، بىر توپ بالىلار ئۇنىڭ ھارۋىسىغا ئولىشىۋالغانىدى . ئۇلار توغاچلارغا قاراپ ھىجىيىشىپ قوياتتى .

بىر چاغدا قارىمۇتۇق بىر بالا :

— بوۋا ، توغاچ موچەنگە قانچە ؟ — دېگىنىچە سېۋەتكە قولىنى سېلىپلا ، بىراقلا تۆت - بەش توغاچنى ئېلىپ قاچتى .

— هۇ شۇمتەك ! — سادىق بوۋاي قېرىلىقنىغا باقماي چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، نەچچە قەدەم قوغلىدى ۋە قولىدىكى هاسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى . هاسا يول ياقىسىدىكى تېرەككە تېگىپ تاراڭلاپ يەرگە چۈشتى . بالا سادىق بوۋاينىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئارقىسىغا ئون قەدەمچە يېنىپ ، پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرغىنىچە توغاچنى ماچىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى . جىلە بولغان بوۋاي هارۋىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغۇچە قالغان باللار بىر سېۋەتتىكى توغاچنى يېرىملىتىپ قويغانىدى . بوۋاي ئەرۋاهى ئۇچقان هالدا سېۋەت تەرەپكە يۈگۈردى . باللار كۈلۈشۈپ قېچىپ كېتىشتى . بوۋاي ساقال - بۇرۇتلىرىنى تىترەتكەن هالدا :

— گېلىڭلارنى تېشىپ چىققاي ئىلاهىم ! — دەپ قارغىۋەتتى . شۇنىڭدىن بېرى ئۇ بازار باللىرىغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى…

ئارقا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرىنىڭ ئاياغ تاۋۇشى بوۋاينىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . «هىم كېلە ، يېقىن كېلە ، ئۆتكەن يىل سادىقنىڭ توغىچىنى تېتىغانىدىڭ ، ئەمدى تايىغىنى بىر تېتىپ باققىن… » بوۋاي ئارقىسىغا «شارتتىدە» بۇرۇلدى - دە ، بالىنىڭ يۈزىنى چەنلەپ تۇرۇپ چۈشۈق بىلەن بىرنى سالدى . بالا «ۋايجان» دېگىنىچە سول قولى بىلەن يۈزىنى ئۇۋۇلاپ چۆرگىلەپ كەتتى . ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا توپىغا مىلەنگەن ئۈچ تال توغاچ تۇراتتى . بوۋاي چۈشىقىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى .

بالا كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى توختىتالمىغان هالدا ، يۈزىنى سىلىغىنىچە ئىسەدەپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋازدا سۆزلىدى :

— بو … بوۋا ، ماۋۇ ئۈچ تال توغىچىڭىز چۈشۈپ قاپتىكەن… بۇلتۇر توغىچىڭىزنى ئېپقاچقانىدىم…

هودۇقۇش ۋە ئاغرىق دەردىدىن بولسا كېرەك ، بالىنىڭ

سۆزلىرى بىر - بىرىگە باغلاشمايتتى . ئۇ توغاچلارنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە ، سول قولى بىلەن يۈزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئارقىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كەتتى .

بالىغا ئۇۋال قىلغانلىقىنى بىلگەن بوۋاي قاتتىق خىجالەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى :

— ھوي ، ھوي بالام ، توختا ، كىمنىڭ بالىسى سەن ؟

بۇ چاغدا بالا بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولغانىدى . بوۋاي ساقىلىنى سىقىمدىغىنىچە بېشىنى چايقاپ ئۆزىگە كايىدى :

— ھەي سادىق ، كىچىككىنە بالىنى ياغلىق قاپاق بىلىپ تاياق سالغىنىڭنى قارا ، ساڭا ياخشىلىق قىلماقچىكەنغۇ ئەنە !



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سەھەردە

ئولتۇرۇش سورۇنىدىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالغان سالىم تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ ئەتراپىغا قارىدى. بىرقانچە دوستى ئاخشام ئىچىشكەن ئىزىدىلا يېتىپ خورەك تارتىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەم بىلەن ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، موتسىكلىتىنى مىنىپ ماڭدى. يولدا ئۇزۇن سوپۇرگە بىلەن باش كۆتۈرمەي كوچا سۈپۈرۈۋاتقان تازىلىق ئىشچىسىدىن باشقا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى. سالىم تېخى مەستلىكىدىن يېشىلمىگەچكە، ھېلىمۇ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ موتسىكلىتىنى قارامىلىق بىلەن ناھايىتى تېز ھەيدەپ ماڭدى. چۈنكى ئاتا ـ ئانىسى ئويغىنىپ بولغۇچە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ خورەك تارتىپ يېتىۋالمىسا گەپكە قالىدۇ. «ۋايجان» دېگەن بىر ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن تەڭ سالىم بىر نەرسىگە سوقۇلغاندەك بولدى ـ دە، رول قولىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. موتسىكلىت ئىرغاڭلىغىنىچە يولنىڭ قىرغىقىغا ئۆرۈلۈپ، ئوتى ئۆچۈپ توختاپ قالدى. سالىم ئارقا تەرىپىدە بىرىنىڭ «گۇپ» قىلىپ يىقىلغان تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ، موتسىكلىتتىن چۈشۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. بەش ـ ئالتە مېتىر نېرىدا بىرى ئىڭراپ ياتاتتى. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ قېشىغا ئىتتىك كەلدى. ئۇ ئادەم دۈم يىقىلغان بولۇپ، يېنىدا ئۇزۇن سۈپۈرگە تۇراتتى. سالىم ئۇ ئادەمنى ئوڭدا قىلىپ يۈلىگەندىن كېيىن

قورقۇپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى . ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ يولنى سۈپۈرىدىغان ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ياش تازىلىق خادىمى ئىدى . ئۇنىڭ پېشانىسى يولنىڭ بېتون قىرىغا تەگكەن بولۇپ ، يېرىلغان يېرىدىن قان چىقىۋاتاتتى . ئۇ ھوشسىز ياتاتتى . سالىم قولياغلىقى بىلەن يىگىتنىڭ پېشانىسىنى چىڭ تاڭدى . لېكىن قان توختىمىدى . ئۇ ئۇچىسىدىكى چاقماق كۆينىكىنى يىرتتى ـ دە ، يىگىتنىڭ پېشنىنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاڭدى . ئاندىن يىگىتنى يولنىڭ چېتىدىكى ستولبىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ـ دە ، يانچۇقىدىن ئون كويلۇق پۇلدىن ئىككىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ، ئەتراپقا ئەنسىز بىر قارىۋېتىپ ، ئادەم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ، موتسىكلىتىغا مىنىپ تىكىۋەتتى . ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاغزىغا ماسكا تاقاپ ، سەھەردىلا ۋېلسىپىت بىلەن ھېلىقى كوچىغا كەلدى . بېشىنى ئاق داكا بىلەن ئورىۋالغان ھېلىقى يىگىت يەنىلا كوچا سۈپۈرمەكتە ئىدى . سالىم «ئۇھ» دەپ يېنىك نەپەس ئالدى ـ دە ، ئەگىپ قايتىپ كەتتى .

* * *

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم ، بىر ئەتىگىنى سالىم ئويغىنىپ ئۆزىنى ئاسما ئوكۇل بىلەن كېسەل كارىۋىتىدا كۆرۈپ ، چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ھەيرانلىق بىلەن يان تەرىپىگە قاراپ ، ئۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ھېلىقى كوچا تازىلىغۇچى يىــگىتنى كۆرۈپ ، يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى . «ئۇ مېنى تونۇۋالغان بولسا ، مەستلىكىمدىن پايدىلىنىپ... » ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى . چۈنكى بىر پېشقەدەم دوختۇرۇپ كىرىپ كەلدى .

— ھە ، نوچى يىگىت ، ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ ؟ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالارىڭىزنى بىلگەن بولسىڭىز ، ئازراق ئىچكەن بولاتتىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ — دوختۇر سۆزلەۋېتىپ تىڭشىغۇچ بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈردى ، — ھەر ھالدا مۇشۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتكە

ئۇچراپ قاپسىز ، مۇبادا ، كوچىدا يەنە بىرىم سائەت ياتقان بولسىڭىز ، بۇ چاغقىچە ئۆزىڭىزنى باشقا يەردە كۆرگەن بولاتتىڭىز ، تەلىيىڭىز ئوڭكەن . بۇ يىگىت سىزنى بىرمۇنچە يەردىن ئىزدەپ ئېلىپ كەپتۇ . سىز ئۇنىڭغا ھەرقانچە رەھمەت ئېيتسىڭىزمۇ ئازلىق قىلىدۇ .

سالىمنىڭ يۈزى قىزاردى .

— مەن ئىشىمغا باراي ، ئىشىم چالا قالغان ، — يىگىت شۇنداق دېدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، دوختۇر ھەم سالىم بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى .

— تازا گومۇشكەنسىز ، قائىدە بويىچە ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىش يولىڭىز بار ئىدى ، — دېدى دوختۇر ، سالىم ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى .



# ئاق لەيلەك

ئاخشام كەچ چىلەكلەپ قۈيغاندەك ياغقان يامغۇر شەھەرنىڭ چاڭ - توزان باسقان كوچىلىرىنى پاكىز يۇغانىدى .

پىيادىلەر يولىدا بىر قىز ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۇستىبېشى ھال كۈنى قەدىر - ئەھۋال ئائىلىنىڭ بالىلىرىدەك ئاددىي بولسىمۇ ، چىرايى شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى ، ئاپئاق يۇمىلاق يۈزىدىن نۇر ياغاتتى . قىزارغان بىر تال گىلاستەك ئاغزى خۇددى خىيالىي سىزمىلاردىكى قىزلارنىڭ ئاغزىدەكلا ئىدى . قاشلىرى ئىنچىكە ھەم قارا ، ئۇزۇن قايرىما كىرپىكى ئارىسىدىكى بىر جۈپ كۆزى قارىلىقىدىن ئاق شايىغا سىياھ تامغاندەك كۆرۈنەتتى . ئەمما ، ئاللاتائالا ساھىبجامالغا شۇنچە گۈزەللىكىنى ئاتا قىلغىنى بىلەن ئاشۇ كۆزگە زېمىننىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ، قايناق ھاياتنى كۆرۈشنى نېسىپ قىلمىغانىكەن .

قىز مۇشۇ شەھەرلىك بولۇپ ، پەقەت بىرلا تۇل ئانىسى بار . ئۇنىڭ ئەما كۆزى نورمال ھەرىكىتىنى چەكلىگەنلىكتىن ، سىرتقا چىققاندا ئەنە شۇنداق ئاۋايلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغان . يول چېتىدە ئويناۋاتقان بالىلار ۋارقىراشتى .

— قاراڭلار ، ئاق لەيلەك… ئاق لەيلەك ئەتىگەندە ئاشىقىنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ !

بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى ئاڭلىغان قىز پىسىڭگىدە

www.uygurkitap.com

كۆلۈپ قويۇپ ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېغىزىنى ئەتتى .

— ئاق لەيلەك ، نەگە ماڭدىڭ ؟

— ۋاسىلىنىڭ يېنىغا ، ھى··· ھى···

— قىز شۈنداق دەپ ۋىلىقلاپ كۈلدى . كىشىلەر دائىم مۈشۈنداق سوئال سورىغاندا ، خۈشاللىقتىن چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ ، شۈنچە ھېسسىياتلىق جاۋاب بېرىدۈ . ھاياجاندىن يۈرىكى باشقىچە تېپچەكلەيدۈ . مانا شۈ چاغ ئۈنىڭ ئەڭ لەززەتلىك چېغى ، كېچە بولسا ئۈنىڭ ئۈچۈن ئېچىنىشلىق بىر چاغ . ئۈ ئەزان بىلەن ئانىسىدىن ئاۋۋال ئورنىدىن تۈرىدۈ ـ دە ئاپتۇۋىنى ئېلىپ ، سىلاشتۈرۈپ يۈرۈپ تاھارەت ئالىدۈ . نامىزىنى ئوقۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا دۈئا قىلىدۈ . «ئى ئۈلۈغ ، ھەممىگە قادىر خۈدا ، سەن ئاشۈ ۋاسىلنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن ، ئۈنىڭ تېنىنى سالامەت ، شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلغىن ، ماڭا ئۈنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى داۋاملىق ئاڭلاشنى نېسىپ قىلغىن . بۈ دۈنيادا مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدىن خۈش ئەمەس . ھەممە خەق ئۈنىڭغا ئامراقكەن . ئۈنىڭ ناخشىسىغا ئىشتىياقى چۈشكەن قىزلار تېخىمۇ كۆپكەن . ئۈ مېنى كۆزى ئەما ، دەپ ياراتمايدۈ . ھەتتا ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىشتىنىمۇ نومۇس قىلىدۈ . ئەمما ، مەن ئۈچۈن ئۈ ھاياتلا تۈرۈپ بەرسە ، رادىئو ، تېلېۋىزورلار ئۈنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىتىپ تۈرسا شۈ كۈپايە ، مەن مىڭ مەرتىۋە رازى . ئۈلۈغ پەرۋەردىگار ، مەن ئۈچۈنلا ئۈنى سالامەت قىلغايسەن !» مانا شۈنىڭدىن كېيىن ئۈ جايناماز ئۈستىدە دۈم يېتىپ ، بىر ھازاغىچە بوغۇلۈپ يىغلايدۈ .

— ھى··· ھى ··· ھى ··· ئاق لەيلەك ، يايرىڭ كىم ؟

— مېنىڭ يايرىمما ؟ جېنىمنىڭ جانانىسى ، يۈرىكىمنىڭ سەكپارىسى ، دائىم «لەيلى» ناخشىسىنى ئېيتىپ ، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋاسىل ، مېنىڭ ۋاسىلىم .

بالىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . قىز شۈئان دەسلەپتە پەسرەك ئاۋازدا ، كېيىن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ، ناخشىسىنى

ئېيتىشقا كىرىشتى :

ئاق لەيلى ، قىزىل لەيلى ،
يارنىڭ بارمىكىن مەيلى .
بولسا ـ بولمىسا مەيلى ،
مەن يارنىڭ قەلەندەرى .
...

قىز بۇ ناخشىنى ۋاسىل ئېيتقان ناخشا بولغىنى ئۈچۈن دائىم ئېيتىۋېرىپ شۇنچىلىك لەرزان ، مۇڭلۇق ئېيتىدىغان بولۇپ كەتكەنكى ، ئاڭلىغان كىشى بىر ئىختىيارسىز توختاپ ، ئۇنىڭغا زوق بىلەن قارىشىدۇ . قىز باشقىلار ئىسمىنى سورىسا ، كۈلۈپ قويۇپ دەپ بەرمەيتتى . شۇنىڭ بىلەن ياشلار ، كېيىنچە ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئاشۇ ناخشا تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا دەسلەپتە «ئاق لەيلى» ، كېيىن «ئاق لەيلەك» دېگەن ئىسىم ئومۇملىشىپ قالدى .

*   *   *

ئاق لەيلەك دەسلەپتە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولغاندا ، ئۇنى ئۇششاق باللار ئەگىشىپ قويغانىدى . ئۇ رەپتىس زالىنىڭ پەلەمپىيدە تىرنىقىنى تاتىلاپ ، قىزىرىپ ، تاتىرىپ ئۇزۇن ئولتۇردى . ئارىدا ئارتىسلار دەم ئېلىشقا چىقىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ـ دە ، قىزنىڭ بۇ ھالىغا بەكلا ئىچ ئاغرىتىشتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاسىلمۇ بار ئىدى ، قىز ھېچقانچە قىينالمايلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكۈسى كېلىۋاتاتتى .

— ئىست ، بىچارە ، كۆزى ئەما بولغان بىلەن چىرايلىق قىزكەن .

بۇ ۋاسىلنىڭ ئاۋازى ئىدى . قىز ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى .

ئۇنىڭدا دەرمان قالمىغانىدى . باشقىلار بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەنلىكىنى ، ئۆيىنىڭ نەدە ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سورىۋىدى . قىز ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى . پەقەت كىمدۇر بىرى :

— بۇ قىز گاچا ئوخشايدۇ ، — دېگەن چاغدىلا ئۇنىڭدىن

— ياق ، ياق ، — دېگەن ئاللىقزادە سادا چىقتى .

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولىدىغان بولدى . ئايال ئارتىسلار ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپمۇ قوياتتى . قىزنىڭ چىرايى ئۇلارنىڭ ھەۋسىنى قوزغايتتى . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قىزنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى . كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈشتى ، «توۋا» دېيىشتى ، ۋاسىلنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بولدى . قىز دەسلەپتە تارتىنىپ يۈرگەنىدى ، كېيىنكى كۈنلەردە نېمىنى ئويلىغان بولسا شۇنى دەيدىغان بولدى . ۋاسىل ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ بىلەتتى ، ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى . ۋاسىلمۇ كەسىپداشلىرىنىڭ چاقچاق قىلىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالدى . بەزىدە ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلدى ، كېيىن قىزاردى . مۇشۇ ئىش بىر يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن ، قىز يىراقتىنلا «جېنىم ۋاسىل ، بارمۇسىز ، خۇدا سىزنى سالامەت قىلسۇن ، مەن ئاجىز ، بىچارە ئۈچۈن يېڭى ناخشىلارنى ئېيتىڭ ! سىزنىڭ مەن بىلەن بىرەر ئېغىز مۇڭدىشىشىڭىزنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم» دەپ توۋلايدىغان بولۇۋالدى . بۇنداق چاغدا ۋاسىل ئۆيىدە بولسا ئۆيىگە ، ئىشخانىسىدا بولسا ئىشخانىسىغا چىڭ بېكىنىۋالاتتى . بارا ـ بارا ئىدارە دەرۋازىسىمۇ ئۇنى توسۇپ ، دەرۋازا ئىچىگە كىرگۈزمەيدىغان بولدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ كەچ كىرگۈچە تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بىرەر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان ھامان : «ۋاسىلمۇ سىز ، جېنىم مېنى يوقلاپ كەلدىڭىزمۇ !» دەپ توۋلاپ كېتەتتى .

بۈگۈن ئۇ خېلى كېچىكىچە تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتتى . بىر كەمدە ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئاياغ

تېڭىشنى سەزدى ـ دە، دەرھال ناخشىسىنى توختاتتى:

— ۋاسىل، ۋاسىلمۇ سىز؟ بۈگۈن كۆڭلۈم تۇيغانتى. خۇددى سىز كېلىپ قالىدىغاندەك...

قىز ھاياجاندىن گەپ قىلالماي قالدى.

— ھەئە، ئاق لەيلەك، مەن ۋاسىل، مەن سىزنىڭ قەلبىڭىزنى، ئارزۇيىڭىزنى چۈشەندىم.

— ھە... مەن... مەن ئاخىر ئارزۇيۇمغا يېتىدىكەنمەن.

— شۇنداق، سىز ناخشىچى بولۇشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىسىز ئەمەسمۇ، تىرىشسىڭىزلا ئارزۇيىڭىزغا چوقۇم يېتىسىز.

— سىز... سىز ... ۋاسىل شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

— شۇ، مەن ۋاسىل، قانداق، ئۇخشىتالمايۋاتامسىز؟ زۇكامداپ ئاۋازىم گاراڭلاپ قالدى. يۈرۈڭ ئىشخانىغا كىرەيلى، سىز بىلگەن ناخشىلىرىڭىزنى ئېيتىڭ، مەن ئاڭلاپ باقاي.

قىز بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، خۇشال بولۇپ كەتتى:

— مېنىڭ ياخشى ئوقۇيالمىغان يېرىمنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەنسىز ـ ھە؟...

ئۇلار قولتۇقلىشىپ بىناغا كىرىپ كېتىشتى.



www.uyghurkitap.com

# سۈت ساتقۇچى قىز

مەن سۈت ئالىدىغان دۇكاندا سۈت ساتىدىغان چىرايلىققىنا بىر قىز بار . راستىمنى ئېيتسام ، مەن بۇ دۇكاننىڭ سۈتىگە ئەمەس ، ئاشۇ ئوماق قىزغا مەپتۇن بولۇپ ، ئۆيۈم بىلەن مۇشۇ دۇكان ئارىلىقىدىكى ئىككى سۈت دۇكىنىدىن ئاتلاپ بۇ يەرگە كېلىمەن . سۈت ساتقۇچى قىز نازۇك قوللىرى بىلەن بوتۇلكىغا سۈت قاچىلاۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئوماق چىرايىغا بىردەم قاراپ تۇرۇۋېلىش مەن ئۈچۈن ھوزۇرلۇق ئىش ئىدى . قىز ھەر قېتىم تەبەسسۇم ئىلكىدە قولۇمدىن سۈت بوتۇلكىسىنى ئالغۇچە تاسادىپىي قولى قولۇمغا تېگىپ كەتسە گويا توك سوقۇۋەتكەندەك ھېس قىلىمەن . بىر ئىللىق سېزىم پۈتۈن بەدىنىمنى قاپلايدۇ . بىراق ، بىر ھەپتىگىچە ھەرقانچە قىلساممۇ بۇنداق پۇرسەتكە ئاران بىرەر قېتىم ئېرىشەلەيمەن . مەن بۇ سۈت دۇكىنىغا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ دەسلەپ قىلىدىغان خېرىدارى . شۇڭا ، قىز ھەر ئەتىگەنلىكى گويا مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، ئوماققىنا كۈلۈپ : «تىنچ كەلدىلىمۇ ؟ » دەپ سالام بېرىپ قولۇمدىن سۈت بوتۇلكىسىنى ئالىدۇ ـ دە ، ئۆز قولىچە قايتا چايقاپ ، ئاندىن سۈت قاچىلاپ بېرىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كەسپىگە ماھىر پىركازچىلارنىڭ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئەستايىدىللىقى بولسىمۇ ، لېكىن بۇ قىزنىڭ پوزىتسىيىسى مەن ئۈچۈن ھەرقانداق خېرىدار بەھرىمەن بولالمايدىغان ئىلتىپاتتەك

تۇيۇلدۇ...

مۇشۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتتى. سۇت ساتقۇچى قىزنى ھەر ئەتىگەنلىكى سۇت دۇكىنىدا بىرقانچە مىنۇت كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم. قانچە قېتىم قەلبىمدىكى مۇھەببەت يالقۇنى ئېغىزىمنى ئۆمەللەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىم ئېغىزىمغا كەپلىشىۋالغاندەك بولۇپ، ئىشنى قاملاشتۇرالمىدىم.

قىز ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خېرىدارلارغا سۇت تارقىتىدۇ-دە، دۇكاننى تاقاپ بىر بوتۇلكا سۇتنى كۆتۈرگەن پېتى بىر كوچىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۈگۈن مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم: «مەن بىر ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن زىيالىي. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمىتىم ئادەتتىكى خىزمەتكە ئوخشىمايدۇ. تەلەپ قويسام ئۇ چوقۇم خۇشال قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن خىيال بىلەن قىزنىڭ سۇت سېتىپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ دۇكاننى تاقاپ ماڭماقچى بولۇۋىدى. تىلىمنىڭ قولاشمىغىنىغا قارىماي مەقسىتىمنى ئېيتتىم.

— كەچۈرسىلە، مېنىڭ ئىشىم بار ئىدى، — دېدى قىز ۋە شۈئان ۋىللىدە قىزىرىپ، يەرگە قارىغىنىچە ھېلىقى كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى.

— يىگىت، — دېدى دۇكان ئالدىنى تازىلاۋاتقان بىر بوۋاي سۈپۈرگىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، — قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنداق بىچارىلەرچە ھاڭۋېقىپ يۈرۈۋەرمىسىلە، ئۇ قىزنىڭ توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان، ئۇزاقى يىلدىن بۇيان بىللە يۈرگەن يىگىتى بار.

بوۋاينىڭ بۇ گېپى سەممىيدەك قىلسىمۇ، قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. مەن بوۋايغا ئالىيىپ مەنسىتمەسلىك بىلەن:

— ئۇنداق بولسا ئۇقۇشماسلىق بولۇپتۇ، ئۇ قىزنىڭ يىگىتى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇ تويلاشماقچى بولغان يىگىتنىڭ مەندىن قانچىلىك ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن. بوۋاي ماڭا ھومىيىپ قاراپ:

— سائەت ، رادئو رېمونت قىلىدۇ . ئىككى پۇتى پالەچ ، — دېدى .

— ھە؟ … بۇ … يىگىت ئىلگىرىدىن شۇنداقمىدى؟ — سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ .

— ياق ، شۇنداق بولۇپ قالغىنىغا بىر يىل بولدى . ئۇلار كىچىكىدىنلا بىرگە ئوقۇپ چوڭ بولغان ، — دېدى بوۋاي مەندىن يىراقلىشىپ . مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خىجىل بولدۇم ، شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ۋىجدان سوتى ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم…



# ھېلىقى يەر

ئامانلىق مۇدىرى سەل قىمىرلاپ بولغۇچە ئۇنىڭ چار بازارچىنىڭ يوغان تاغىرىدەك گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمىگەن ئورۇندۇق يالغان خۇلق قىلىدىغان قىلىن خوتۇندەك توختىماي غىچىرلاپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەت، ئۇ دېگەن ياقا، ئاشناڭنىڭ تامبىلى ئەمەس، — ئۇيدەك كۆزىنى چەكچەيتتى ئامانلىق مۇدىرى دىمىغىدا گەپ قىلىپ.

— يامان گەپ قىلمىسىلا ئامانلىق مۇدىرى، ئۇنىڭ ياقىسىدىن مۇشۇنداق تۇتۇپ سۆرەپ كىرمىسەم قېچىپ كېتەتتى. مانا قويۇۋەتتىم، مەن گۇناھكارمۇ، بۇ دەيۈز بىر مۇشت بىلەن ئۇدۇل ئىككى چىشىمنى چۇشۇرۇۋەتسە، ياقىسىغا ئېسىلمامتىم ئەمىسە.

مۇدىرنىڭ سەپرايى تۇۋۋىدىن تۇتتى.

— گۇناھكار بولمىساڭ مېنىڭ ئالدىمغا بىرنېمە يېگىلى كىردىڭمۇ ياكى مۇكاپات ئالغىلى كىردىڭمۇ؟ چىرايلىق گەپكە زوقمەن بولساڭ، قەھۋەخانىغا كىرىپ، جالاپنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭ بولمامدۇ؟ بۇ يەرگە ئوبدان ئادەم كىرمەيدۇ. مەنمۇ بۇنىڭ تاشايىنىدا ئەمەس، بولمىسا كېيىن كۆرۈپ قالىسەن..

— ماڭا يامان تەگمىسىلە، مەن دېگەن شائىر، زىيالىي، مەدەنىيەتلىك ئادەممەن.

— ئانامنىڭ ئەمچىكى بولساڭمۇ كارىم يوق، تولا كاسىلدىماي

نان تېگىدىغان گەپنى قىل . تولا قاۋايدىغان ئىتنىڭ يالىقىدا ئېغىزلاندۇرغانمۇ سېنى .

شائىر بۇتتەك تۇرۇپ قېلىپ ، قولىدىكى قان يۇقى ئىككى تال ئۈدۈل چىشنى ئامانلىق مۇدىرىغا تەڭلىدى . چىشنىڭ كۆتىكى قارا ، ئۇچى قىزىل سېرىق ئىدى .

— قويە ئەبگا ، بىر نېمەڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ماڭا تۇتقۇزامسەن نېمە ، بولدى سۆزلە .

— بۇ نەس ئەبلەخ…

— تىللىما ، ھېلى بىكار قالغان چىشىڭنىمۇ تۆكۈۋېتىمەن ،— يەنە بىر ئادەم جانلىنىپ قالدى . شائىرنىڭ بېشى قېيىپ كەتتى .

— بۇ … بۇ … يەنە …

— تىلىڭنى چاينىما ، ئۇ راست گەپ قىلدى . سېنىڭ ھېچكىمنى تىللاش ھەققىڭ يوق كالۋا ، ئىككى چىشىڭنى تۆكۈۋەتكەن ئادەم قالغان چىشلىرىڭنىمۇ ساناپ ئولتۇرمايدۇ .

— ئامانلىق مۇدىرى لىللا ئىش قىلىڭ ، بۇ گويىنى ئىككى ھارامزادە ئۇرغىلى تۇرۇۋېتىكەن . مەن ئارىسىغا كىرىپ بۇنى ئاجرىتىۋالسام ، ئۇ مېنىڭ ئېغىزىمغا بىر مۇشت سېلىپ…

— بولدى ۋالاقتەگكۈر شائىر . ئاشۇ مۇشت بىلەن ئۆلگەن بولساڭ لىللا ئىشنى خۇدانىڭ سوراقخانىسىدا كۆرۈۋالاتتىڭ ، لېكىنزە بۇ يەر سەن كالۋا يازغانغا ئوخشىمايدۇ .

— مەن بۇنى … قۇتقۇزىمەن دەپ ئارىسىغا …

— مەن ئۇ ئىككى ئەبلەختىن تويغۇدەك تاياق يەپ ئەمدى ئېپىنى كەلتۇرۇپ دەردىمنى ئالاي دەپ مۇشت ئاتسام ، ماۋۇ ئەسكى كىگىزنىڭ پارچىسى قەلەندەر تاشلىۋەتكەن پايتىمىدەك مۇشتۇمۇمنى تۇسۇۋالدى . بۇ بولمىغان بولسا ئۇ ئىككىسىنى بىر مۇشتتىن ئۇرۇۋالغان بولسامىمۇ دەردىم چىقاتتى . ئۇلار مېنى بىرمۇنچە ئۇرۇۋالدى . مەن بىرنىمۇ ئۇرالماي ئاچچىقىم ئىچىمدە قالدى .

— شۇنىڭغىمۇ شۇنچە قىلىپ كېتەمسەن ئەبلەخ ، قانچە بالاڭ بارتى ؟

— ئاران بەش .
— ھۇ خۇمسى . بۇ قېتىم تۇغدۇرۇپ قويساڭ ھېلىقى يېرىگگە چويۇن قويدۇرۇۋېتىمەن .
— ئەمما دەردىم چىقمىدى ، ئارماندا قالدىم باشلىق .
— ئاغزىڭنى يۇم ھارام شاختىن بولغان رەزگى ، دەردىڭنى قانداق ئالساڭ بولاتتى ؟ سەن كۆتەك شائىر ، داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ بىرگە ياتقىنىنىمۇ مەدھىيىلەيسەن ، ئۇلارنىڭمۇ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇۋالامتىڭ ، سەن ئاچچىق يۇتۇشنىڭ تەمىنى بىلەمسەن كالۋا . ئۇنى ۋاقتىدا چىقىرىۋەتمىسە ساڭا ئوخشاش پىتنىڭ ئۇسۇرغىنىنىمۇ ماختايدىغان شاتراق بولۇپ قالىدۇ . سەن ئادەملەرنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشىغا پۇتلاشماي ئۆزۈڭ بىلەن بول ، بۇ قېتىم چىشىڭدىن ئايرىلىپسەن . يەنە بىر قېتىم سېسىق خوتۇنۇڭدىن ئايرىلىسەن .
— چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى . مېنى تىللاۋەرمە ، ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن . مېنى تىللاپ ، خوتۇنۇمنى ھاقارەتلەشكە نېمە ھەددىڭ ، ئەبلەخ ، خۇمپەر .
ئامانلىق مۇدىرى شائىرنىڭ تىللىشىدىن سېسىق ھاجەتخانىدا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرغان تولغاق كېسەلدەك تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇردى .
— سەن خۇمپەرنىڭ نېمە گېپى بار ؟ — دېدى ئامانلىق مۇدىرى يەنە بىرەيلەنگە قاراپ .
— بۇ پايتىما مېنىڭ ئاچچىقىمنى چىقارغىلى قويمىغاننى ئاز دەپ ، خوتۇنى بىلەن تۇتۇۋالغاندەك بۇ يېرىمگە تېپىۋەتتى ، تىنالمايۋاتىمەن . خوتۇنۇمغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ئەمدى ، مانا قاراپ بېقىڭ باشلىق .
— ھۇ ئىتنىڭ بالىسى ، خوتۇنۇڭ كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان يېرىڭگە مەن نېمە قارايمەن .
— ئىششىپ ، كۆكىرىپ بولالمايۋاتىمەن . بىر قاراپ باقسىڭىز ئىشىنىسىز باشلىق .

www.uyghurkitap.com

ئامانلىق مۇدىرى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قويدى ـ دە ، شائىرغا دېدى :

— شۇنداقمۇ تېپەمسەن شائىر ، مېنى كىچىككىمدە ئېشەك ئاشۇنداق تېپىۋەتكەن .

— ياق ، يالغان ، مەن ئۇنى تەپمىدىم ، پەقەت ياقىسىغىلا ئېسىلدىم . ئۇنى ھېلىقى خەق تەپكەن ئوخشايدۇ . ئۇ ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ ، ياق .

— ئاغزىڭنى يۇم گۇينىڭ بالىسى . مەن ھازىر ھۆكۈم ئېلان قىلىمەن . سەن ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتىڭ ، ئاندىن خەقنىڭ نازۇك يېرىگە قاتتىق پەشۋا بىلەن تېپىپ ، ئۇنى مەلۇم مەزگىللىك ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدۇڭ ، ھە … سەن شائىر قانچە ياشقا كىردىڭ ؟

— قىرىق سەككىزگە .

— ھىم… توختا ئويلىنىۋالاي ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى چىشىڭنى گۆشكە يۆگەپ ئىتقا بەرسەڭمۇ ئىت ھۆ قىلىپ ياندۇرۇۋېتىدۇ . چۈنكى بۇ بىچارە چىشلار قىرىق يىلدىن بېرى بىر قېتىم يۇيۇلماي سېسىپ ، ساڭا چىش بولغانغا تويۇپ بۇ دۇنيادىن كېتىپتۇ . ئەمما بىزدە تېخى چىشىنى يۇمىغانلارنى جازالايدىغان ئىش يوق . شۇڭا سېنى مەنمۇ جازالىمايمەن ، تولا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي بۇ يەردىن يوقال .

— ئەرز قىلىمەن ، ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن .

— ئاستىمدىن ئەرز قىلساڭمۇ خوتۇنۇم بار ئەبلەخ ، يوقال .

شائىر ئىككى چىشىنى ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

— ھەي ئىتنىڭ بالىسى ، ماۋۇ بىچارە سېسىق چىشىڭ قالدى .

پۇراق سىزىمىنى يوقىتىپ ئەخلەتخانىدا ئاچ ياتقان قېرى ئىتقا گۆش ئۈستەك سېلىپ بېرىۋەت . نېمىدېگەن سېسىق بىچارە چىش بۇ ، كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇۋەت…

— رەھمەت سىزگە باشلىق ، ئەجەبمۇ ئۈستا ئادەمكەنسىز .

ئۇستىڭىزدىن ئەرز قىلسا...
— تـولا كـوتۇلدىما ئىتىنىڭ بالىسى ، ھېلىقى يېرىڭدىكىنى چىقار ...
ئۇ ئىشتىنىنىڭ ھېلىقى يېرىدىن بىر كاللەك پۇلنى چىقىرىپ ئامانلىق مۇدىرىغا بەردى .
— مانا بۇ ھەممە ئەرزخانىغا يېتىدۇ ، — يەتمىسە يەنە مەن بار باشلىق .
— تولا كوتۇلدىماي يوقال كۆزۈمدىن .
ئـامـانـلـىق مۇدىرى يالغۇز قېلىپ ، بىگىز بارمىقى بىلەن باشمالتىقىنى تەكرار تىلىغا سۈركەپ پۇللارنى ساناشقا باشلىدى . ئەقىل تاپقاندەك توختاپ قېلىپ قاتتىق قېقىلىپ بەلغەم ئارىلاش تۈكۈردى .
— ھـۇ ئىتىنىڭ بالىسى ، ئىشتانىنىڭ ئېغىغا سالغان پۇلنى تۇتۇپ قولۇمنى ئاغزىمغا سالغىنىم نېمىسى .
ئۇ پۇلنى پۇرلاپ يانچۇقىغا تىقىپ ئورۇندۇققا زەردە بىلەن ئـولـتۇردى . ئورۇندۇق يالغان ناز قىلىدىغان قېلىن خوتۇندەك توختىماي غىچىرلاپ كەتتى .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نازىنىن

بىكەتتىن چىقىپ ئۇزاق ماڭمايلا توختىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا بىر كىشى چىقتى. ئۇ ئوتتۇرىدىراق بىر ئورۇندۇققا كېلىپ، چىرايلىق بىر چوكاننىڭ يېنىغا ئولتۇردى. چۈنكى ئاپتوبۇستا ئۇنىڭدىن باشقا بوش ئورۇنمۇ قالمىغانىدى.

— كەپلىشىپ ئولتۇرماي، سەل قىسىلىپراق ئولتۇرسىلا، بۇ سىلىنىڭ سەھرادىكى ئۆچكە تېرىسى سېلىپ ئولتۇرىدىغان كۆلۈڭلىرى ئەمەس.

قاش-قاپاقلىرى سۈزۈك، كۆزىنىڭ ئېقى خەسىدەك، قارىسى سىياھدەك كېلىشكەن بۇ چوكان ئۆزىنى چاپانلىق دېھقاندىن سەسكىنىپ ئاق ياغلىق بىلەن ئويماق ئېغىزى ھەم چىمەلتەك بۇرنىنى تۇتۇپ، نازۇك بارماقلىرى بىلەن نىل رەڭ يوپكا-كاستۇمىنى قېقىشتۇردى. ئەمەلىيەتتە، دېھقاننىڭ چاپىنىدىن ئۇ چوكاننىڭ پاكىز كىيىملىرىگە يۇققۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. بىراق، يولۇچى يېشى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان كىشى بولسىمۇ، ئۆزىنى خېلىلا تاشلىۋەتكەن تەبىئىي مەينەتلەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈز، بويۇنلىرى، چاپىنىنىڭ ياقىلىرى ئومۇمەن كىر ئاستىدا قالغانىدى. چوكاندىن چىقىۋاتقان ئەتىر پۇرىقى بىلەن بۇ كىشىدىن چىقىۋاتقان تەرنىڭ بەتبۇي پۇرىقى قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دوردىيىپ ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن تۇمشۇقى ئۈستىدىكى

شالاڭ قىرقىم بۇرۇتى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى .

— خېنىم نېمانچە كايىيلا ، بۇ ئىككى ئادەم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتۇ ھەقىچان ؟ !— دېدى ھېلىقى كىشى چوكانغا ھىجىيىپ .

— ئوئۇش ، خېنىملىرنى تېپىپ خېنىم دېسىلە ، مەن سىلىنىڭ خىلىلىرىمىدىم ؟ !

چوكان شۇ گەپ بىلەن تەڭ باشقا ئورۇندۇققا يۆتكىلىش تەمەسىدە بويۇندىدى . لېكىن ، ئۇ سىغقۇدەك ئورۇن قالمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ يېنىدىكى كىشىگە يىرگىنىپ تۇرۇپ ، بىرنى ھومىيىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالدى . ھېلىقى كىشى مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ قويدى . ئاپتوبۇس كەڭرى دالىدا چايقىلىپ ماڭماقتا .

ئاپتوبۇستىكىلەرنى ئۇيقۇ باستى . ھەممىسى باشلىرىنى كېسەل توخۇنىڭ بېشىدەك گىلدىڭلىتىپ مۈگدەمەكتە . پەقەت ھېلىقى چوكان بۇ بەتبەشىرە كىشىنىڭ كىيىمىنىڭ ئۆز كىيىمىگە تېگىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ، دېرىزىگە چاپلىشىپ ، دومسىيىپ ، دالىغا قاراپ ئولتۇراتتى . ھېلىقى كىشى بولسا بەھۇزۇر خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى .

ئاپتوبۇس بىر چوڭ ئۆستەڭ بويىدىكى چاتقاللىققا كېلىپ توختىدى . ھەممەيلەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈشتى . خېلى كۆپ كىشىلەر يەرگە چۈشۈپلا دالىدا جاي ئىزدەپ چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى . ھېلىقى ئىككىيلەن بولسا قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى .

— ئۆزلىرى خاپا بولماي پۇل تۆلىۋېتەملا ! — شوپۇر ئاپتوبۇس ئىشىكىدە تۇرۇپ ھېلىقى كىشىگە مۇراجىئەت قىلدى .

— قانچە پۇل تۆلىسەم بولار ئۆستام ؟— بىچارە قىياپەتتە بوينىنى قىسىپ تۇرۇپ ، ھىجىيىپ سورىدى دېھقان .

— مۇشۇلار بىلەن ئوخشاش تۆلەيلا ، قانچە پۇل دەپ سورايلىغۇ ؟— سېمىز شوپۇرنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى .

— مەن يەكەننىڭ خېلى بەك بېرىسىدا چۈشۈپ قالىمەن ، شۇڭا...

— ئاپتوبۇس يەكەننىڭ خېلى بەك بېرىسىغا قاتنىمايدۇ ، كىندىكىگە قاتنايدۇ ، — شوپۇر دېھقاننىڭ گېپىنى دوراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىۋىدى ، كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى . كىشىلەرنىڭ كۈلكىسى بىلەن شوپۇرنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقى ئېچىلىپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ سالدى . دېھقاننىڭ چىرايى ھۇپپىدە قىزىرىپ خاپا بولغىلى ئېغىزىنى ئۈمچەيتىپ بولغۇچە ، شوپۇر ئېغىز ئاچتى :

— مەن سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىۋالغاندىكىن ، تولا غىڭشىماي تۆلە دېگەننى تۆلىسىلە .

— تېخى بىلەت ئالماي چىقىپتىكەن - دە سەت توڭرۇلۇق ، — دېدى چوكان غۇدۇراپ ، بىلىنەر - بىلىنمەس .

دېھقان شوپۇرنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ، باشقا گەپ قىلىشقا پېتىنالماي قولىنى قوينىغا سالدى . شوپۇر تاماكىسىنىڭ ئىسىنى جاۋغىيىدىن پۈۋلەپ ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چوكانغا كۆز تاشلىدى . چوكان پىسىڭىدە بىرنى كۈلۈپ ، قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالدى . بىردىن شوپۇرنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزى چوكاننىڭ نازلىق كۈلكىسىدىن ئەمەس ، ھېلىقى كىشىنىڭ چاڭگىلىغا سىغماي قالغان ئون يۈەنلىك بىر توپ پۇلغا ئېچىلىپ كەتكەندى .

— ئوھوي ما ئادەمنى ! ئاتىنىڭ كالىلىسىدەك پۇلنى مەيدىسىگە تىڭىۋېلىپ ، يەنە زىغىرلاپ لاتا كىرىچلىك قىلىپ ئولتۇرغىنىنى ، — دېدى شوپۇر ، — بۇنداق پۇلى بار ئادەم دېگەن سانىماي سامان نەرخى خەجلەيمىز .

— زىغىرلىغاچقا ئاتىنىڭ كالىلىسىدەك بولىدۇ - دە ، — دېدى يەنە بىر قېرى يولۇچى دىمىغىنى قېقىپ ئۇنىڭغا . شوپۇر پۇلنى ئېلىپ رولغا ئولتۇردى - دە ، ئاپتوبۇسنى قوزغىدى . ھېلىقى ئادەم پۇللىرىنى ئەستە مىجىقلاپ يۆرۈپ قوينىغا تىقتى . چوكاننىڭ

چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ، يېنىدىكى كىشىگە ئىللىق قاراپ تۇرۇپ ئولتۇردى.

— ۋايىيەي، نېمانچە جىق پۇل بۇ؟ — سورىدى چوكان يېقىملىق پەس ئاۋازدا.

— شەھەرگە ئاش ئەكەلگەن، شۇنىڭ پۇلى، — دېدى ھېلىقى ئادەم. چوكاننىڭ ئۆزىگە ئىنتايىن يېقىملىق بېقىپ، مۇلايىم سۆزلىگىنىگە خۇشال بولغان ھەم ئەيمەنگەن ھالدا.

— سىلى دېھقانمۇ؟ — سورىدى چوكان قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— ھەئە خېنىم، دېھقانمەن، — دېدى ئۇ كىشى ھىجىيىپ تۇرۇپ، ئەمما «خېنىم» دەپ سالغىنىغا خىجىل بولۇپ، تېخىمۇ بەكرەك ھىجىيىپ قويدى.

— ۋىيەي ما ئادەم نېمە دەيدۇ، شۇنچە پۇلغا ئاش ساتقان بولسىلا زىرائەتلىرى بەك ئوخشىغان ئوخشىمامدۇ، ئاكا؟!

— يامان ئەمەس ئوخشىدى، خۇدا بەركىتىنى بەردى، — دېدى دېھقان، چوكاننىڭ ئۆزىنى «ئاكا» دېگىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە كۆكۈش كالپۇكىنى بۇرۇتى بىلەن قوشۇپ يالماپ قويدى.

— ۋىيەي ماۋۇ ئادەمنى كۆرسىلە، ۋاي سىلى، شۇنچە پۇلغا ئاش ساتقان ئادەم بۇ پۇلنى قالايمىقان پۇرلاپ سېلىۋالغۇچە، ئەلۋەتتە ئۈچ يۈەنلىك ياغلىقتىن بىرنى ئېلىپ، چىگىپ سېلىۋالسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى چوكان ئۇنىڭغا نازلىق كايىپ. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ سىلكىنىشىگە باھانە قىلىپ، دېھقاننىڭ مۈرىسىگە تولغان كۆكسىنى بىر سۈركۈۋالدى. دېھقان يەر ئاستىدىن چوكانغا قاراپ قويۇپ، ئۆزىچە ھىجايدى:

— ئەمدى شۇ كالتە پەملىك قىلىپتىمەن.

— تۇتسىلا، ماۋۇ ياغلىققا چىگىپ سېلىۋالسىلا، بىكار چۇشۇپ قېلىپ ئەمدى ئۆيگە بارسىلا خوتۇنلىرى ئاش ساتقان پۇلغا كىمگە مانتا ئېلىپ بەردىڭ ئوغرى، دەپ نوغۇچنى ئېلىپ

قوغلىمىسۇن ، — چوكان ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ، قولىدىكى كەشتىلىك ياغلىقىنى دېھقانغا تەڭلىدى .

— ياق ، ياق ، ئۆزلىرىدە تۇرىۋەرسۇن . خۇدا ماڭا نېسىپ قىلغان بولسا ، رىزقىم بولسا چۈشۈپ قالماس .

— ۋاي جېنىمەي ، ماۋۇ ئادەمنىڭ گىرىلىقىنى كۆرسىلە . مەن سىلىگە ياغلىقىمغا پۇل بەر دەپ ئېسىلىغۇالمايمەن . قورقمىسىلا ، سىلىنى بىكاردىن زىيان تارتمىسۇن دەپ پۇللىرىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن . زىيان دېگەن ئاچچىق ، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن . كېيىن ۋاي ئىست ، ھېلىقى چىرايلىق چوكاننىڭ گېپىنى ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمەن ، دەپ قالمىسىلا . ئەنسىرەپ دەۋاتىمەن ، — چوكان نازلىنىپ خۇيلاندى . دېھقان خىجىل بولغان ھالدا دېدى .

— ئەمدىچۇ ، سىلىنىڭ ياغلىقلىرىنى ئېلىۋالسام شۇ ... قانداق بولار دەپ ، شۇ ...

— ۋىيەي ، بىر ياغلىقنى سىلىگە بەرگەنگە ئۆلۈپ قالارمەنما ، تۇتسىلا ، ئالسىلا ! — چوكان ياغلىقنى دېھقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى دېھقاننىڭ يىرىك ، قوپال قوللىرى بىلەن خېلى قاتتىق تېگىشتى .

— ۋىيەي ، قوللىرى نېمانداق قاتتىق ، خۇددى تۆمۈرچىنىڭ بولقىسىدەك ، — چوكان ئاۋازىنىڭ سەل بەكرەك چىقىپ كەتكىنىدىن چۆچۈپ ئەتراپىغا قارىدى . ھەممە مۈگدەپ ئولتۇرۇشىدۇ . قارىغاندا ، بۇلارنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان ھەم بۇلارغا دىققەت قىلمىغاندەك قىلىدۇ .

— بىز دېھقان خەقنىڭ قولى مۇشۇنداق قاتتىق ، بولمىسا جان باقالمايسىز ئەمەسمۇ خېنىم ؟ !

— ۋىيەي ، مەن مۇشۇ دېھقان خەقنى پەقەت چۈشەنمەيمەن . ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈننىڭ قاچان قارىسا شۇ لايغا ، قىغقا ، توپىغا مىلىنىپ كالىدەك ئىشلەۋاتقان ، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق

چىشلىگەن ئادەم دېھقان بولامدىكىن دەيمەن . ئەمما سىلىزە قارىسىلا ، قوللىرى قاتتىق بولغان بىلەن گەپلىرى بەك يۇمشاقكەن .

دېھقان بوينىنى قىسىپ ، چوكاننىڭ مېھرلىك كۆزىگە تىكىلدى :

— بىز دېھقان خەقنىڭ كۆڭلىمىزمۇ يۇمشاق قارىسىلا .

— ۋىيەي ، ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ ، ئەجەب تىكىلىدىكەنلا ، خۇددى مەندە بىر نېمىلىرى باردەك .

دېھقان قىزىرىپ كېتىپ ، ھجىيىپ يەرگە قارىۋالدى .

— ئاتلىرى نېمە ؟— سورىدى چوكان دېھقانغا سۇركىلىپ تۇرۇپ .

— مەتقۇناخۇن .

— ۋاي خۇدايىمەي ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپرەك گەپ قىلسىلا ، سىلى مەندىنمۇ تارتىنچاق ئىكەنلا مەتقۇناخۇن .

مەتقۇناخۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ چوكانغا قاراپ كۈلدى ، چوكاننىڭ شەھلا كۆزلىرى ئۇنىڭ چېھرىنى يالىماقتا ئىدى .

— مېنىڭ ئېتىم نازىنىن ، سىلى بەك بەلەن ئادەمكەنلا ، مەن شەھەردىكى تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدا مال ساتىمەن ، دادام كوجاڭ ، قاسىم كوجاڭ دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق ، سىلى بىلەملا ؟

— ياق ، بىلمەيدىكەنمەن ، — خىجىللىق بىلەن ھجايدى مەتقۇناخۇن .

— دېھقان خەق نېمىنى بىلىدۇ . كەتمەن بىلەن قورسىقى تويغاننى بىلىدىغان گەپ . مېنىڭ يولدىشىم قارىسىلا ، گوڭشەنجۇنىڭ كادىرى ، سىڭلىم يەكەندە ئىدى . ئاپام سىڭلىمنىڭ تۇغۇتىنى باقىمەن دەپ كەتكەن . يوقلاپ كېلەي دەپ ماڭدىم .

— ھە ، ئوبدان قىلىپلا ، دادىلىرىمۇ ، ئەرلىرىمۇ چوڭ كادىر ئىكەن ـ ھە ؟

مەتقۇناخۇن يەنە ئەيمىنىپ قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇلار بىر هازا جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى. چوكان ئەتراپىغا يەنە بىر قارىدى، هەممە مۆگدەپ ئولتۇرۇشقانىدى.

— ۋايـيـەي، ۋاي جېنىمەي، كۆڭلۈم ئاينىۋاتىدۇ. دائىم ئاپتوبۇسقا چىقسام شۇنداق بولىمەن. بۈگۈن ئۇنداق بولمىدىم، خۇداغا شۈكرى دەپ ئولتۇرسام كۆرسىلە، — نازىنىن شۇنداق دەپ مـەتـقۇناخۇننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ يۆلەندى. مەتقۇناخۇن هودۇقۇپ قالدى.

— ئاپلا، چاتاق بوپتۇ، قانداق قىلارمىز؟

— ۋايجان… ۋاييەي…

— قورساقلىرى ئېچىپ، كۆڭۈللىرى يامانلاۋاتامدۇيا؟

— ۋاييەي… هېچ بىلمىدىم.

نازىنىن خۇمارلىق كۆزلىرى بىلەن مەتقۇناخۇنغا بېقىپ:

— مەتقۇناخۇن، سىلى بەك كۆڭلى يۇمشاق ئوبدان ئادەمكەنلا، مېنىڭ هېچ هالىم يوق تۇرىدۇ. بۇ هالىم بىلەن يەنە ماڭالمايدىغان ئوخشايمەن. بۈگۈن يېڭىسارىدا قېلىپ، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ يەكەنگە ئەتە بارايمىكىن دەۋاتىمەن. سىلى خاپا بولمىسىلىرى ماڭا هەمراھ بولۇپ قالسىلا، ئەتە بىللە ماڭساق بولارمۇ؟

نازىنىننىڭ تاتلىق سۆزلىرى، مەتقۇناخۇنغا ئاغرىق ئۆچكىگە پىچاق سۇرگەندەك ياقتى. ئۇلار كەچكىچە يېڭىسارىنىڭ بازىرىنىڭ هەممە يېرىنى ئايلاندى. مەتقۇناخۇن نازىنىنغا قىمىرتىت ياغلىقتىن بىرنى ئېلىپ بەردى. كەچتە ئۇلار بىر سارايغا چۈشتى. نازىنىن ئەمدى ئەخمەق توخرۇلۇقنى قارماققا ئىلىندۇردۇم دەپ، ئىچ ــ ئىـچـىـدىـن خـۇشـال بـولـۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ بارلىقى بىلەن مـەتـقـۇناخۇننى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بىراق مەتقۇناخۇنمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ نازىنىنغا كېچىچە بىردەممۇ ئارام بەرمىدى. بىچارە نازىنىننىڭ هېچ هالى قالمىدى. لېكىن، ئۇ تاڭغا يېقىن بولىدىغان ئۇيقۇنى كۈتەتتى. كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر كەلدى. مەتقۇناخۇن جۇۋاز

كالىسىدەك پۈشۈلداپ ئۈيقۇغا كەتتى . نازىنىن پەم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىدى ـ دەە ، مەتقۇناخۇننىڭ بېشىغا قويۇۋالغان پەرىجىسىنى ئاستا ئېلىپ ، يانچۇقىنى ئاختۇردى . پۇل يوق ئىدى . نازىنىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ ، ئىچى تىتىلداپ كەتتى . ئۇ ئاستا قولىنى يوتقانغا سېلىپ ، مەتقۇناخۇننىڭ بېلى تەرەپنى سىلاشتۇردى . ئۇ يەردىمۇ يوق ئىدى . ئۇ ئۇمىدىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ ، ئۆزى بەغەرەز ، گالۋاڭ دەپ تىللىغان بۇ سەھرالىق توڭرۇلۇقنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىق چىقىپ قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ ، ئىچىدە مىڭنى تىللاپ ، قولىنى ئاستا تارتىشىغا ، قولىغا ياغلىق ئۇرۇلدى . «ھۇ ئەخمەق تۈلكە ، ئەسلىدە قولۇڭنىڭ بېغىشىغا چىگىۋاپتىكەنسەن ـ دە» ، نازىنىن ياغلىقتىكى پۇلنى تۈيدۇرماي مەتقۇناخۇننىڭ بېغىشىدىن يېشىۋالدى ـ دە ، غىپپىدە تىكىۋەتتى .

تاڭ ئاتقاندا مەتقۇناخۇن ئويغىنىپ ، يېنىدا نازىنىننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، ئەترايقا بويۇندىدى .

نازىنىن پۇلنى ئېلىپ قاچقانچە بىر تراكتورنى توستى . قېرى شوپۇر ئۇنى كوزۇپتىكى تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى . نازىنىن خۇشاللىق ھەم جىددىيچىلىكتە دەرھال رازى بولۇپ چىقىۋالدى .

تراكتور سايدا چايقىلىپ كېتىۋاتىدۇ . تاشلار نازىنىننىڭ يانپاشلىرىغا پېتىپ ئاغرىتقان بولسىمۇ ، ئۇ ھېچ ئاغرىق سەزمىدى . ھامان خۇشاللىقىدا كۈلەتتى . ئەخمەق توڭرۇلۇققا ئىچ ئاغرىتىپ ھەم مازاق قىلىپ ، ئۆزىچە سۆزلەپ كېتەتتى . ئۇ بولاقنى مەيدىسىگە چىڭ باستى . «خۇدايىم خەجلىگىلى نېسىپ قىلارسەن» دەپ پېشانىسىگە تەگكۈزدى ، سۆيدى . قولىدا ئېغىرلىقىنى دەڭسەپ كۆردى . يانچۇقىغا سېلىپ ، قانچىلىك پومپايغىنىنى كۆرۈپ باقتى . ئاخىر ئۇ ساناپ بېقىش ئۈچۈن تاقەتسىزلەندى ، يەنە بۇ پۇللارنى نېمىگە خەجلەش ، نېمىلەرنى ئېلىشنى خىيال قىلىپ لەززەتلىنىپ ، تامىقىنى چاكىلداتتى . ئۇ ئاۋايلاپ تۇرۇپ ، تىترەپ تۇرغان

قوللىرى بىلەن بولاقنى يېشىشكە باشلىدى. ئىچىدىن ساناقسىز ئون يۈەن پۇلنىڭ سۈرىتى كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمما باغلىق تولۇق يېشىلىۋىدى، ئىچىدىن پۇلغا ئوخشاش كېسىپ قاتلانغان بىر توپ قەغەز چىقتى. نازىنىنىڭ كۆزىدە سىمابتەك ياش تامچىلىرى يالتىراپ، نېپىز كالپۇكلىرى ئۇمچەيدى. تىترەۋاتقان قولىدىكى قەغەز پارچىلىرىنى شامال ئۇچۇرتۇپ كەتتى...

مەتقۇناخۇن ھىجىيىپ قويۇپ، قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن چىقاردى. قولىنىڭ بېغىشىغا قاراپ يەنە بىر ھىجايدى، كېيىن تولۇق كۈلدى. ئاندىن ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا قولىنى تىقىپ پۇللارنى ئېلىپ، پەرجىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

1985 - يىل



# ئامۇت

ئۇ قورۇنۇپقىنا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ھەم قولىدىكى ئىلتىماس قەغىزىنى سۇندى .

باشلىق سېمىز گەۋدىسىنى سەل مىدىرلىتىپ ، پۇشۇلداپ بوغماق قولى بىلەن كوسا ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى ، ئاندىن :

— ھە نېمە گەپ بارىتاخۇن ؟ — دېدى .

— ئىلتىماس ئىدى ، — دەپ بىچارىلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى بارات .

— چىمچىلاق قولى بىلەن قۇلىقىنى كولاۋاتقان باشلىق كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر قاراپ قويدى - دە ، گەپ قىلماي ئىشىنى قىلىۋەردى . ئالدىدىكى شىرەگە تاشلاپ قويغان ئىلتىماسقا ھېچبىر نەزىرىنى سېلىپ قويمىدى . بارات ياكى ئولتۇرۇشقا ياكى چىقىپ كېتىشكە پېتىنالماي ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىنى ئىشقىلاپ تۇردى . باشلىق يەنىلا جىمجىتقىنا قۇلىقىنى كولاپ ئولتۇرىۋەردى . بىر مىنۇت ... ئىككى ... ئۈچ مىنۇت... دېمى سىقىلغان بارات ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشىككە ماڭدى .

— توختا ، ھەر ھالدا ئوقۇپ باققىنا ، — باشلىق ئاخىر زۇۋان سۇردى .

— بۇ... بۇ ... تارتىنىپ قالىدىكەنمەن ئۆزلىرى ...

— بولدى ، بولدى ئوقۇۋەر ، توي خېتىگە كەلگەن قىزدەك تۇرما ، ئاله ئوقۇ .

بارات ئىلتىماسىنى قولىغا ئېلىپ «غۇرت» قىلىپ

تۇكۇرۇكىنى بىر يۇتتى ـ دە ، ئوقۇشقا باشلىدى :
«… ئۆيىمىز كىچىك ، جان سانىمىز كۆپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا ئانام كېسەل بولۇپ قېلىپ يېزىدىن كەلگەنتى ، باللار كېچىدە قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە يېتىۋاتىدۇ . شۇڭا… »
— بولدى يەنە شۇ كونا غەلۋىمۇ ؟ سەن ئۆزۈڭنى كونا كادىر دەپ زىيالىيلارغا سىلىشتۇرساڭ بولمايدۇ . ئۇلار بىرى ئالتە ـ يەتتە ئېغىز ئازادە ئۆيدە ئولتۇرمىسا ئىشى قىيىن بولىدۇ . سەن ، بىز دېگەن… ۋايىەي ئەجەپ ئۇسسىدىما . بولدى سەن ھازىرچە چىقىپ تۇر ، قېنى ئويلىشىپ باقارمىز ، — باشلىق باراتنى ئىشىككە ئىشارەت قىلدى . بارات ئىشىككە قول ئۇزىتىپ بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە ، يانچۇقىدىن تېخى ھازىرلا ساپىقىدىن ئۈزۈۋالغاندەك قىپقىزىل قىشلىق نەشپۈتتىن ئۈچنى ئېلىپ :
— ناھايىتى سۇلۇق ، چۇرۇك ، تەملىك نەشپۈت ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ ، تېتىپ باقسىلا ، — دەپ تەڭلىدى .
باشلىقنىڭ چىرايى ئېچىلدى .
— ۋوي بۇ قارا قىشتا ئەجەب ياخشى ساقلانغان مېۋىكىنا ، نەدىن تاپتىڭ ؟
— ئانام يېزىدىن ئالغاچ كەپتىكەن .
باشلىق ئۈچ ئامۇتنى قولىدا دەڭسەپ كۆرۈپ بىرنى ئايرىپ چىشلىدى .
— ئۆيۈڭدە يەنە باردۇ ؟
— بار ، يەنە بار .
— ياخشى ، ياخشى ، ھە توختا . سەن ھەمدۇل كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن تۆت ئېغىزلىق كونا ئۆيگە كۆچۈۋالغىن ، راست قىيىنلىپسەن ، ھەمدۇلنى زىيالىي دەپ يېڭى ئۆي بەردۇق ئەمەسمۇ . شۇنداق قىل .
خۇشاللىقنى باسالمىغان باراتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . بۇ خاسىيەتلىك ئۈچ ئامۇتتە ، ئېھ… يۇرتۇمنىڭ ئامۇتلىرى .

1985 ـ يىل 1 ـ ئاي ، قەشقەر

# كونا مەنسەپدار

سىغىنغان ئانا تۇپراق ماڭا بۇ قېتىم باھار پەسلى بىلەن كۆلۈپ قۇچاق ئاچتى . ھەممە ياق ياپيېشىل ، دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان يېشىل چىمەنزار . يەرگە قارىسامۇ يېشىل يۇمران مايسا ، ئەتراپقا قارىسام ئەمدىلا پوستىدىن كۆلۈپ چىققان يۇمران يوپۇرماق . ھەممە نەرسە يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئۇماق بولىدۇ . باھار شۇ ئۇماقلارنىڭ ئەڭ ئۇمىقى . قانچە يىللار بولدىكىن ، يېزامنىڭ باھار پەسلىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولماپتۇ . ساپ ھاۋا مانا شۇ ئۇماق يېشىللىقنىڭ تىنىقى . ئۇنى سۈمۈرۈپ تويمايمەن . شەھەردىكى قاقشالدەك قېتىپ كۆرۈنىدىغان ئاشۇ ئېگىز بىنالاردىن مانا بۇ يېشىل ھايات نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە !

مەن يۇمران بۇغداي مايسىلىرىغا تويماي قاراپ ئېتىز ئارىلايمەن . مايسىلار تىنىق كۆل سۈيىدەك مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ . سەھەردە يىراقمۇ ئەمەس ، يېقىنمۇ ئەمەس بىر يەردىن ئاڭلانغان بىر ئەرنىڭ بوغۇق ، قوپال ئاۋازى پەيزىمنى ئۇچۇردى . ئارقامغا بۇرۇلدۇم . ئاۋۇ ئېگىز ئېرىق بېشىدىن ئالدىغا دۈمچەيگەن قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئەللىك ، ئەللىك بەش ياشلاردىكى بىر ئەر بۇغدايلىقتا چۇشۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ زىغىر رەڭ كونا سارجا شەپكىسىنى سالپايتىپ كىيىۋالغان ، ئۇچىسىدىكى ياقىسى كىردىن پارقىراپ كەتكەن سېرىق نىلون چاپىنىنى

كانىيىغىچە تۇگىمىلىۋالغان كىشى بولۇپ، بىر قاراشتىلا بۇ ئادەمنى
تونۇۋالدىم. بۇ بىزنىڭ يېزىنىڭ كونا شۇجىسى ئەمرۇل ئىدى.
ئۇ ھە دېگەندە ئاچچىقلىنىپ قايناپ كېلىۋاتىدۇ. قوللىرىنى گويا
بىر كىمنى نوقۇۋاتقاندەك شىلتىپ سۆزلەپ كېلەتتى:
— بۇ پىت باسقان ئوغرىلارنىڭ ھېچقاندىقى دېھقانچىلىق
قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئىسىت ... ئىسىت. ئۆز ۋاقتىدا نەدىمۇ مۇشۇ
چاغقىچە ئېتىزغا چىقماي ئۇخلايدىغان ئىش بولسۇن؟! بۇ
ئوغرىلارنى زادى بوش قويۇۋېتىدىغان ئوغرىلار ئەمەس ئىدى. ھازىر
ۋاقىت ئۇلارغا بەك كەڭرى بولۇپ قالدى. يېڭىدىن ئۆستۈرگەن
سويمەكلەرنىڭ تېخى قولىدىن ئىش كەلمىگەن! مەندەك ئادەم
بولسام، بۇ چاغقا دوپپامنى قولۇمغا ئېلىۋېلىپ بۇ ئوغرىلارنى
سۆرەپ يۈرۈپ تازا ئىشلىتەتتىم. ھەي... ھەي... شۇ چاغلار
ئاجايىپ قالتىس چاغلار كەن جۇمۇ ... ھازىر كۈن چۈشكىچە ئېتىزدا
بىرمۇ ئادەم بولمىسا، بۇنى قانداقمۇ دېھقانچىلىق دېگىلى بولسۇن.
بۇ ئەبگالار مېنىڭ ۋاقتىمدا ئەتىگەنلىك دولقۇن قىلىپ، ماكەمگە
بىر كۈنلۈك ئىش تۈگەپ بولاتتى.
ئەمرۇل قايناپ سۆزلەپ مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ياپىلاق مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك پال - پۇل
چاقناپ تۇرىدىغان ئۈچ بۇرجەك كۆزى ئەمدى قىيسىيىپ،
قاپىقىنىڭ تېرىلىرى سالپىيىپ كۆزىنى توسۇۋالغانىدى. خۇنجا
ئاياقتەك يوغان سالپاڭ گۆشلۈك يۈزلىرى مانا ئەمدى ئورۇقلاپ
ئەينى چاغدا كۆپ كېرىلىپ كەتكەن يۈزىنىڭ تېرىلىرى قورۇلۇپ،
ئۆچكىنىڭ بۆرە يېمەس ئۈچىيىدەك سولىشىپ، تورلىشىپ
قالغانىدى. قارىغاندا، بىچارىنىڭ كۆزى تازا بەك پەرق قىلالماس
بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئېتىز قىرىدا تولا مۇدۇرۇپ كېتەتتى.
ئۇ شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئەينى يىللاردىكى يېزا ئەمەلدارلىرىغا
خاس سالاپىتىنى يوقاتمىغان بولۇپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ
گىدىيىپ ماڭاتتى. ئۇ بەش - ئالتە توخۇ كۆك تېرىپ يەۋاتقان

ئېتىزلىققا كەلدى . مەن كۆڭلۈمدە : «ئۇ توخۇنى چوقۇم بىردەم سۈرۈپ قوغلايدۇ» دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، ئۇ كېتىۋەردى . بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ، بىر كونا ئېچىق ئورنىغا مۈدۈرۈپ كېتىپ دۈم يىقىلغىلى تاسلا قالدى . يايراپ كۆك تېرىپ يەۋاتقان توخۇلار ئۈركۈپ قاقاقلاپ قاچتى . ئەمىرۇل شۇ چاغدىلا مېڭىشتىن توختاپ توخۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپ كەتتى . ئۇ ئېتىزدا توخۇ بارلىقىنى ئەمدى بىلگەنىكەن :

— ھۇ پىت باسقان قەلەندەرلەر ، ماۋۇ قانداق بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ توخۇسى ؟ بۇغدايلىققا توخۇ قويۇۋېتىپ ئۆزى توخۇنىڭ پوقىنى يەمدىكەن ـ ھە ؟ ! گەپ قىلىشە ، ھەي دېھقان ئاتلىق كۆك تۆشلەر ! بۇغدايغا توخۇ قويۇۋېتىشىڭ زادى ئىنقىلابىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇيغۇنمۇ ـ يوق ؟ ھۇ گېلىڭغا نىجاسەت يەيدىغانلار ! ماۋۇ شودۇيجاڭ دېگەن نان قېپىلارمۇ بولۇۋالدى . ھەي ئىسىت ، مەن بولىدىغان بولسام بۇغدايلىققا دورا چېچىپ توخۇ دېگەن نېمىلەرنى ئېتىزغا ئوغۇت قىلاتتىم . ھازىرقى كادىر دېگەنلەرمۇ ، دېھقان دېگەنلەرمۇ زادى لايغەزەللەر . ياكى ئايدا ، يىلدا مەجلىس ئېچىپ توخۇنى قويۇۋەتكەن ئوغرىلارنى پىپەن ـ كۈرەش قىلمايدۇ ياكى دولقۇن قىلمايدۇ . قېنى كۆرىمەن ، ھازىر ئاشلىق ئۇنداق ئاشتى ، مۇنداق باي بولدۇق دېيىشىدۇ . بۇنىڭ ھەممىسى ئىشتىن ، دولقۇندىن قورقۇپ يۇقىرىنى ئالداش . بۇنىڭ ھەممىسى دولقۇندىن ، جاپادىنمۇ ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان ئىش تۈزۈمىدىن قورققانلىق ، بۇرژۇئازىيىنى تىرىلدۈرۈپ جان باققانلىق . قاراپ تۇرۇش . ئەتە ـ ئۆگۈن ياكى بۇ دىۋانىلەر مۇشۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ ھەممىسى خۇرجۇنىنى بويىنىغا سېلىپ تىلەمچىلىككە چۈشىدۇ ياكى بولمىسا پومېشچىك ، باي دېھقانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ .

ئۇ شۇنداق سۆزلىگىنىچە يىراقلىشىپ كەتتى . ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش مۇمكىن بولماي قالدى . مېنىڭ بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلدى . يەنە بىر تۇرۇپ بۇ كونا مەنسەپدارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى .

— قانداق، قىزىق سۆزلەمدىكەن؟

بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىسام، بىزنىڭ قوشنىمىز ھېلىمكام بىر قاپ خىمىيە ئوغۇتنى مۈرىسىدىن قىر بېشىغا چۈشۈرۈۋاتقانىكەن. مەن ھېلىمكامغا كۈلۈپ تۇرۇپ باش لىڭشىتتىم. ئۇ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بۇ بىچارە غوجام پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن مۇشۇنداق سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. كۆزىمۇ بىر نەرسىنى تازا كۆرۈپ كەتمەيدۇ. ئەتىگىنى ئەزان ۋاقتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزغا چىقىۋېلىپ، بىر - ئىككى ئاش پىشىم دېھقانلارنى تىللاپ - قارغاپ مۇشۇ ئېتىزلىقتا ئۆزى بىلەن ئۆزى مەجلىس ئاچىدۇ. تېخى بەزىدە سۆزلەپ - سۆزلەپ كېلىپ «گەدەنكەش ئوغرىنى، قېنى سەن، باغلا ماۋۇ يىت باسقان ئەبگانى، ئاسە!... نېمىشقا دولقۇنغا چىقمايسەن؟ ئۇرە، نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ قېنى مېنىڭ قارچۇغىلىرىم...» دەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى ۋارقىراپ شەپكىسىنى يەرگە ئاتىدۇ... ھا... ھا... ھا...

ھېلىمكامنىڭ قىزىق دوراشلىرىدىن ئۆزىمۇ، مەنمۇ كۈلۈپ ئۈچەيلىرىمىز ئۈزۈلگۈدەك بولدۇق. ھېلىمكام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قارا، ئەنە ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىدىن ياندى، ئۆگەنگەن خۇيىنى تاشلىماق تەس ئوخشايدۇ. بەزىدە قولى قىزىپ كەتكەندە ئۇرغىلى دېھقان تاپالماي بىچارە ئايالىنى بىكاردىن - بىكار ئۇرىدۇ، — دېدى ھېلىمكام بىز تەرەپكە يەنە سۆزلىگىنىچە كېلىۋاتقان ئەمرۇلنى ئىشارەت قىلىپ. مەن بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئەمدى ئەمرۇل شەپكىسىنى قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ھە دەپ ئېتىزلىقتا توكۇرۇپ قوللىرىنى شىلتىپ تىللاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە يەنە گېپىنى ئاڭلىغىلى بولدى:

— ھۇ يىت باسقان قارا شامىللار، خەپ توختاپ تۇرۇش، يېقىندا يەنە مېنى قايتىدىن سېكرېتارلىققا دەسسىتەمەكچى. ھوقۇقنى

بۈگۈن ئالسام كىچىچە ھەممىڭنى سۈر ـ توقاي قىلىپ دولقۇنغا سىلىپ ، مەن ئەمىر ۋلنى بىر تونۇتمايدىغان بولسام . مۇشۇ يەردە بەش ـ ئالتە قارا شامال باسقان ئوغرىلار ئىشتانغا پاتماي قالدى . خەپ ، ئۆز ۋاقتىدا ۋاي ئەمىر ۋل سىكرىتار دەپ ئالدىمغا ئوتتۇز تەزىم بىلەن توققۇز پۈكلىنىپ كىلىدىغان نىمىلەر ئەمدىلىكتە سالام قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭ . ئۆز ۋاقتىدا مال ئۆلتۈرۈپ ئۆيۈڭگە ئەكىرەلمەيدىغانلىرىڭ ئەمدى ئىشىك تۈۋۈڭدىن ئۆتسەم ئۆيگە كىرىلى دىگىلىمۇ خۇش ياقمايدۇ . خەپ توختاپ تۇرۇش ، ئەمدى ھوقۇقنى ئىپقالسام يائاللا ، خىيال ئەيلەشمە ، تازا ئۇچۇغدىمايدىغان بولسام . ماڭا ھازىر قىلغانلىرىڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق ، كۆتۈڭدىن يۇمىلاق چىقارمايدىغان بولسام خەپ... تۇفى !

ئۇ ئىغىزىغا مازغاپتەك يىغىۋالغان كۆپۈكنى ئىتىزلىققا زەردە بىلەن تۈكۈرۈۋەتتى . بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا كىلىۋىدى :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سىكرىتار ، — دەپ سالام قىلدۇق ھىلىمكام بىلەن ئىككىمىز ئەمىر ۋلغا . ئۇ شۇئان تىخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى :

— قىويە بالاڭنى ، قارا شامال ئوغرىلار ! ماڭا نىمە سالام قىلىشىسەن ؟ ! قەرزىم بارمۇ ھەر قايسىڭغا ، ئالدىغىنىڭنى ئىيلىشتىڭ ، ئەمدى جىنىمنى ئالامتىڭ ! ؟ مەندە ئەمدى سىنىڭ دەردىڭنى ئاڭلاپ ھەل قىلىپ بىرىدىغان ھوقۇق يوق . يوقىلىش كۆزۈمدىن ! — دەپ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ يەنە نىمىلەرنىدۇر دەپ سۆزلىگىنىچە ئىرىقنى بويلاپ كىتىپ قالدى .

ھىلىمكام ياقىسىنى تۇتقىنىچە ماڭا قاراپ :

— ئۇكام بۇ ئادەم ھازىرقى سىياسەتكە ، بولۇپمۇ ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تولا خاپا بولۇپ ئىچى پۇشۇپ ، بارغانچە مۇشۇن- داق سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغىلى تۇردى . بولسا يەنە بىزنى گەدد- ىنىمىزگە دەسسەپ ئۇرۇپ ـ تىللاپ ئىشلەتسە دەردى چىقاتتى ، — دىدى .

— ئەمدى بۇ ئادەملەر قانچە سۆزلىسىمۇ، بېشىنى تاشقا ئۇرۇۋالسىمۇ ئۇ دەۋرنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ. ئەمدى بۇلار مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدىم مەن.

هېلىمكام بىلەن ئىككىمىز ياشىرىپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرىغا ئوغۇت چېچىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. باھار شامىلى تېخىمۇ ساپ، ئىللىق ۋە يېقىملىق بولۇپ دىللارغا ئۇرۇلدى.

1985 - يىل 4 - ئاي، قەشقەر



www.uyghurkitap.com

# ياشاش ئۈچۈن

بۇ كىچىككىنە دوختۇرخانىنىڭ ئىگىسىنى كىچىك دوختۇر دېگىلى بولىدىمۇ ، لېكىن ئۇ بۇرۇن ئازغىنە ۋاقىت ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدا دوختۇر بولغان ، كېيىن ئاللىقانداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىدىن ھەيدەلگەنىدى . ئۇزاق ۋاقىت ئۇنى - بۇنى قىلىپ ئىشنىڭ ئېپىنى تاپالمىغاندىن كېيىن ، مانا ئەمدى شەخسىي دوختۇرخانا ئاچتى . بۇ دوختۇرخانا ئەمەلىيەتتە تار كوچىدىكى بىر ئېغىز ئاددىيغىنا ئۆي بولۇپ ، ئۇنىڭدا كونا كارىۋات بىلەن شالاقلاپ قالغان ئىشكاپ ، بىرقانچە بوتۇلكا دورا ، ئىشپىرىس ، داكا دېگەندەك ئاددىيغىنا دوختۇرغا كېتەرلىك نەرسىلەر بار . بۇ قېرى بويتاقنىڭ ئۆيىمۇ ، دوختۇرخانىسىمۇ شۇ ئىدى . مۇشۇ كوچىدىكى قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان ، زۇكامداپ قالغان كىشىلەر مۇشۇ يەردە ئانچە - مۇنچە ئوكۇل سالدۇرۇپ ئىككى - تۆت تال دورا ئېلىپ يەپ ساقىيىپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن خېلى رازى بولۇشۇپ قېلىشقانىدى . شۇنىڭ بىلەن سېيىت ئىسىملىك بۇ دوختۇرنىڭ ھال - ئوقىتى خېلى ياخشىلىنىپ قېلىشقا باشلىدى . سېيىتنىڭ قازاسى يوق ، قانداق ۋاقىتتا ھاجەتمەن كەلسە ئۇ داۋالايدۇ .

كېچە ، ئۇنىڭ قازناق دوختۇرخانىسىنىڭ كىچىككىنە دېرىزىسىدىن چۈشكەن چىراغ نۇرى تار كوچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

www.uyghurkitap.com

ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر ھاجەتمەن قىز بۇ يەردە تۇرغىلى ھازىر ساق يېرىم سائەتتىن ئاشتى . ئۇ بۇ كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن كۆپ ئېھتىيات قىلىدۇ ، شۇڭا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئاشۇ ئۆزى ئۇچۇن بىردىنبىر شاپائەتچى ، باشپاناھ بولالايدىغان دېرىزىگە تۇمەن خىل ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن تەلمۈرۈپ قارىماقتا . نەچچە قېتىم كىرىشكە قەتئىي قارار قىلدى . ئۇ ئۆيدىنمۇ ئاشۇ قارارنىڭ تۇرتكىسى بىلەن چىققاندى . بىراق قىزلىق نومۇسىغا ئورانغان بىر خىل سېھرىي كۈچ ئۇنى بۇ يەرگە ھەم كىرگۈزمەيتتى ، ھەم كەتكۈزمەيتتى . ئۇ ھازىر كېتىشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ، كىرىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ . كىرىشنى ئويلاپ ئالدىغا بىر قەدەم باسسا يۈرىكى ئېغىزىغا تىقىلىپ قېلىۋاتىدۇ ، كېتىشنى ئويلاپ ئارقىسىغا يانسا ئىچ ـ ئىچىدىن يۈرىكى سىقىلىۋاتىدۇ . ئۇ ھازىر يىغلىسىمۇ بولمايدۇ ، باشقا ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ياردەم سورىسىمۇ بولمايدۇ . ئەھۋالىنى ھېچكىمگە دېيىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇنىڭ كېسەللىكى ئەنە شۇنداق كىشى ئۇقسا بولمايدىغان خەتەرلىك كېسەل . ئۇنىڭ ساغلام تېنىگە بۇ ئىپلاس كېسەل قاچان چاپلاشقاندۇ ؟ ئۇ شۇنچىلىك ئېسىل ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەركىسى ئىدى . بۇ قىزنىڭ ئىسمى پەرىزات ، دادىسى ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب . ئۆزى بولسا ئالىي مەكتەپكە تەييارلىنىۋاتقان ، بەلكى پۈتۈن تەييارلىقى پۈتكەن قىز . پەرىزات ئىسمىغا لايىق چىرايلىق پەرىزات . ئۇ شۇنداق ئەركە ، شوخ قىز ئىدىكى ، ھازىر بالاغەتكە يېتىپ قالغاندىمۇ ئۆيدە دادىسىنىڭ بويىنىغا مىنىمىدى دېگەندىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ، ئەركىلەپ ئوينايتتى . شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى بىچارە ھالىتىنى بەلكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيتتى . ئۇ ئۆزىگە كېسەل ياماشقان كۈننى ئېسىگە ئالدى .

بىر كۈنى كەچتە ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى بىرگە تۈگىتىپ ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي زاۋۇتتا شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقداش دوستى مۇتىربە ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى . شوخ ،

چىرايلىق قىز بۇنداق كۆڭۈللۈك ئويۇندىن باش تارتىشنى خالىماي ، مۇتربىبە بىلەن تانسىغا باردى . مۇتربىبەمۇ پەرىزاتتىن قېلىشمايدىغان شوخ ھەم چىرايلىق قىز ئىدى . ئۇلار بىر جۈپ بولۇپ قول تۇتۇشۇپ تانسخانىغا كىرىپ كەلگەندە ، ئاي بىلەن چولپان كۆچۈپ كىرگەندەك تانساخۇمار يىگىتلەرنىڭ ھەۋىسى قوزغالسا ، نازىنىن قىز ـ جۇۋانلارنىڭ ھەسىتى قوزغالدى .

پەرىزات بىلەن مۇتربىبە مەغرۇر كىرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى . ئەمدىلا ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ تۇرۇشىغا ئوخشاشلا قارا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، يېڭىلا ياسانغان چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىۋەتكەن بىرى ئوتتۇرا بوي ، ئاق تۇمشۇق ، يەنە بىرى ئېگىز بوي ، سېرىق قىرقىم بۇرۇت ئىككى يىگىت پەرىزات بىلەن مۇتربىبەنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى . بىر جۈپ كېلىشكەن يىگىت كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرماي قالاتتىمۇ ؟

ئۇلار تانسا ئوينىدى . پەرىزات ئوتتۇرا بوي ، ئاق تۇمشۇق يىگىت بىلەن ئوينىدى . ئۇ بۇ يىگىتنىڭ سىپايە خۇلقى بىلەن مەغرۇر كۆزلىرىنى يارىتىپ قالغانىدى . پەرىزات سورىدى :

— ئۆزىڭىزنى قاياقتىن سورايمىز ؟

يىگىت خۇش تەبەسسۇم بىلەن :

— ئاۋۇ يىگىت بىلەن ئىككىمىز بۇ شەھەرگە مۇخبىرلىق بىلەن كەلدۇق ، — دېدى . پەرىزات يىگىتنىڭ مۇلايىملىقىدىن مەمنۇن بولدى :

— سىزلەر قايسى جاينىڭ مۇخبىرلىرى ؟

— بىزنىڭ تۇرۇمىمىز بويىچە بۇنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن .

پەرىزات بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇلار سۆزسىز بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن يىگىت :

— بۇ پوتونلەي زاماندىن قالغان مۇزىكىلاركەن ، بەك زېرىكىشلىك ، يېڭىسى يوقمىدۇ ؟ — دېدى .

پەرىزات ۋىلىقلاپ شوخلۇق بىلەن كۈلدى ـ دە :

— بىزنىڭ شەھەرنىڭ مۇزىكىلىرىنى ياراتمايدىكەنسىزلەر ،

چوڭ شەھەردىن بولغاندىكىن يېڭىسىنى ئالغاچ كەلسىڭىزلارچۇ؟
— ئېلىپ كەلگەن، مېھمانخانىدا قالدى، ئۇ يەردە يالغۇز مۇزىكا بىلەن قاملىشامدۇ دەمسىز؟ ئاخىر بولماي بۇ يەرگە كەلدۇق.
شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇلار مۇشۇ بىر قېتىملىق تانسا ئاخىرلاشقۇچە سۆزلەشمىدى. ئۇلار تۆتى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ئولتۇردى.
— قارىغىن مۇتىرىبە، بۇلاردا يېڭى تانسا مۇزىكىسى باركەن. بىزنىڭ بۇ مۇزىكىلارنى زاماندىن قالغان دەيدۇ، — دېدى پەرىزات قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ناز بىلەن.
— زامانىۋى مۇزىكىسى باركەن تېخى؟ — دېدى مۇتىرىبە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ پەرىزات بىلەن مۇتىرىبە بۇ ئىككى مۇخبىرنىڭ ياتىقىغا بېرىپ مۇزىكىنى كۆچۈرۈۋالماقچى بولۇشتى. ئوتتۇرا بوينىڭ ئىسمى مەۋلان، ئېگىز بوينىڭ ئىسمى سىراجىدىن ئىكەن. شۇنداق قىلىپ پەرىزاتلار بۇ ئىككى مۇخبىرنىڭ ئىككى كىشىلىك ئالىي دەرىجىلىك ياتىقىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ سەپەر جابدۇقلىرىمۇ زامانىۋى مودىدا ئىكەن. مۇزىكىسىمۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. ئۇلار ئېسىل مۇزىكىنىڭ سېھىرىي كۈچى بىلەن تانسا ئويناشتى، قىزىشىپ ئىچىشتى... كېچىدە ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكىنىنى بىلىشمىدى. ئاخىر خۇدىنىمۇ بىلىشمەي قېلىشتى...

* * *

تاڭ سەھەر.
كۈتكۈچى ئايال ياتاق ئىشىكىنى چېكىۋېرىپ، زېرىكىپ، ئاچقۇچ سېلىپ ئاچتى.
شۇ چاغدا سىراجىدىن ئويغىنىپ قالدى. كۈتكۈچى ئايال تېرىكىپ ساقچى چاقىرىش ئۈچۈن ماڭدى. بۇ چاغدا ھەممىسى



www.uyghurkitap.com

ئـويغـىنىپ كەتتى. ئۇلار كۆتكۈچى ئايالنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تىزلىنىپ يالۋۇرۇشتى:

— ئوبدان ئاچا، ياشلىقنى سىلىمۇ باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن بولغىيتىلە...

ئىككى جۈپ ياشنىڭ ئۆزىگە تىزلىنىپ يېلىنىشلىرى، بولۇپمۇ ئىككى قىزنىڭ يۈزىنى يۇغان ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى كۆڭلى يـۇمـشـاق كۈتكۈچىنىڭ دىلىنى ئېرىتتى. ئۇ بىچارە قىزلارنىڭ ئـولـتـۇرۇشـۇپ كـەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ بىردەم تىكىلگەندىن كېيىن، بېشىنى چايقىغان ھالدا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

پەرىزات بىلەن مۇترىبە ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، پـەرىـزات ئاتا ـ ئانىسىغا «مۇترىبەنىڭ ئۆيىدە قوندۇم» دېدى. مۇترىبە بولسا «پەرىزاتنىڭ ئۆيىدە قوندۇم» دېگەن جاۋابنى بەردى. ھەر ئىككى ئۆينىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سورىمايتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پەرىزات بىلەن مۇترىبە كوچىدىكى بىر ئـېـلانـدىـن مـەۋلان بـىـلـەن سـىـراجـىـدىن دەپ ئاتىلىشقان مۇخبىرلارنىڭ ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن قاچقان جىنايەتچىلەر بولۇپ، ئـەشـەددىـي بۇلاڭچىلار ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئېلاندىكى سۈرەتتە تۇرغان تونۇش چىرايلارنى كۆرگەندە، پەرىزات بىلەن مۇترىبەنىڭ مـېـڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇلارنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئىنئام بېرىدىغانلىقىمۇ ئېلاندا ئېنىق يېزىلغانىدى. بىراق ھازىر ئۇلار نەدە؟

* * *

پەرىزاتنىڭ خىيالى ئۇزۇلۇپ، ئۆي تەرەپتىن كەلگەن ئاياغ تـاۋۇشـى ئۇنى سەگىتتى. ئۇ يۈرىكى ئېغىزىغا تىقىلىپ تېخىمۇ تـۈگـۈلـۈپ كەتتى. پەرىزاتنىڭ ئۇدۇلىدىن ئىككى ئايال ئۆتۈپ كـەتتى. پەرىزات ئۇلارنى تونۇدى. ئۇنىڭ بىرى مۇترىبە، ئۇنى قولتۇقلىۋالغان ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى. مۇترىبە مىشىلدايتتى. ئۇنىڭ

ئانىسى نىملەردۇر دەپ غۇدۇرايتتى . ئۇلار بىراقلاپ كىتىشتى . پەرىزات ئەمدى قەتئىي ئىرادىگە كەلدى . ئەسلىدە ئۇنىڭغا چاپلاشقان ئىپلاس مۇترىبەگىمۇ چاپلىششىپتىكەن ـ دە، پەرىزات ئەسەبىيلەشكەن هالدا سىپىتنىڭ دوختۇرخانىسىغا كىردى .

ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرغان سىپىت پەرىزاتنى كۆرۈپ هەم هەيران ، هەم خۇشال بولدى . ئۇ پەرىزاتنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئۇزاق تەكشۇرگەندىن كېيىن خۇرسىنغان هالدا :

— ئاپلا ، سىزنى مەن ئوبدان بىلىمەن . سىز تىخى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن يېقىندىلا چىققان ئوقۇغۇچى . بىراق قورساقتا بەش ئايلىق بولۇپ قاپتۇ . ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ خەۋىرى بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

پەرىزات بېشىنى چايقىدى . ئىزا تارتقىنىدىن ئۇنى تەر باسقان ئىدى . ئۇنىڭ شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، پۈتۈنلەي بىچارە هالەتتە ئىدى . سىپىت ئىڭىكىنى تاتىلاپ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن :

— ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ، — دېدى . پەرىزات ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى .

— بۇ يەردە يىغلاۋەرمەي چوڭ دوختۇرخانىغا بېرىڭ ، بۇ يەردە ئەسۋابلار تولۇق ئەمەس . قىينىلىپ قالىسىز ، — دېدى سىپىت . پەرىزات يېلىنىپ :

— ئوبدان سىپىت ئاكا ، قىينالسامۇ مەيلى . بۇ پەقەت خەقنىڭ ئۇقماسلىقى ئۈچۈن . بۇنى ئۆزۈمدىن ، سىزدىن باشقا هېچكىم بىلمەيدۇ . ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن . مېنىڭ ئىستىقبالىمنى ئويلىغان بولسىڭىز .

سىپىت مىيىقىدا كۈلدى :

— ئىستىقبالىڭىزنى ئۆزىڭىز ئويلىمىغان يەردە مەن ئويلاپ قانچىلىك ئويلىيالايمەن .

— ئەمىسە مېنى ئۆلسۇن دەمسىز ، خەلقئالەمگە ئاشكارا بولۇپ ، شەرمەندە بولغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى . هازىر پەقەت سىزلا

مېنى قوٗتقۇزۇۋالالايسىز .
سېيىت بېشىنى چايقاپ ، تاماكا ئورىدى .
پەرىزات سېيىتنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى :
— ئوبدان ئاكا ، مەندىن نېمە تەلەپ قىلسىڭىز مەيلى . مېنى قۇتقۇزۇڭ ، مۇتىرىبەنى قوٗتقۇزغاندەك ، — دېدى پەرىزات .
سېيىتنىڭ كۆزى چوڭ ئېچىلدى :
— سىز ئۇنى قانداق بىلىسىز ؟
— مەن ھەممىنى بىلىمەن…
سېيىت تاماكىسىنى بىرھازا قاتتىق شورىغاندىن كېيىن :
— ئۇنىڭ ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بوپتىكەن . دورا بىلەنلا ئىش پۈتتى . بىراق سىزنىڭ ئۇزاق بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى سېيىت .
پەرىزات ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى :
— ئوبدان ئاكا ، ئامال قىلىڭ . زادى ئامالىڭىز يوقمۇ ؟ نېمە كەتسە مەيلى ، ماقۇل دەڭ .
سېيىت قىزنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى :
— ئامال قىلىمەنمۇ ؟ — سورىدى سېيىت قىزغا تىكىلىپ ، قىز ئۈمىدلىنىپ تېزلا ماقۇللۇق بىلدۈردى .
— مەن ئامالىنى قىلىشقا تىرىشىپ كۆرەي . سىزمۇ مېنىڭ دېگىنىمنى قىلالامسىز ؟
قىز خۇشال ماقۇل بولدى .
— كېلىڭ ئەمىسە .
سېيىت غۇلچىنى يايدى . قىز يەنە ياشاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى .

1985 ـ يىل 6 ـ ئاي ، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# بىچارە مەلغۇن

تومۇز كۈنلىرىدە قېرى سېدە دەرەخلىرى چېچىلىپ يەلكىنى باسقان قىزنىڭ چېچىدەك ئاستىدىكى يولغا سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. مۇشۇ خاسىيەتلىك سېدە دەرەخلىرىلا دەھشەتلىك تومۇز ئاپتىپىدىن ساقلىيالايدۇ. سېدە تۈۋىدە ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغان چىملارنى يالاپ، قىرغاقتىكى سېدىنىڭ ئېچىلىپ قالغان يىلتىزىنى خۇددى ئاتىسىغا ئەركىلىگەن نازۇك قىزدەك ۋىلىقلاپ سۆيۈپ ئاقىدىغان مۇزدەك سوغۇق، قىزنىڭ كۆزىدەك تىنىق بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقچە بار. مۇشۇ سۈزۈك، نازۇك بۇلاق سۇلىرى ياشىرىپ تۇرغان يېشىللىقنىڭ هايات بەخش ئەتكۈچىسى.

مەنمۇ ئاشۇ ياپيېشىل چىملارغا زوقلىنىپ قاراپ بۇرۇقتۇملۇقتىن سەل نېرى بولغاندەك روھلىنىپ قالىمەن. ئېرىقچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ ماڭىمەن. ئېرىق سۈيى ۋىلىقلاپ نازۇك بۇژغۇنلار چاچرىتىپ يېشىللىق ئىچىدىن قاتار تىزىلىپ كۈلۈپ چىققان قىزغا ئوخشاش ماڭا قاراپ كېلىدۇ. مەن قوللىرىمنى يېشىل چىملار ئارىسىغا سالىمەن. قولۇمدىن تارىغان ئىللىق راهەت يۈرىكىمنى ئويىنىتىدۇ. بۇ ئېرىق بويىدا مەن ۋە يەنە بىر ئادەم دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. باشقا يولۇچىلارمۇ بار، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلار هامان ئۆزلىرىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرىغا ئالدىرىشىپ هاياتنىڭ بۇ گۈزەل تەرەپلىرىدىن لەززەت ئېپىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. بۇنىڭ بىرى ئېرىق سۈيىگە تويماي

قارايدىغان مەن ، ئۇنداق بولسا يەنە بىرى كىم؟
ماقۇل ، يەنە بىرەيلەننى مەن سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياي . مەن بىلەن مېڭىڭلار . ئەنە كۆرۈۋاتامسىلەر ، ئۇ كۆرۈندى . ئەنە قېرى سېدىگە يۆلىنىپ پۇتلىرىنى مۇزدەك سۇغا چىلاپ ئولتۇرىدۇ ، يېقىن بارغاندا ئۇنى چوقۇم توكلۇك قارا پاچاقلىرى يىرتىق ، قاسماق سارجا شىمىدىن كۆرۈنۈپ قالغان ، سېسىپ كەتكەن پايپاقلىرى تاڭكىسىدىن سالپىيىپ چىقىپ قالغان هالدا كۆرىسىلەر . هەي ، ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق سۇغا چىلىنىۋالغان پۇتلىرىنىزە ! مەن ئۇنى هەر قېتىم مۇشۇ هالدا كۆرگىنىمدە ، گويا هاجەتخانىدا ئەسنەپ سالغان ئادەمدەك سەسكىنىپ كېتىمەن . مانا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپمۇ قالدۇق . ئۇ ئېگىز ، مەجۇن بويى كەلگەن ئادەم بولۇپ ، كىردىن ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ تۇل خوتۇنىنىڭ سۇپۇرىسىغا ئوخشاپ قالغان كۆينىكىنى كانىيىغىچە تۇگمىلىۋالغان ، ساقاللىرى ئورۇق ، زەپىران چىرايىنى پۇتۇنلەي يالمىۋالغان ، تەردىن شور ئۆرلەپ كەتكەن شەپكىسى ئاستىدىن چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرى كىگىزنىڭ چۇچىسىدەك چىقىپ قالغان بىر ئادەم . هازىر ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ قېتىپ قاپتۇ . سىلەر ئۇنى ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قېلىۋاتامسىلەر؟ ياق ، ئۇ ئۇخلىمايدۇ ، ئۇخلىمىدى ، ئۇ هازىر يىگىرمە توققۇز يىللىق هايات سەرگۈزەشتىسىنى گويا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرگەندەك كۆرىدۇ . هازىرمۇ كۆرۈۋاتىدۇ . توگەپ كەتسە يەنە باشتىن كۆرۈشكە باشلايدۇ . يەنە توگىسە يەنە باشتىن كېلىدۇ . مانا بۇ ئېرىق بويى ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلماس جايى . قورسىقى ئاچسا ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشخانىغا سۆرلۈك كولۇمسىرەپ كىرىپ كېلىدۇ . كۆڭلى يۇمشاق قېرى خوجايىن ئۇنىڭغا قاپىقى تۈرۈلمەستىن تاماق بېرىدۇ . ئۇ قورسىقى تويغاندا سوزۇپ كېكىرىۋېتىپ ، ئورنىدىن قوپۇپ خوجايىنغا كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ بەتبەشىرە قىياپىتىگە قاراپ تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنى هۆ تۇتۇپ كۆڭلى ئايىنىپ كېتىشى ، ئۇنىڭدىن چىققان

سېسىق پۇراقتىن خېرىدار قۇسۇپ سېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئاشپەز ئۇنى ھەرگىزمۇ قوغلاپ چىقارمايدۇ. خۇش چىراي ھالدا كەينىدىكى قازناقتا باشلاپ ئالدىغا تاماق كەلتۈرىدۇ. خوجايىنىڭ سېمىز بوغماق ئايالى بولسا ئۇنىڭدىن سەسكىنىدۇ، ئۇ بىر قېتىم كوتۇلداپ بۇرنىنى تۇتقاندا، خوجايىن ئۇنى دۇشكەللەپ: «توۋا دە، بۇرۇنىڭنى تۇتقىنىڭ نېمىسى، سېنىڭ بۇ قىلىقىڭنى ھازىر رېستە بولغان قىزلارمۇ قىلمايدۇ. ئۇ ئەينى چاغدا كارامەت كېلىشكەن قابىل يىگىت ئىدى. ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭدەك كامالەتكە يەتكەن دوختۇر يوق ئىدى، مانا مەنمۇ ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا ئاشۇنىڭ خاسىيەتلىك قولىنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ساڭا خورازلىق قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئۇنىڭ چىرايلىق بەستى، ئەقىل - پاراسىتى، بىلىمى ۋە يەنە تەنتەكلىكى، ياشلىقى - بەڭباشلىقى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغان بىر توپ ناز - كەرەشمىلىك قىز - جۇۋانلار تالىشىپ رەشك قىلىپ بۇنى مۇشۇنداق كېرەكتىن چىقاردى. قىسقىسى، ئۇنى سىلەر تويماس، نائىنساپ ئاياللارنىڭ كۆزى ئاشۇنداق قىلىۋەتتى. ئۇ ھازىر مانا بۇ بىچارە مەلغۇن. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان شەپقىتىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن» دېدى. قېرى خوجايىنىڭ تورلىشاڭغۇ كۆزلىرى ياشاڭغىراپ كەتتى. بوغماق ئايالى بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ياقىسىنى تۇتۇپ قالدى. مانا بۇ كۆز ئالدىمىزدا سېدىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئادەم — بىچارە مەلغۇن مۇشۇنداق بىراۋنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئادەم. كىشىگە قىلغان ئۆمۈرلۈك ياخشىلىق ئۇنىڭ مەلغۇن ھاياتىنىڭ ياشاش مەنبەسى. سىزلەرمۇ، مەنمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدەك ئەڭ ئۇلۇغ مەنىۋى لەززەتكە ئېرىشەلمەيمىز. ئەنە كۆرۈۋاتامسىلەر، ئۇنىڭ قويۇق پاخماق ساقاللار ئارىسىدىن ناھايىتىمۇ سۇس كۈلكىسى جىلۋىلىنىۋاتىدۇ. گويا چوڭقۇر، قاراڭغۇ جىلغا ئىچىدە ئارانچە يانغان بىر تال سەرەڭگىدەك غىل - پال كۆرۈندى. كۈل ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قوقاستەك سۇس يىلىنجاپ يەنە كۈلۈمسىرىدى. مانا بۇ سەرەڭگە، مانا بۇ غىل - پال كۆزىنى ئېچىپ

سۇس پارقىرىغان كۆل ئارىسىدىكى چوغ ئۇنىڭ قىسقا ، ئوتتەك ياشلىقىنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى سىيماسى . ئۇنىڭ گۈزەل ياشلىقى ئەنە شۇنداق ، مۇشۇ كۆز ئالدىدىكى سۇزۇك بۇلاق سۈيىدە ياشىرىپ تۇرغان ياپيېشىل چىمدەك گۈزەل ، سۇزۇك بۇلاق سۈيىدەك ساپ ، ئاشۇ چوغدەك يالقۇنلۇق ئۆتكەندى . ئەگەر خاتالاشمىسام ، ئۇ ئەنە شۇ ياشلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاجىئەسى يۈز بېرىدىغان يەرنى كۆرۈۋاتىدۇ . يۈرۈكلار ، ئاشۇ زېرىكىشلىك قىستاڭچىلىق ئىچىدە بۇ ئادەمنىڭ ئىچىنىشلىق تراگېدىيىسىنى كۆرەيلى . بىز ، سىزمۇ ، مەنمۇ ياش ، كۆرگەننىڭ يامىنى يوق .

* * *

ئېگىز بويلۇق ، سۇمباتلىق بۇ يىگىتنىڭ قەددى گويا بۇلاق بويىدا ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكتەك . چىرايى خۇددى تاغدا ئەڭ ساپ ھاۋالىق ئېگىز جايدا ئۆسكەن ئاق لەيلىدەك چىرايلىق . ئۇنىڭ ئاق خالىتى ئۆزىگە تولىمۇ يارىشىدۇ . ۋاھ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ئاشۇ بىچارە قىزلارغا ئۇنىڭ ئاشۇ تۇم قارا ، قويۇق ، ئەگمە قېشىنىڭ يېرىمىنى ، خالىسىز ماڭلىيىدىكى يالتىراپ تۇرغان نۇرنىڭ ھېچ بولمىسا كىچىككىنە قىسمىنى ، ئۇنىڭ چولپاندەك يېنىپ تۇرغان قارا كۆزىدىكى سېھىرلىگۈچى نۇرنىڭ بىر قىسمىنى ، نۇر يېغىپ قىزىپ تۇرغان مەڭزىنىڭ گۈزەللىكىدىن كىچىككىنە ئېلىپ ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرسىچۇ ! يىگىت سەت بولسا ئۇ ئەڭ چىرايلىق قىزنىمۇ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋېلىشى مۇمكىن . بىراق ، قىز سەت بولسىچۇ ، ئۇ تەبىئەتنىڭ بۇ قانۇنلۇق ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇنداق بولغاندىكىن ، يىگىتنىڭ بۇنچىلا دەرىجىدىن تاشقىرى چىرايلىق بولۇپ كېتىشىنىڭ نە ھاجىتى ؟ ئەي ، قەشقەرنىڭ تەبىئەت رەسسامى ، ئېيتە . سەن گۈزەللىكنى قىزلىرىڭنىڭ ھۆسنىگە قوشۇۋەرمەي ، شۇنداق چىرايلىق يىگىتلەرنىمۇ سىزامسەن ؟ سەن نېمىنى ئويلاۋاتىسەن ؟ بىر

چىرايلىق يىگىتنى سىزساڭ، سەن تارىختا سىزغان ھەرقانداق گۈزەل قىزلىرىڭدىن چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن. سەن قىزلىرىڭغا ئىشلەتكەن بوياقلىرىڭنى مانا بۇ بەھرام ئىسىملىك يىگىتنىڭ جىسمىدا مۇجەسسەم قىلىۋىدىڭ گۈزەل قىزلىرىڭ پەرياد چېكىۋاتىدۇ.

بەھرام بىر قېرى بوۋاينىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگىتىپ كېلىپ ئۆز شەھىرىنىڭ دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا يېرىم يىل بولدى. بوۋاي كېسەل چىرمىغان نۇرسىز كۆزلىرىنى بەھرامغا تىكىپ ھاڭقېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلى يەڭگىللىشىپ تېتىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. دۇنيادا مۇشۇنداق چىرايلىق ئەر كىشىمۇ بولامدۇ؟ بەھرام بوۋاينىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قالغىنىدىن بوۋاينىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقىنىنى سېزىۋالدى. ئۇ بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ:

— ھە بوۋا، بىر ھەپتىگە قالماي كېسىلىڭىز سەللىمازا ساقىيىدۇ. تېخى يەنە نەچچە يىل قوغۇن پىشۇرىسىز. نېمە، ئىشەنمەمسىز، مەن ھۆددە قىلالايمەن. بەش يىل بولدى ساقايمىدىم دەمسىز، سىز قوغۇنىڭىزنى چۈچۈكبۇيىدا كۆچلەپ سۇيىغا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ سۇغارسىڭىز قوغۇنىڭىز بەلەن بولىدۇ. ئەگەر باشقىچە ئوغۇت بېرىپ قۇرۇق سۇنى قويۇۋەرسىڭىز، ئۇ بىر لاۋزا نەرسە بولىدۇ، قوغۇن بولمايدۇ. شۇنداقمۇ ــ ھە، كېسەلگىمۇ دەل جايىدا دورا بەرگەندە راۋۇرۇس بولىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟ ھەببەللى، چوقۇم ساقىيىسىز، خۇدا بۇيرۇسا ماڭىمۇ سىزدەك قاردەك ئاپئاق ساقال چىقسا دەپ قېلىۋاتىمەن.

بەھرام شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. بوۋايمۇ بۇ چىرايلىق يىگىتنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. «نېمە؟ خۇدايىم توۋا، جەننەتنى ساقلايدىغان غۇلامدىن بىرى بۇ يەرگە كەلمىگەندۇ؟»

شۇ چاغدا چىرايلىققىنا بىر پوسمىلاق قىز ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى:

— بەھرام ئاكا سىزگە تېلېفون ، — دەپ پىسىڭگىدە بىرنى كۈلدى ـ دە ، ئارقىسىغا ياندى . بەھرام گۈزەل قىزنىڭ كۈلكىسىگە سوغۇق بېقىپ قويۇپ باشلا لىڭشىتتى . ئاندىن بوۋاينى بىرمۇنچە تاتلىق سۆزلەر بىلەن يولغا سالدى . ئۇنىڭ يېنىدا بەھرامغا ھاڭقېتىپ ئەجەبلىنىپ تۇرغان پېشقەدەم دوختۇر بوۋاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، بەھرامغا :

— ئىنىم بەھرام ، كېسەلنى ئۇنداق ئالدىغان بارمۇ . بۇ راك كېسىلى ، بوۋاي يەنە بىر ھەپتىگە قالماي ئۆلىدۇ ، سىز ئۇنى...

— ھە قەدىرلىك پېشقەدەم ئاكا ، مەن ئۇنى بىلىمەن . سىزنىڭ تىلىڭىز بويىچە ئۇنى سەن بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆلىسەن دېسە ، شۇ بىر ھەپتىگىچە بوۋاي قانچە قېتىم ئۆلۈپ ـ تىرىلەر ؟ ئۇنىڭ ئاشۇ تۇغقانلىرى قانچىلىك ئازاب تارتىدۇ ، بىلەمسىز ؟ بىر ھەپتىگىچە ئۇ ساقىيىدىكەنمەن دەپ خۇشال بولۇپ ، ئۈمىد ئىچىدە بىر قېتىم ئۆلسە ياخشى ئەمەسمۇ . مېنىڭچە ، بىز بېرىۋاتقان دورىدىن بەكرەك ئېغىزىمىزدىن كېسەلگە ئۈمىد دورىسىدىن كۆپرەك بەرگىنىمىز ياخشى . بۇ مېنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى چارەم . تېخى ناپولېئوننىڭ سۆزىدەك يالغاننى دەۋېرىپ ئۇ بوۋاي بىر ھەپتىدىن كېيىن راستتىنلا ساقىيىپ قالامدۇ ! ھا ... ھا ... ھا ...

بەھرام شۇنداق دەپ ، پېشقەدەم دوختۇرنىڭ مۇرىسىگە يەڭگىل شاپىلاقلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . پېشقەدەم دوختۇر ئېغىزىنى كاماردەك ئېچىپ قالدى .

بەھرام تېلېفون ئۆيىگە كېتىپ بېرىپ : «بۇ ھېچكىمنى پىستە تۇمشۇقىغا ئىلمايدىغان باشلىقنىڭ ئەركىلەش قىزى ئاۋارە بولۇپ مېنىڭ تېلېفونومنى ئېلىپ قويۇپتۇ تېخى» دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇ تېلېفونخانىغا كىردى . بۇ يەردە ھېلىقى پوسمىلاق قىز تۇراتتى . بەھرام تېلېفوننى ئېلىۋىدى ، قىز ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى . بەھرام چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى :

— ھە قەدىرلىك گۈزەل سىڭلىم ، نېمە بولۇۋاتىسىز ؟

— نېمە بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلمەيۋاتامسىز؟ دۇنيادا سىزدەك قۇۋ يىگىتنى كۆرمەپتىكەنمەن. بىراۋنىڭ قەلبىنى رام قىلىۋېلىپ، خۇپسەنلىك قىلىپ يۈرۈۋېرەمسىز؟ ئۇنچىلا ھاكاۋۇرلىشىپ كەتسىڭىز بولماس.

قىز ئالىمدەك مەڭزىنى بەھرامنىڭ قولىغا ياقتى.

بەھرام قولىنى شارت تارتىۋېلىپ:

— سىڭلىم گېپىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، سۆيۈملۈك مۇھەببىتىڭىز مېنىڭ جان - جىگەر دوستۇم ئەلى توغرىسىدا بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا ئېيتالمىغان سۆزىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ، يەتكۈزۈپ قوياي، — دېدى بەھرام ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، راسا ئىسمى - جىسمىڭىزغا لايىق قۇۋكەنسىز. سۆزلىرىڭىزدىكى سەمىمىيلىك سىزنىڭ قۇۋ - ھىيلىگەرلىكىڭىزنى يېپىپ قالالمايدۇ. مەن ئەلىگە پەقەت ئۇ يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ ماڭا يېپىشىۋالغىنى ئۈچۈن ئىغىزىمنىڭ ئۇچىدىلا ماقۇل دەپ قويغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى ياخشى كۆرگىنىم يوق. مەن پەقەت سىزنى كۆرگەندىن كېيىنلا ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم. سىزدەك كېلىشكەن يىگىتتە قىزلارغا نىسبەتەن ھېسسىيات بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

قىز بەھرامغا ئىنتىلدى. ئەمما بەھرام ئۆزىنى تارتىۋالدى. قىز بولسا قىيسىيىپ يىقىلدى، دولقۇنسىمان چاچلىرى يەرگە يېيىلدى. بەھرامنىڭ ئىچى ئاغرىپ، قىزنى ئاستا يۆلىدى. قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلار قۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچماستىن بەھرامنىڭ مۇرىسىنى سۇمۇرۇپ يۈرىدى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ گۈلبەھرەم ئىسىملىك دوختۇر قىز كىرىپ كەلدى.

— ۋۇي، مەلىكىزات نېمە بولدى!؟

ئۇ ئاغزىدا قورقۇپ كەتكەندەك قىلغان بىلەن كۆزلىرىدىن رەشك ئۇچقۇنى چاچراپ كەتتى. بەھرام مەلىكىزاتنى گۈلبەھرەمگە

تۇتقۇزۇپ :

— ۋاي... نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك ، قان بېسىمى ئۆرلەپ قالغان ئوخشايدۇ ، — دېدى ـ دە ، چىقىپ كەتتى . مەلىكىزات ئىشىك ئاۋازىدىن كۆزىنى ئېچىپ ، چىقىپ كېتىۋاتقان بەھرامنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ گۈلبەھرەمگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى . گۈلبەھرەمنىڭ بولسا يۈرىكى سىقىلىپ تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى .

بەھرام كارىدوردا كېتىۋېتىپ «ئاھ سۆيۈملۈك گۈلچېھرە ، پاتراق ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلسەڭ توي قىلىۋەتسەك بولاتتى . قىزلارنىڭ توگىمەس ئاۋارىچىلىكى مېنى سارالڭ قىلىۋېتەي دەپ قالدى . دوستلىرىممۇ مېنىڭدىن بارغانچە ياتلاشقىلى تۇردى . مەن پەقەت سېنىلا سۆيەتتىم .» دەپ ئويلاپ ھەسرەتلەندى . ئۇ قورشاۋ ئىچىدە سىقىلماقتا ئىدى .

* * *

بەھرام ئۇنى قىلىپمۇ ، بۇنى قىلىپمۇ زېرىكتى ـ دە ، مۇپاسساننىڭ «ھايات» رومانىنى ئوقۇش ئۈچۈن كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئوڭدا تاشلاپ ياتتى . ياتتىيۇ ، يەنە ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدا گۈلبەھرەم تۇراتتى . بەھرام ئەنسىزلىك بىلەن دېدى :

— ۋۇي ، بۇ كېچىدە سىز نېمىگە كەلدىڭىز ؟

— سىزنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ كەلدىم ، — گۈلبەھرەم شۇنداق دەپ ئۇنىڭ يېنىغىلا ئولتۇردى . بەھرام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشىكنى ئىشارەت قىلدى .

— رەھمەت سىزگە ، كۆپ كايىپسىز ، مەن يالغۇز ئەمەس . كۆردىڭىزمۇ قولۇمدىكى كىتابنى . كىتاب ماڭا دۇنيادىكى ھەرقانداق كاتتا كۆڭۈل ئېچىش ، ھەرقانداق قىزىق سورۇنلاردىنمۇ ياخشى . ھەرگىز زېرىكىپ قالمايمەن .

گۈلبەھرەم ئورنىدىن تۇرمىدى، ئەكسىچە بەھرامنىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. بەھرام يەنە ۋارقىرىدى:

— چىقىپ كېتەمسىز يوق؟ سىز چىقىپ كەتمىسىڭىز مەن چىقىپ كېتەي.

بەھرام بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا گۈلبەھرەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— توختاڭ!...

بەھرام ئىزىدا توختاپ ئارقىسىغا قارىدى. گۈلبەھرەم يۈزىنى يۇغان ياشلىرىنى بويىنىغا سىيلىۋالغان ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، بەھرامنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى:

— شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۇرۇنۇشلىرىم سىزدە قىلچە تەسىرات قالدۇرالماپتۇ. بۇنچىلىك بولغان بولسا خەير...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

بەھرام گاڭگىراپ ماغدۇرسىزلىنىپ ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ ئاجايىپ ئارامسىزلانماقتا ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى. «سۆيۈملۈكۈم پاتراق كەلگىن، پاتراق. بولمىسا مەن بۇ يەردە ئېلىشىپ قالىدىغان ئوخشايمەن.»

— مانا مەن كەلدىم!...

بەھرام چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. مەلىكىزات ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى. بەھرام دەررۇ مەلىكىزاتنى ئىتتىرىۋەتتى. «ۋايجان» دەپ بىر چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كىچە ئاسمىنى زىلزىلىگە كەلدى.

مەلىكىزات ئۇچۇپ بېرىپ بېشى يېزىق ئۈستىلىنىڭ قىرىغا تېگىپ، پېشانىسى يېرىلىپ كەتتى، ئۆزى يەرگە يىقىلدى. بەھرام مەلىكىزاتنى ئاستا يۆلىدى، ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى. شۇئان مەلىكىزات بەھرامغا چىڭ يېپىشىۋالدى. بەھرام ئۆزىنى قاچۇرۇپ

ئۆنىڭدىن ئاجرىيالمىدى .

مەلىكىزات دېمى سىقىلغان هالدا سۆزلىدى :

— مانا ئەمدى ، قەتئىي قاچالمايسىز . ئەگەر قاچىدىغان بولسىڭىز قانۇن بار . قانۇن سىزنى ئەمەس ، مېنى قوغدايدۇ...

بەھرام لاسسىدە بوشاپ كەتتى .

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تاڭ ، بىر چاغدا گۈلدۈر - تاراق ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆيگە بىر توپ لوكچەكلەر چۇقان سېلىپ باستۇرۇپ كىردى - دە ، ئاۋۋال چىراغنى پاچاقلىدى ، ئاندىن بەھرامنى ئاۋازى ئۆچكۈچە كالتەكلەپ چىقىپ كەتتى . بەھرام شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل دوختۇرخانىدا يېتىپ مەلغۇن بولۇپ ساقايدى . مەلىكىزات بۇ چاغدا باشقا بىرى بىلەن بىر بالىلىق بولۇپ بولغانىدى . بەھرامنىڭ سۆيگىنى گۈلچېھرە نېمە بولدى . بەھرام بۇنى بىلمەيدۇ .

مانا بۇ بىچارە مەلغۇن بەھرام ، مۇشۇ سېدە تۇۋىدە ئولتۇرۇپ داۋاملىق گۈلچېھرە زادى نېمە بولدى ؟ مەن نېمە بولدۇم ؟ دەپ ئويلايدۇ . ئويلاپ - ئويلاپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قويىدۇ :

يايرىم كېلىدۇ قول سالىپ ،
توغرا - توغرا يول ئالىپ .
قاياقتىن كەلدىڭ يايرىم ،
يۈرىكىمگە ئوت سالىپ .
...

ئۇنىڭ ناخشىسى ئېرىقتىكى سۇدەك شوخ ئاڭلىنىپ قىرى سېىدىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ شىلدىرلىشىدا مۇڭلۇق پەسىيىپ تۈگەيدۇ .

1985 - يىل 6 - ئاي ، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مېنىڭ سەھرالىرىم، سىلەر نېمە كويدا…

## 1

ئالتۇنگۇل مۇشۇ سەھرانىڭ بارىخانلاپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇملۇقلىرىدا بوستان چاچلىرىنى لەپىلدىتىپ شوخ كېيىك بالىسىدەك ئويناقلاپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى قۇم ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان مەرۋايىتتەك يۈرەكنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان سېھىرلىك مەرۋايىتلاردىن تۈزۈلگەن.

ئۇ ياپپېشىل يايلاقنىڭ سەھەردىكى ياشىرىپ تۇرغان ياۋا مايسىلىرى ئارىسىدا بىر توپ قوي پادىسىنى ھەيدەپ يۈرۈپ ئالتۇن قوڭغۇراقتەك ئاۋازىنىڭ بارىچە ناخشا توۋلاپ، يايلاقنىڭ سەھەر ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرۈپ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ قىزغۇچ مەڭزىدە مۇشۇ بىپايان يايلاقتا ئۆسكەن يۇمران چۆپلەر ئارىسىدا رەڭگا - رەڭ كۈلۈپ ئېچىلغان يايلاق گۈللىرىنىڭ سىيماسى بار. قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇق ئارىسىدا تىنىمسىز بۇلدۇقلاپ چىقىپ، ساناقسىز ئۇششاق ئېرىقچىلار ئارقىلىق بىپايان يايلاقتىكى گىياھلارنى سۇغۇرىدىغان بىر بۇلاق بار. بۇلاقنىڭ سۈيى يازدا مۇزدەك سوغۇق، قىشتا ئىللىق. دېمەك، خاسىيەتلىك. مانا بۇلاقتىن ئالتۇنگۇل ساپال كوزىدا سۇ ئېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ. ئۇ ماڭغاندا قومۇشلار ئۇنىڭ سەرۋىدەك زىلۋا قامىتىنى تاماشا قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى دوراپ لەرزان ئىرغاڭلاپ،

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەسرەت بىلەن قارىشىپ، بىر - بىرىگە قولاقلىرىنى يېقىشىپ شىۋىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى بىرلا ئاللادىن ئۇزلىرىگە ئالتۇنگۇلنىڭكىدەك ئەۋرىشىم زىبا بوي تىلەشتىن ئىبارەت.

ئالتۇنگۇل مۇشۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۇلاق سۈيىدەك پاك ھەم راھەتلىك. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇشۇ بۇلاق كۆزى بىلەن ئىملىداش. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تويماي قارىشىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېسسىياتلارغا كېلىشىدۇ. ئالتۇنگۇل دائىم چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، ئادەملەر ئۆيلىرىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا، بۇ بۇلاق بويىدا پەرىزاتتەك ئەگىپ كېلىپ پەيدا بولىدۇ - دە، كىيىملىرىنى سېلىپ بۇلاق سۈيىگە چۆمۈلىدۇ. ئۇ بۇنداق چاغدا ئۆزىنى تولىمۇ راھەتتە سېزىدۇ. ئۇ ھېچقانداق چاغدا ئۆز بەدىنىگە مۇشۇ چاغدىكىدەك خاتىرجەم قارىيالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدە پاكلىنىپ تۇرغان بەدەنلىرى شۇنچىلىك نازاكەتلىك كۆرۈنىدۇكى، سۇ يۈزىدە لەيلەشلىرىدە خرۇستال قۇتىدىكى ئالتۇن بېلىقتەك يېنىك تولغانسا، بۇلاق ئاستىغا چۆكۈشلىرىدە بۇلاق تېگىدە ۋاللىداپ تۇرغان ئاپئاق مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆز بەدىنىگە قاراپ مەغرۇرغىنا پىسىڭگىدە بىر كۈلسە، سۇدا ئوڭدىسىغا بولۇپ كۆك چايىنىغان بېلىقتەك تېپچەكلەپ بىردىنلا ئىزا تارتىپ ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىدۇ. بۇلاق سۈيى، بۇلاقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ ھەممە يەرلىرىنى كۆرۈۋالدى. ئەگەر شۇ تاپتا، يات بىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، بۇلاق سۈيى ئۇنى يات كۆزدىن ھەرگىز ساقلاپ قالالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى ئەينەكتەك كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئالتۇنگۇل ئەندىكىپ سۇ ئىچىدىن شوخشۇپ چىقىپ ئەتراپقا قارىدى، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بۇلاقتىن چىقىپ كىيىندى - دە، بۇلاق سۈيىدە قاپقارا قۇندۇزدەك پارقىراپ كەتكەن بوستان چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا كىرگەن بىر نەرسە ھەرگىزمۇ بۇلاق سۈيىدەك ئۇنى تولۇق كۆرۈۋالماسلىقى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

بىراق ، ئۇ بەرىبىر بۇلاق سۈيىدەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يېيىشىدۇ . ئــەمــا ، بۇلاق كۆزىدەك ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى مەڭگۇ ، مەڭگۇ كۆرۈۋالماسلىقى كېرەك .

## 2

ئالتۇنگۈلنىڭ چىچى قوڭۇر ئىدى . ئۇ چاچلىرىنى قىرىق ئۆرۈمە قــىلىپ ئۆرۈۋېلىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ . ئەسلىدە بۇرۇن ئۇ قانداق ئۆرۈۋالسام بولىۋېرىدۇ دەپ چاچنىڭ قانداق ئۆرۈلۈشىگە پـەرۋاسـىــز قـارايتتى . كېيىن ئۇنداق قارىمىدى . بىرى ئۇنىڭ چـىـچـىــنــى ئــۇششاق ئۆرۈۋېلىشنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن مــۇشــۇنــداق ئــۆرۈۋېلــىــشنى ئۇمۇ ياخشى كۆردى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ چېچىنى دائىم ئۇششاق ئۆرۈمە قىلىپ يۈرىدىغان بولدى . بۇنداق قىلىش بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلغانىدى . ھازىر بولسا پەقەتلا ئۇنداق تۇيۇلمىدى . ئــۇ چــاچلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن چىرايلىق قىلىپ ئــالماشقا تىرىشتى . ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا چاچلار ھەرىبىر ئالمالغاندا ، ئۇنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان كىچىككىنە تۆشۈك گويا كۆزگە ئوخشايدۇ . بۇ كۆز مۇشۇ چاچنى ياخشى كۆرگەن كۆز شــۇمــىــدۇيــا ؟ چاچ ئــارىــســىــدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر جۈپ كۆز كــۆلۈمسىرەپ تىكىلدى . بۇ كۆزلەر كىمنىڭ كۆزىدۇ ؟ ئۇ ماڭا نېمانچە يېقىملىق تىكىلىدۇ ؟ بۇ زادى ، زادى ، نېمىشقا ھە ؟ ئەمدى ئــۇنــىــڭ ئېسىگە چۈشتى . بۇ كۆز مەھەللىنىڭ ئاۋۇ چېتىدىكى ھېلىقى ھاۋارەڭ ئالىيېشىل موتىسىكلىت مىنىپ يۈرىدىغان شاكىرىنىڭ كۆزى . ئۇ ئادەتتە دائىم ئەينەكلىك قالپىقىنى بېشىغا كىيىپ موتىسىكلىتنى مىنىۋېلىپ مەغرۇر يۈرىدۇ . ئۇ شەھەر يىگىتلىرىدەك ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ . قانداق ۋاقىتتا قارىسىڭىز كەپكىسىنىڭ ئاستىدىن پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرى رەتلىك تارالغان ، پارقىرىتىپ مايلانغان بولۇپ ، كاستۇم -

بۇرۇلـكـىـسى سـىـپـتا دەزماللانغان هالدا يۇرىدۇ . ئەگەر ئۇ مەھەللىدىكى ساناقسىز دېھقانلار ، سەللە ئورىغان مۆتىۋەرلەردىن ، ئەڭ مۇھىمى ئاتىسىدىن قورقمىغان بولسا يالاڭباش يۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى . ھېلىمۇ مەھەللىدىكى ئادەملەر ، جاۋىلداق ئاياللار ، ئـۆزىـنىڭ تەگـتۇشلىرى ئۇنى تولىمۇ مەسخىرە قىلىشقا ئامراق . يىگىتلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن چىققان خۇش پۇراقتىن بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ ھۆ قىلغۇسى كېلىپ كېتىدۇ ـ دە : «ھەي بـىـچارە ، ئـايـال بـولـۇپ قـالـمىغىنىغا بەك پۇشايمان قىلىپ يـاسـىنىۋالغىنىنى ئاز دەپ ، ئەمدى ئاياللارنىڭ بىر نېمىلىرىنى سـۇۋايـدىغان بوپتۇ . ئايال بولغان بولسا قانچىلىك سەتەڭ ئايال بـولاتـتـىـكىنە ؟ » دېيىشىپ خىرىلدىشىپ كۈلۈشەتتى . راستىنى ئـېيتقاندا ، ئاياللار ئۇنىڭ ياسىنىشىغا ھەسەت قىلىشاتتى . ئۇنى ئـۆزئـارا تىللاپمۇ ، غەيۋىتىنى قىلىشىپمۇ ، مەسخىرە قىلىشىپمۇ ھـاردى . دېمەك ، يېزا ئادەملىرى ئۇنى ئاشۇنداق ياسىنىۋالغىنى ئۈچۈنلا ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ . ئەگەر مۇشۇ يېزىدىكى ئەل ـ جامائەت بىلەن كۈندە بەش ۋاخ مەسچىتكە نامازغا كىرمىگەن بولسا ، ئۇنى مەھەللىدىن ھەيدەپ چىقىراتتىمىكىن تاڭ . شاكىر ئاتىسى بىلەن ئەتىگەنلىك بامداتقا كىرگەندە ، نامازدىن كېيىن ئىمامنىڭ ھەر كۈنى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋەز ـ نەسىھىتىدە بەندىلەرنىڭ ئاللادىن رەھـىـم ـ شەپقەت ، ئىنساپ ـ ئىمان تىلىشى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا شاكىرغا قاراپ قويۇپ :

— هازىر بىر قىسىم ياشلار غەلىتە كىيىنىپ چاچنى بولۇشىغا قويۇپ ، ئۆزىنى پەردازلاپ يۇرىدۇ . گەرچە ئۇ نامازنى تەرك ئەتمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆتىگەن نامىزىنى ئاللا قوبۇل كۆرەمدۇ ـ يوق ؟ — دەپ قويۇپ . بۇ چاغدا كىشىلەر مەسخىرە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن شاكىرغا تىكىلەتتى . شاكىرنىڭ ئاتىسى قۇلىقى گاس ، كۆزى ئەما ئادەمدەك پەرۋاسىز تىكىلىپ ئولتۇرىۋېرەتتى . شاكىر بولسا ئىمامغا مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ كۆڭلىدە : «بىلىپ قوي ، ھەممىدىن نـىـيـەت ئـەلا ، ئـاللا مـېنىڭ نامىزىمنى قوبۇل قىلامدۇ ياكى

www.uyghurkitap.com

سىڭىنىشكىنىمۇ ، ئۆزى بىلىدۇ . پاكىزلىقنى ئاللا راۋا كۆرىدۇ » دەپ ئويلايتتى . ھېلىقى سۆزنى ئىمام ئاخۇنۇم ھەپتىدە ھېچ بولمىسا بىر قېتىم تەكرارلايتتى . لېكىن شاكىر پەرۋا قىلمايتتى . دېمەك ، بۇ كونا گەپ ئىدى . چۈنكى ، دەسلەپكى چاغلاردا ئىمام شاكىرنى جامائەت ئارىسىدا ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن ئوسال قىلغاندا ، شاكىر شەھەردىكى چوڭ دامولللىنىڭ ئۆيىگە بارغان ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ سالغانىدى . دامولللام بولسا مۇلايىملىق بىلەن : «ئوغلۇم ، يىغلىمىغىن . ھەممىدىن نىيەت ئەلا ، سەن قانداق كىيىن ، چىچىڭنى قانداق قويغىن ، ئۇنى پاكىز تۇتساڭلا دۇرۇس بولىدۇ . بەزى چالا مولللىلار ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ياشلارغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل پەتىۋالارنى چىقىرىپ ئۇلارنى مەسچىتكە كەلمەس قىلىۋەتتى . مانا بۇنىڭ ئۆزى ئېغىر گۇناھ ئەمەسمۇ ؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىيىمنى پاكىز - رەتلىك كىيسە ، ئۆزىنى تۈزىسە ناماز بولماسمىش . ئۇستىبېشى كونا ، رەتسىز بولسا مۇسۇلمان بولارمىش . مانا بۇ بىزنىڭ ئۆزىنى موللا ، كاتتا مۇسۇلمان ئاتىۋالغان نادان ئادەملىرىمىزنىڭ دەسمايىسى . ئوغلۇم ، بۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز پەرۋا قىلمىغىن» دېگەنىدى .

بۇ مەسچىت ئىمامىنىڭ شاكىرنى دائىم مەسخىرە قىلىشىدا باشقا بىر مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى . بىر كۈنى ئەتىگەنلىك بامداتتىن كېيىن ۋەز ئېيتىپ :

— ھازىر مۇشۇ تولغاق كېسەللىكى ، جىگەر كېسەللىكى دېگەندەك كېسەللەر كۆپىيىپ كەتتى . بۇ بەندىلەر ئارىسىدىكى گۇنايى كەبىرنىڭ غالىبلىقىدىن ئاللانىڭ بەندىلەرگە قىلغان غەزىپى . مەسىلەن ، ھازىر ياش باللار ناھايىتى قېلىپتىن چىقىپ كەتتى . زىنا ، ھارام كۆپ بولغانلىقتىن مانا مۇشۇنداق كېسەللىكلەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ ، — دېدى ئەلللىككە يېقىنلاپ قالغان غازى ئىسىملىك بۇ چار ساقال ئاخۇنۇم .

— مېنىڭ گېپىم بار ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى شاكىر غازى ئىمامنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى تۈگە - تۈگىمەي ، ھەممە شاكىرغا

قارىدى . كىشىلەر توپى ئىچىدە «شاكىر چوكاننىڭ نىمە گىپى باردۇ ؟ » دېگەندەك گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پىچىرلاشلار بولدى (شاكىر-نى يېقىندىن بىرى كىشىلەر «چوكان» دەپ ئاتىشىۋالغاندى ) . غازى ئىمامنىڭ شۇئان قوشۇمىسى تۇرۇلدى . ئۇ شاكىرغا ئالىيىپ بىر قارىدى ـ دە ، يۈزىنى باشقا ياققا بۇراپ لېۋىنى چىڭ پۈرۈش-تۈرۈپ تۇردى . شۇ تاپتا ئۇ «بۇ چاتاقچى ھارىمى مېنىڭ گېپىمدىن قۇسۇر تاپقان چېغى . ئەستا ، نىمە دەپ سالغاندىمەن ؟ » دەپ ئويلاپ ، يۈرىكى پۇلاڭلاپ سوقماقتا ئىدى . جامائەتنىڭ تولىسى شاكىرغا يامان كۆزلىرىدە تىكىلىشتى . شاكىر يېنىدا ئولتۇرغان ئاتىسىغا قارىدى . ئاتىسى يەنىلا خاتىرجەم ئولتۇراتتى . «مېنى ئاتاملا ياخشى كۆرىدۇ . مەن نىمە قىلماي ئۇ ئۈن ـ تىنىمسىز سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرىدۇ . ئەمما كۆزلىرىدىن رازىمەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ . » دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى شاكىر . ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن :

— ئىمام ئاخۇنۇم . بابا ئۆزلىرى زىنا ـ ھارامنىڭ كۆپلۈكىدىن تولغاق ، جىگەر كېسەللىكى كۆپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دېگەن پەتىۋانى چىقاردىلا . لېكىن ھازىر تولغاق ، جىگەر كېسىلى بىلەن ياتقانلارنىڭ تولىسى تۆت ياشتىن تۆۋەن باللار تۇرسا . بۇ گەپ ئەقىلگە سىغامدۇ ؟

غازى ئىمامنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، زۇۋان سۇرەلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدى . جامائەت شاكىرنى شۇنچە يامان كۆرسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقى سۆزلىرىنىڭ ھەقلىقىدىن ئۇلاردىن ئىمامنىڭ يېنىنى ئېلىپ شاكىرنى بېسىقتۇرغۇدەك بىرەر سۆز ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىدى . ھەممە ئاغزىنى ئېچىپ ئويلىنىپ قالغانىدى . بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاچقا ، شاكىر چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن جامائەت بىر ـ بىرلەپ مەسچىتتىن تارىدى . جامائەتلەر چىقىپ كېتىۋېتىپ بىر ـ بىرى بىلەن قۇلاقدىشىپ نىمىلەرنىدۇر دېيىشىپ مېڭىشاتتى . سەپنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئولتۇرغان يېشى غازى ئىمامدىن پەرقلەنمەيدىغان جۈغى كىچىك ، يوغان سەللە

www.uyghurkitap.com

ئورىغان ئارسلان قارىم تېخىچە قاقىقان قوزۇقتەك قېتىپ قالغان غازى ئىمامنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئىمام ئاخۇنۇم سېرىق تۈك سويمىنىڭ گېپىگە بۇنچىۋالا ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا ، — دېۋىدى ، غازى ئىمامنىڭ تېخىمۇ جان - پېنى چىقىپ كەتتى . «ھۇ مىسباش تۈلكە ، خۇشلۇقۇڭدا ھازىر بېشىڭ ئاسمانغا يەتكۈدەك بولدى - دە» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئارسلان قارىمغا يەۋەتكۈدەك چەكچەيدى .

— دەردلىرى چىققاندۇ قارىم ، — دېدى ئۇ . ئارسلان قارىم لەۋلىرىنى تىترىتىپ ، غازى ئىمامنىڭ سۆزىگە مىيىقىدا كۈلۈش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى . غازى ئىمام تېخىمۇ بوغۇلۇپ قالدى . «ھەي شاكىر… ھەي شاكىر… سۆسە ھەزىلەك» دېدى ئىچىدە .

## 3

ئالتۇنگۈل شاكىردىن يىرگىنىدۇ . ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنى سېغىنىدۇ . بىراق ، شاكىر ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ . ئالتۇنگۈلمۇ مانا مۇشۇ يېزىدىكى نۇرغۇنلىغان يېزا ئادەملىرىدەك شاكىرنىڭ سۆلەتمەنلىكىدىن يىرگىنىدۇ . ئۇ بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ بولدى . كۆز ئاپتىپى ئۇنىڭ چاچلىرىنى تولۇق قۇرۇتقانىدى . ئۇ بىر تال چېچىنى ئاخىرقى قېتىم ئالمىغاندا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن «ئەگەر شاكىر چوكاندەك ئۆزىنى ياسىمىسا راۋۇرۇس مۇسۇلمان بالىسى ئىدى . لېكىن ئۇ مۇسۇلمانغا ئوخشىماي قالدى» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

— سىزنىڭچە مەن بېشىمنى ئەينەكتەك قىردۇرۇپ ، يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكا ئورنىغا ئۇزۇن پەرىجە كىيسەم مۇسۇلمان بولۇپ نامىزىم دۇرۇس بولارمۇ ؟ — شاكىر ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرەپ ئالتۇنگۈلگە شۇنداق دېگەنىدى . ئالتۇنگۈل بولسا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ

تەتۈر قاراپ جاۋاب بەرمىدى .

— كۆڭلىڭىزدە نەزىرىڭىزگە چۈشكەن بىر يىگىتكە كۆڭۈل بەرگىنىڭىزنى بىلىمەن . بىراق ، سىزگە كۆيدۈم دەپ يۈرگەن ھېچقانداق يىگىتنىڭ مەن سىزگە كۆيگەندەك كۆيمىگەنلىكىنى كېيىن بىلىپ قالىسىز .

شاكىرنىڭ كۆزىدىن ھېلىلا ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك تۇرغان ياش كىرپىكىدە توختاپ قالدى . ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ بىرمۇنچە گېپىنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي ئاستىنقى كالپۇكىنى قاتتىق چىشلىۋالدى . شۇئان ئېڭىكىگە قان ساقىپ چۈشتى . ئالتۇنگۈل پەرۋاسىزلا دىمىقىنى قىقىپ :

— ھىم ، كۆيۈش - پۆيۈش دېگەننى بىلمەيمەن ، ئۇنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ياسانچۇققا بېرىپ دەڭ ، — دېدى - دە ، كېتىپ قالدى .

شاكىر ھەسرەت ئىچىدە نائىلاج قايتتى . ئۇ قىزدىن نەپرەتلەنسىمۇ مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى . بىر بەرجەس يىگىت ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرسۇنۇ ، بىراق ئۇ ياخشى كۆرمىسۇن . مانا بۇ كۆرۈنۈشتە تەبىئىي ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇزاق يىللار جەريانىدا ئادەملەر ئېڭىغا سىڭگەن تەقدىرنىڭ تۇسالغۇسى . شاكىر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئارقىغا قايتتى . ئۇ ئۇزاق ماڭمايلا يول چېتىدىكى جىگدە دەرەخلىرى ئارىسىدا تۇرغان ئالتۇنگۈل بىلەن قانداقتۇر بىر يىگىتنى كۆردى . شاكىرنىڭ يۈرىكى ھەرە بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ بارسۇنمۇ ؟ بارسۇن ، چوقۇم بېرىش كېرەك . ئالتۇنگۈلنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ، ئالتۇنگۈل ئۇنىڭغا قاراپ شۇنچىلىك ئېچىلىپ يايرىغۇدەك قانچىلىك يىگىتكىن ؟ شاكىر ئۇنى بىر كۆرسۇن . ئۆرتەنگەن يىگىت ئالدىغا قانداق ماڭالىسۇن ؟ ئۇ ئىچىگە سىغمايۋاتقان چەكسىز رەشىك ئوتىنى كۆزىدىن ، كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىدىن ، تۈگۈلۈپ كەتكەن بازغاندەك مۇشتۇمىدىن نامايان قىلىپ بارسۇنمۇ ؟ ياق ، ياق . رەقىبى ئالدىدا غەزەپلىنىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش يىگىت ئۈچۈن ئاجىزلىق . ئەمىسە قانداق

كەيپىياتتا بىرىش كېرەك؟ ئەڭ مۇھىمى، ئۇنى كۆزگە ئىلمىغان، مەغرۇر قىياپەتتە بىرىش كېرەك. ياق، ھازىر شاكىر ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدا ھازىر ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان چەكسىز غەزەپ يالقۇنى باركى، ئۇنى بېسىۋالغۇدەك قۇدرەتلىك كۈچ ئۇنىڭدا يوق. ئەڭ ياخشىسى ئىزىغىدىن قايت! بۇ چاغدا شاكىر ئۇلارغا خېلى يېقىنلاپ قالغانىدى. كاللىسىدا بىرىش - بارماسلىقنىڭ كەسكىن ئېلىشىشى بولۇۋاتقاندا، ئۇنى بۇ يەرگە قايسى كۈچ سۆرەپ كەلدى؟ ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ ئارقىسىغا قايتتى. ئۇنىڭ لېۋىدە ئەمدىلا قېتىشقان يارا ئىزى بۇزۇلۇپ يەنە قان چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يارىسى تېخىمۇ چىمىلداپ كەتتى…

**4**

ئالتۇنگۈل بۇلاققا پۇتىنى چىلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېڭى سىزىم، يېڭى ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. ئۇ ئۆز مىجەزىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشتىن بىچارە بولۇپ قالدى. خىيالىنىڭ بۇلاقتەك تېگى يوق. ئۇنىڭ نازۇك، پاك بەدىنىدە بىر سۆگەل پەيدا بولغاندەك قىلىدۇ. بۇ سۆگەل قانداق پەيدا بولدى؟ كونىلار ئىتقا تۇكۇرسە شۇنداق بولىدۇ دەيدۇ. ئالتۇنگۈل قاچان ئىتقا تۇكۇرۇپ باققان، ئۇ ھازىر كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن خالىي پىنھان گۆش. ئەتە… ئۆگۈنچۇ؟ …

ئۇ ھازىر غەم ئىچىدىن خىيال تاپىدۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ ئاستىدىن، بۇلاق كۆزىدىن بىر كۆز ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىدى. مانا بۇ دەل ئالتۇنگۈل ياخشى كۆرگەن كۆز. بۇ كۆزنىڭ ئىگىسى مۇشۇ يېزىدىكى ئارۇپ ئىسىملىك يىگىت. ئۇمۇ كېلىشكەن يىگىت. بۇ ئالتۇنگۈلنىڭ كۆڭلىدىكى سۆز، ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان بالىسىغا خاس بېشىنى چۈشۈرتۈپ، ئاق دوپپا كىيىپ، بەلباغ باغلاپ، ئىككى غېرىچلىق ئۇزۇن غىلاپلىق پىچاق ئاسىدۇ. يۇملاق يۈزىدە يىگىتلەرگە خاس زىننىقى بار. قىرقىم بۇرتى ئۇنى سۇمباتلىق

كۆرسىتىدۇ . ئۇلار دائىم يېزا چېتىدىكى جىگدىلىكتە ئۇچرىشىدۇ . ئاشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىش ئۆتكەن كۈنلەردىكىدىن باشقىچە بولدى .

ئۇلار ئايدىڭدا ، قىرى جىگدە دەرىخى ئاستىدا كۆرۈشتى . تولۇنئاي قويۇق جىگدە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شولا تاشلايتتى . ئارۇپ ئالتۇنگۈلگە قايسى كۈنى ناھىيە بازىرىغا بارغاندا ۋائىزدىن ئاڭلىغان بىر جۈپ ساداقەتمەن ئاشىق - مەشۇقنىڭ ھېكايىسىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆزلەپ بەردى . ئالتۇنگۈلمۇ ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدى . بەزىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ قەلبىدە شېرىن ھېسلار قوزغىلاتتى . ھېكايە شۇنداق ئۇزۇن بولسىمۇ ، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى . پەقەت يېرىم كېچىگە توخۇ چىللىغاندىلا ئاندىن ھېكايە ئاخىرلىشىپ ئالتۇنگۈل چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى . بۇ چاغدا ئايمۇ ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى . ئالتۇنگۈلنى ۋەھىمە باستى . ئۇ دۇدۇقلاپ :

— ۋاي ئىسىت بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ . ئۆيگە قانداقمۇ كىرەرمەن ؟

— قورقماڭ مەن ئەكىرىپ قويىمەن .

ئالتۇنگۈل ۋارقىرىۋەتتى .

— نېمە ؟ سىز ئەكىرىپ قويامسىز ؟ ياق ، ياق ، ئاتا - ئانام بىلىپ قالىدىغان بولسا مېنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن يانمايدۇ . ھېلىغۇ سىزكەنسىز ، مەن ھازىر يالغۇز كىرىپمۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن ؟ — قىز يۈزىنى توسۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى . ئۇنىڭ مۈرىلىرى تىترەۋاتاتتى . ئارۇپنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ تىترەك باستى . ئېغىزى قۇرۇپ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك بولدى . ئۇ گەپ قىلاي دېۋىدى ، تىلى ئۇنىڭغا بويسۇنماي ئېغىزىدىن گەپ چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەزگەك بولغاندەك چىشلىرى كارسىلداپ كەتتى . ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى . قىز شۇئان چۆچۈپ ئۇنىڭ قولىنى مۈرىسىدىن ئېلىۋەتتى . ئارۇپ قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى . قىز بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ قولىنى بوشىتىۋالدى . قىز ھاسىرىغان ھالدا :

— سىز ، بۇنداق قىلسىڭىز مەن ئىككىنچى يۈزىڭىزگە قارىمايمەن ، — دېدى .

ئارۇپ ئۈن ـ تىنسىز بىر هازا جىم تۇردى . ئۇ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغانىدى .

— ئالتۇنگۈل ئىككىمىز يۇرۇۋاتقىلى بىر يىلدىن ئاشتى . بىراق تا هازىرغىچە قولىڭىزنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقىلى قويمىسىڭىز ؟... قولنى تۇتقانغا نېمە بولىدۇ ؟

— نامەھرەم بولىدۇ ، مەن كېتىمەن ، — ئالتۇنگۈل شۇنداق دەپ مېڭىۋېدى ، ئارۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قولىدىن تۇتۇۋالدى . قىز قولىنى تارتىۋېلىپ جىم تۇردى . ئارۇپ قىزغا نەسىھەت قىلىپ :

— ئەمدى ئۆيگە كىرسىڭىز چوقۇم ئاتىڭىزنىڭ جازاسىغا قالىسىز . ئۇنىڭدىن كۆرە ئەتىگەنلىككە تاڭ ئاتقاندا بېرىڭ .

— نېمە ؟ — ئەندىككىنىدىن قىزنىڭ ئاۋازى بەكرەپ چىقىپ كەتتى .

— قورقماڭ ، نېمانچە ھودۇقىسىز ؟ مەن سىزگە ياخشى نىيەتتە گەپ قىلىۋاتىمەن ، — ئارۇپنىڭ ئاۋازى هازىر مۇلايىم چىقماقتا . دېمەك ، هازىر ئۇ ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالغاندەك قىلاتتى .

— سىزنىڭ ياخشى نىيىتىڭىز زادى نېمە ؟ — قىز گويا يات ئادەمگە گەپ قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە گەپ قىلدى .

— مېنىڭ ياخشى نىيىتىم سىزنى ئاتىڭىزنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇش .

— قانداق قىلىپ ؟ — قىزنىڭ ئاۋازى سەل مۇلايىملاشتى .

— ناھايىتى ئاسان . بىرلا ئېغىز گەپ ، تۇنەككە باردىم دەيسىز . ئىش تامام ، ۋەسسالام .

قىز بىر ئۇھ تارتتى . راستىنلا بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ ياخشى چارە ئىدى . باياتىن بېرى نېمىشقىمۇ قىزنىڭ خىيالىغا كىرمىدىكىنە . ئۇنىڭ ئۇستىدىن تام غۇلاپ چۈشكەندەك لاسسىدە

بوشىشىپ ئىزىغا ئۆلتۆرۈپ قالدى . يىگىت ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى . قىز تارتىنۋالماقچى بولۇۋىدى ، يىگىت چىڭ تۇتۇۋىلىپ :

— مەنىدىن قىچىپ قانداق قىلىسىز ؟ بەك جاھىلكەنسىز ، بەرىبىر بۇ قوللار ماڭا تەئەللۇققۇ ؟

قىز دەماللىققا باشقا گەپ تاپالماي جىمىپ قالدى . يىگىت قىزنىڭ قولىنى سۆيدى . قىزنىڭ تېنى شۈرۈرىدە قىلىپ قالدى . قىز قولىنى تارتىنۋالماقچى بولدىيۇ ، قانداقتۇر بىر خىل كۈچ ئۇنىڭ قولىنى تارتىنۋالغۇدەك دەرمانىنى قويمىدى . يىگىت قىزغا يېقىن كېلىپ ئۆلتۈردى . قىز نېرى سۈرۈلمەكچى بولۇۋىدى ، يىگىت ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىۋالدى . قىز يۇلقۇندى :

— ئۇنچىلا قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . بۇنچىلىك ئىشقا نېمە بولىدۇ ؟— يىگىتنىڭ ئاۋازىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى .

— نامەھرەم بولىدۇ ، — قىز مۇلايىمغىنا جاۋاب بەردى .

— نامەھرەم بولىدۇ ، نامەھرەم بولىدۇ دەۋېرىدىكەنسىز ، ماڭا نامەھرەم بولمايدۇ . مەندىن باشقا ئادەمگە نامەھرەم بولىدۇ ، — يىگىتنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەندى . قىز بىر نەرسە دېيەلمىدى . ئۆزىنى ئىنتايىن بىچارە ھېس قىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . يىگىت ئۇنى چىڭ قىسماقتا ئىدى . قىز ئاخىر يىلىنىش تەلەپپۇزى بىلەن :

— جېنىم ئارۇپ ، ئۇنداق قىلماڭ . بۇ… توي قىلغاندىن كېيىن … — قىزنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .

— قورقماڭ ، ھەرقانداق گۇناھ بولسا ماڭا . پات ئارىدا توينى قىلىۋەتسەكلا بولدى ، — دېدى ئارۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ .

## 5

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە ، ئالتۇنگۈلنىڭ بويىدا قالغانلىقى رەسمىي مەلۇم بولدى . قىزنىڭ بۇرۇنقى شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى . قورسىقىدىكى تۆرەلمە ئۇنىڭ پۈتكۈل شوخلۇقىنى ، مەڭزىدىكى سېھرىي قىزىللىقىنى ، كۆزىدىكى ئۆتكۈر نۇرلارنى

يەۋەتكەندى . قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن شاكىرنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى . گېلىدىن نان ـ سۇمۇ ئۆتمەس بولغان چاغلار بولدى . بۇ چاغدا ئۇ ئالتۇنگۈلنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ جۆيلىدى . كېسەلنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ چاغدىلا بىلىندى . كىشىلەر ئارىسىدا شاكىرنىڭ كېسەللى توغرىسىدىكى رىۋايەت بىلەن ئالتۇنگۈلنىڭ قورسىقىدىكى ھارامدىن تۆرەلگەن بالا توغرىسىدىكى رىۋايەت بىر ـ بىرىگە ئۇلاندى . لېكىن كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن ئالتۇنگۈلنى ئارۇپ ئەمرىگە ئالدى . بۇ كىشىلەرگە تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ تۇيۇلدى . بۇنى كىشىلەرگە قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ بولۇش مۇمكىن . كىشىلەر مەڭگۇ چۈشەنمەيدۇ . ئۇنى پەقەت ئالتۇنگۈل بىلەن ئارۇپ چۈشىنىدۇ . بىراق ، كىشىلەر بولۇپمۇ يىگىتلەر ئارۇپنى كۆرگەندە غەلىتە قاراشتى . بىر ـ بىرىگە كۇسۇرلىشىپ «ئارۇپ تەلەيلىككەن ، قىينالماي خوتۇن ئالدى ، جاپا تارتمايلا بالىغا ئىگە بولدى .» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى . لېكىن ئۇ قىلچە پەرۋا قىلمايتتى . «نېمە دېيىشسەڭ دېيىشىۋەرمەمسەن لالىلار . مەن بالىنىڭ ئاتىسى . سەنلەر نېمىنى بىلىشەتتىڭ ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەردى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ گەپ تېخىمۇ ئۇلغايدى . ئۇلغايغانسېرى ئارۇپ ئۆزىچە دەرگۇمان بولۇپ ئالتۇنگۈلنى قىستاققا ئېلىپ بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ زادى كىملىكى ھەققىدە قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلغۇزدى . لېكىن ئۇ يەنىلا ئالتۇنگۈلنىڭ قورسىقىدا كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىۋاتقان بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ئەمەسلىكىگە ئىشىنەلمەي قالدى . «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ . توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ مېنى بوياقتا كولدۇرلىتىپ شاكىر بىلەن...» ئۇنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى . بىردىنلا شاكىرغا قاتتىق غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكى قوزغالدى . شۇ كۈنلەردە تالاي سۆز ـ چۆچەكنىڭ شاھىدى بولغان بالا ئالتۇنگۈلنىڭ قورسىقىدا بەش ئايلىق بولۇپ چۈشۈپ كەتتى . «ئارۇپ زىيان تارتتى . تەييار مۇزايىنى كۆزلەپ ئىنەك ئېلىۋىدى ،

موزاي ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى .» قورساق كۆپۈكى گەپنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ يەنە ئۇلغايدى . ئارۇپ ساراڭ بولايلا دېدى . ئۇ ئايالىنىڭ پاكلىقىغا گۇمان قىلىپ قالدى ، ئۇنىڭغا ئىشىنەي دېسە تېخى ، ئىشەنمەي دېسە تېخى ، ئۇچۇپ يۈرگەن سۆز - چۆچەك ئۇنى ئىسكەنجىدە قىينىماقتا . «ھەممە بالانىڭ بېشىغا ئاشۇ شاكىر دېگەن ماز پاينەكنىڭ ئوڭ - تەتۈر جۆيلىشى سەۋەب بولدى» دەپ ئويلىدى ئۇ . «خەپ خۇمسى ، سەندىنمۇ مەن كېلىشتۈرۈپ بىر ئۆچ ئالمايدىغان بولسام» .

بىر كۈنى كەچ ئارۇپ يېزا يولىنىڭ دوقمۇشىدا سەككىز - ئون ياش بىلەن شاھمات ئويناۋاتقان يەردىن چىرايلىرى تامدەك تاتارغان ، ئەمما يەنىلا رەتلىك كىيىنگەن شاكىر ئۆتتى . ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ، پۇۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۇدەك ھالغا كېپقالغانىدى . ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك سولغۇن ھەم جۇدەڭگۇ ئىدى . بۇرۇنقى شاكىرغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى . ياشلار ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى . ئارۇپنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى . شۇئان ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىر خىيال كەچتى . ئۇ شاكىرنى گەپتە ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى . شۇ ئارىدا بىر ياش :

— شاكىر ئەجەب ئورۇقلاپ كېتىپتىغۇ ؟ — دېدى .

— بۇنداق چوكانلار بىزدەك قابىل يىگىتلەردىن ئايرىلسا تۈگىشىدۇ ، — دېدى ئارۇپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ . شاكىر ئارقىسىغا شۇنداق چاپسان بۇرۇلدىكى ، غەزەپتىن ئۇنىڭ ئاجىز تېنى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى . ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى يەرگە قاتتىق ئۇرۇلغان ، يىگىتلىك غۇرۇرى ، ياق ، يۈرىكى ئوتقا تاشلىغان گۆشتەك پۇچۇلىنىپ كەتتى . ياخشى كىيىنگىنى ئۈچۈن مانا مۇشۇ ئادەملەر «چوكان» دەپ لەقەم قويدى . ئەمدى بولسا بۇ لەقەم چوڭقۇرلاپ نەگە بارىدۇ ؟ شاكىرنىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۈس ئالغانىدى . ئۇ ئارۇپقا مىختەك تىكىلدى . ئۇنىڭ يۈرىكى «ئەنە شۇ سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى سەندىن تارتىۋالغان ، ئەڭ ئەشەددىي رەقىب ئەنە شۇ . ئۇ يەنە سېنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرۇڭنى دەپسەندە

قىلىۋاتىدۇ » دەپ نالە قىلماقتا ئىدى . نېمە قىلىش كېرەك ؟ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەكمۇ ؟ بىراق ھازىر شاكىردا ئۆز رەقىبىنىڭ ئەدىپىنى بەرگۇدەك مادار يوق . بەلكى رەقىبى بىر پۇۋلىسە ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن . ئەمىسە…

— قانداق ، چوكاندەك پۇرامدىكىن دېسەم قارىشىڭمۇ ئېرىنى كۆتكەن چوكانغا ئوخشايدىكەنغۇ ؟ چوكان پۇراپ نەگە بېرىپ كەلدىڭ ؟ — ئاروپ كۇلۇپ زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆزلىدى .

— شۇنداق ، چوكاننىڭ يېنىغا بارغانتىم . پۇرىقى بەدىنىمگە ، قارىشى كۆزۈمگە سىڭىپ قالغان ئوخشايدۇ ، — دېدى شاكىر . «ئەمدى توگەشكەنسەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىنى بېسىپ .

— ھا… ھا… ھا … سەنما ؟ ھا… ھا… ۋاي قوۋۇرغام ، ھا… ھا… قايسى چوكاننىڭ قېشىغا بارغانتىڭ ؟ ھا … ھا … ھا …

«ھەببەللى . ئەمدى مېنىڭ كۇلمىگىنىمنى كۆر !» دەپ ئويلىغان شاكىر ئاروپتەك قاقاقلاپ كۇلۇپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇنداق بولسا سەن ھازىرلا بېرىپ ئالتۇنگۇلدىن سورا ، ھا… ھا… ھا…

ئاروپنىڭ كۇلكىسى ئۆچۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى . ئۇ شاكىرغا ئېتىلغانىدى ، باشقىلار تۇتۇۋالدى . شاكىر بولسا قاقاقلاپ كۇلگىنىچە كېتىپ قالدى . ئاروپنىڭ كۆزىگە قان تولغانىدى .

## 6

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى . باھار كۇنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى كىشىلەر مەھەللىنىڭ چېتىدىكى جىگدىلىك ئارىسىدىكى قېرى جىگدە دەرىخىدە قارا ئارغامچىغا ئېسىلىپ قالغان ئالتۇنگۇلنىڭ ئۆلۇكىنى كۆردى . ئەپسۇس ئىچىدە ئۇنى سىرتماقتىن ئاجرىتىپ ئۇن - تىنسىزلا يەرلىكىدە قويدى . ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆلۇمىگە ھازا ئاچمىدى . ئاتا - ئانىسىمۇ ئانچە ھەسرەتلىنىپ كەتمىدى . پەقەت

ئۇنىڭدىن قالغان بىر يېرىم ياشلىق ئوغۇل بالا كۆكۈش كۆزلىرىگە ياش تولدۇرۇپ يىغلىدى . مانا بۇ قېرى جىگدە ئالتۇنگۈلنىڭ مۇھەببىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغانىدى . مانا ئەمدى ، ئالتۇنگۈلنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە ئارغامچا تارتىپ بەردى . دېمەك ، بۇ قېرى جىگدە جاللات بولدى .

شۇ تاپتا سىزگە ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ . ئارۇپ شاكىرنىڭ ھېلىقى سۆزىدىن كېيىن ئوغا يۇتۇۋالغاندەك خۇدىنى يوقىتىپ ئۆيگە كىردى ـ دە ، ئالتۇنگۈلنىڭ يۈزىگە بىرنەچچە شاپىلاق سالدى . ئالتۇنگۈل ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىچە بوقچىسىنى كۆتۈرۈپ يامانلاپ ماڭدى . ئارۇپ ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى :

— ھەي ، ھەي خوتۇن ئارقاڭغا يان دەيمەن . ئارقاڭغا يان . ھېلى بىكار ... كەلمەسكە كېتىپ قالىسەن !...

بۇ چاغدا قولۇم ـ قوشنىلار ، ئۇششاق باللارغىچە ئىشىك ئالدىغا چىقىشقانىدى . ئالتۇنگۈل ئارۇپنىڭ ۋارقىرىغىنىغا پەرۋامۇ قىلماي كېتىۋەردى . ئارۇپ ئەسەبىيلەرچە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى :

— كېتە ، كەت ! كەلمەسكە كەت ! بولدى بۇگۈندىن تارتىپ سەندەك خوتۇنۇم يوق ! ئۈچ تالاق...

قولۇم ـ قوشنىلار ئېغىزىنى ، ياقىسىنى تۇتقىنىچە «ۋاي» دەپ قېلىشتى . شۇ چاغدىلا ئالتۇنگۈل ئارقىسىغا بۇرۇلدى . بوقچا ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى . ئارۇپ بولسا ئۆز گېپىدىن قاتتىق چۆچۈپ گاراڭ بولۇپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى . بىر ھازادىن كېيىن باشلىرىغا توپا چېچىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى توپىغا مىلىنىپ كەتتى ، تىزىغىچە توپىغا پاتتى . ئۇ بىر ھازاغىچە توپىدا يېتىپ تولغىنىپ يىغلىدى ، ئۇ يىغىدىن توختاپ ھوشىنى يىغقاندا يېرىم كېچە بولغان ، ئەتراپىدا ھېچكىم يوق ئىدى . ئۇ قىلىپ سالغان گېپىگە ئىنتايىن ئۆكۈندى ، ھەسرەتلەندى ،

يىغلىدى ، قاقشىدى . يۈرىكى ئالتۇنگۈل ئۈچۈن ناله قىلماقتا ئىدى . ئۇ ئۆيگه كىردى . ئۆي ئىچى قالايمىقان ، شامال ئۇچماقتا . ئالتۇنگۈلنىڭ چۆچۈره ئۈچۈن قىلىپ قويغان قىيمىسى ، جىلتىسى چېچىلىپ ياتاتتى . ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ هۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى . ئۆزىنى كاچاتلىدى ، بارمىقىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئالتۇنگۈلسىز هاياتنىڭ كېرىكى يوق دېگەن سادالار بىلەن نامايىش قىلماقتا ئىدى . ئۇ مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان شاكىرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى . ئۇ پىچاقنى بىلەپ ئۆيدىن چىقتى . شاكىرنىڭ مەهەللىسىگە كەلگەندە ، تاڭ ئاتقان بولۇپ ، شاكىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانا ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بەللىرىگە قارا باغلاپ هازا ئېچىشماقتا ئىدى . دېمەك ، شاكىرنى ئارۇپ ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئەزرائىل جېنىنى ئېلىپ كېتىپتۇ ـ دە . «بالدۇرراق ئۆلگەن بولساڭ مۇشۇ كۈنگىمۇ قالماستىم خۇمسى» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئارۇپ بوشاشقان هالدا .

ئارۇپنىڭ يۈرىكى ئاغرىدى ، تېنىدىن دەرمان كەتتى ، كېچىلىرى ئۇيقۇسىز ئۆتتى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئارىغا ئادەم سېلىپ ئالتۇنگۈل بىلەن يارىشىپ قېلىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى . ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «قىزىمىز ئۈچ تالاق بولغۇدەك نېمە قىلدى ؟ خېتىنى بەرسۇن» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ چىڭ تۇرۇۋالدى . بۇلار ئاجرىشىشتا هۆكۈمەت رەسمىيىتىنى تېخى ئۆتىمىگەنىدى . يېزىدىكى خېلى ئادەملەر ئارىغا چۈشۈپمۇ بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدى . ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى . ئارۇپ مەهەللىدىكى كىشىلەرنىڭ مەسلىهىتى بويىچە ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غازى ئىمامغا چوقۇنىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ياراشماقچى بولدى . غازى ئىمام ئوتتۇرىغا چۈشسە ، ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ ، ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلسا ، ئالتۇنگۈل خۇددى ئارۇپ ئالتۇنگۈلگە

چىدىمىغاندەك ئۇمۇ ھازىر سىغىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.
ئىش راستىنلا شۇنداق بولدى. بىراق، ئىش ئاسانغا چۈشمىدى. بەلكى شەرىئەت قائىدىسى بويىچە ئىبرى تەرىپىدىن تالاق قىلىنغان خوتۇن باشقىلار ئارقىلىق تەلى قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسلىي ئىېرىگە نىكاھ قىلدۇرۇلمىسا بولمايدۇ، دېيىلەتتى. ئالتۇنگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئىمامنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى. ئارۇپنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن ئىس مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلىقىنى چىشلەپ سۆڭەككە يەتكۈزدى. لېكىن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئاغرىقى يۈرىكىنىڭ ئاغرىقى، ۋىجدانىنىڭ ئازابى، غۇرۇرىنىڭ پەريادى ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. قولىدىن جىرتىلداپ چىققان قان تامغا چاچرىدى. ئىبغىزى قانغا بويالدى. ئىبغىزىدا بولسا بارماقنىڭ ئۇچى مىدىرلايتتى...
ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتتى. ئارۇپ تولا ئويلاپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. جۇدەپ بوۋايغا ئوخشاپ قالدى. ئىمام ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:
— ئوغلۇم، قارىسام سەن ئالتۇنگۈلگە پەقەتلا چىدىمايدىكەن-سەن. بىراق ئۇنى ئەمدى نىكاھىڭغا ئالىمەن دىسەڭ، تەلى قىلدۇر. بۇ بىز ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى. ئاتا ـ بوۋىمىز ئىمان ئىېتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپلا تالاق قىلغان خوتۇننى قايتا ئەمرىگە ئالغاندا تەلى قىلدۇرغان. بۇ يالغۇز سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى. ئىمانىم كامىل بولسۇن دىسەڭ، مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق. ئەگەر... — ئىمام شۇنداق دەپ گېپىنى توختىتىۋالدى. ئارۇپ ئۇنىڭغا:
— ئەگەر نېمە بولماقچى؟
— ئەگەر سەن باشقىلار بىلىپ سۆز ـ چۆچەك بولۇشىدىن قورقساڭ، سەن، مەن، ئاندىن خوتۇنۇڭ، قېيىناتاڭ، قېيىناناڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر چارە بار. ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ.
— قانداق چارە ئۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئارۇپ جانلىنىپ.

ئىمام ئىنتايىن پەس ئاۋازدا :

— مەن ئۆزۈم تەلى قىلىپ قويساممۇ بولىدۇ، — ئارۇپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىمامنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى.

— سەن… سەن… بۇ … بۇ مۇسۇلمانچىلىق .

قورقۇنچلۇقىدا ئىمامنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى . ئارۇپ ئۇنى قويۇۋەتتى . ئىمام بۇشىنىۋېلىپلا ئارۇپنى ئەيىبلىگىنىچە يامانلاپ كېتىپ قالدى . ئارۇپ بولسا بېشىنى چاڭگاللاپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى . كۇنلەر ئۆتتى ، ئايلار ئۆتتى . ئارۇپ ئاخىر ئىمامغا چاي قويۇپ ، بۇ ئىشنى ئىنتايىن خۇپىيانە قىلىشنى ئۇنىڭدىن ھۆڭرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈندى .

ئىشلار ئەنە شۇنداق بولدى . ئارۇپ بىلەن ئالتۇنگۈل يارىشىپ قالدى . ئالتۇنگۈل قورساق كۆتۈرۈپ تۇغدى . بالا توغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ، بۇ ئائىلىدىكى تىنچلىق يەنە بۇزۇلدى . بالا ئوغۇل بولۇپ ، كۆكۈش كۆزلىرى ، ئىشقىلىپ ، ھەممە يېرى يا ئاتىسىغا ، يا ئانىسىغا ئوخشىمىغان ، بەلكى ئىمامنىڭ بېشىنى ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندەك ئىدى . قايسى ئىنس ـ جىن سىرنى ئېچىۋەتتىكىن ياكى بالىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك تۇرقى بۇ سىرنىڭ پاكىتى بولۇش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، يېزىدا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا سۆز ـ چۆچەك سەلدەك يامرىدى . ئارۇپ نومۇس كۈچىدە بىر كېچىدىلا يۇرتتىن غايىب بولدى . ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمىدى . دەرد ـ ئەلەم ئاخىر ئالتۇنگۈلنى ئۆز قولى بىلەن ئۆز بوينىغا ئۆلۈم سىرتمىقى سېلىشقا مەجبۇر قىلدى . كېيىن كىشىلەر «ئالتۇنگۈلنى شاكىرنىڭ قىساسى تۇتتى ، رەھمەتلىك يىگىت ئاشۇنىڭ دەردىدىنلا ئۆلۈپ كەتتى» دېيىشتى .

1985 ـ يىل 9 ـ ئاي ، قەشقەر



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

# مۇزاكىرە

ئۇ ئىغىر قەدەملىرى بىلەن باشلىقنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى ـ دە ، چەكمەستىنلا ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىكنىڭ چىكىلمەس- تىنلا ئىچىلىشى بىلەن باشلىقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى :
— ھە ئەبەيدۇللامۇ … — باشلىق ماتېرىيالدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ، يېرىم ـ ياتا كۈلۈمسىرىدى ، — ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالەڭنى كۆردۈم . پىكرىڭ كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ… لېكىن…
— مەن ئاجرىشىش توغرىسىدا خەت ئالغىلى كىردىم ، — ئەبەيدۇللا خىيالچان ئىدى . چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى .
— نېمە ؟ ئاجرىشىشقا ؟ ئايالىڭ بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭمۇ ؟ ئىككى بالا بولغاندا يەنە… ياكى ئۇنىڭدىن چېنىپ يۈرەمسەن ـ يە ؟ !
ئەبەيدۇللا باشلىققا تىكىلگىنىچە جىمجىت تۇراتتى .
— گەپ قىلمامسەن ، مېنىڭ دېگەنلىرىم راستمۇ ؟ — باشلىقنىڭ بىردىنلا جەھلى قاتتى .
— ياق ! — ئەبەيدۇللا چوڭقۇر تىندى ، — مېنىڭ ئايالىم يىراقتا . تۆت يىلدىن بېرى يۆتكىيەلمىدىم ياكى مەن يۆتكىلەلمىدىم . ئاجرىشىپلا كەتسەم سىلەرنىڭ بېشىڭلارمۇ ساقىيىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ… — ئۇ كۆزەينىكىنى سۈرتتى .
— بىز مۇزاكىرە قىلمۇاتىمىزغۇ ؟

— ئۈچ يىل بولدى . مەن پەقەت «مۈزاكىرە» قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلىمەن ، لېكىن…

باشلىق ئورنىدىن تۈردى :

— بولىدۇ… بۇ راستتىنلا جىددىي مۈزاكىرە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش … قايتىپ تۈرغىن ، بىز ئوبدانراق مۈزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى .

— يەنە مۈزاكىرە …

— شۈنداق ، مۈزاكىرە قىلمىساق بولامدۇ …



www.uyghurkitap.com

# ئاتا ۋەسىيىتى

بوۋاي ساناقسىز مىنگەش قورۇقلار ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان كۆزىنى سەل مىدىرلاتتى. كۆز قۇيرۇقىدىن ياش ساقىپ قورۇقلارنى ئۆزىگە ئېرىقچا قىلىپ ئېقىپ قوۋزىدىكى قويۇق ئاق ساقىلى ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. نەچچە قاتلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قاپىقى خۇددى ئاسلانچاق ئويۇنچۇق قىلىپ ئويناپ ئىمجان قىلىپ قويغان تام كېپىنىكىنىڭ قانىتىدەك پات - پات لىپىلداپ تىترەيتتى. بوۋاي يۈز ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

ئۇنىڭ قۇلىقىغا «ھوشىغا كەلدى. ئەنە ئېغىزى مىدىرلاۋاتىدۇ. كۆزى... قاپىقى مىدىرلاۋاتىدۇ.» دېگەن چوڭ ئوغلى دەۋرانىنىڭ شوخ قىزى نەفىسەنىڭ بوش ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي بۇ نەۋرىسىگە بەكمۇ ئامراق، شۇڭىنىسى بۇ شەيتان قىز ھەييارلىق قىلىپ تولا بوۋايىنى نامىزىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. بوۋايىنى جىلە قىلىدۇ. بوۋاي قويۇق ساقىلى ئارىسىدىكى ئېغىزىنى ئۈمەللەپ بولغۇچە ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇۋېلىپ سۆيۈپ، يەنە ئاچچىقىنى ئوغرىلاپ نەلەرگە ئاپىرىۋېتىدۇ. «يېشى يۈزدىن ئاشقاندا بۇ بىچارىگە نېمە تارتقۇلۇق؟» كېلىنىنىڭ مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا قىلغان سۆزىمۇ بوۋايىنىڭ قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ پۈتۈن ئەزايىنىڭ خۇددى ياش چاغلىرىدا باش ئەتىيازنىڭ

سوغۇقىغا قارىماي «قەلەندەر زەي» كۆلىگە بېلىق تۇتقىلى بېرىپ، كىچىچە پاتاستا ئوت قالاپ بوجۇق توپىدا ئوت ئۈستىنى نىپىز باستۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاش ئۇچۇن ياتقاندا بەدەنلىرى كۆيۈپ تولغىنىپ كەتكەندەك كۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى بىراق، ھازىر ئۇنىڭدا تولغاشقۇدەك مادار يوق. ئەجەل ئۇنىڭ بېشىدا قانات سۆرەپ يۈرىدۇ. ئېغىزىدا، ياق، ئىچىدە، يۈرىكىدە ئاللاغا شۇكۇر ـ سانا ئېيتىپ ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنى ئوقۇۋاتىدۇ، ئىمان تىلەۋاتىدۇ. ئاللا، جان قاچان چىقىپ بولىدىغاندۇ. ئەمما بىر نەرسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق سىقىۋاتىدۇ. ئۇ يۈز نەچچە يىل بۇ ئالەمدە ياشىدى. بۇ ئالەمدە يەيدىغىنىنى يېدى، كىيىدىغىنىنى كىيدى. مانا ئەمدى سارغىيىپ پىشقان قوغۇنغا ئايلاندى. بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان پەيت كېلىپ قالدى. پېلىكى قۇرۇپ سايىقى سارغايغان قوغۇن بىراۋ ئۈزمىسىمۇ تەبىئىي ئۆزى ئۈزۈلىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئازراق ماغدۇرىغا كەلسە، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالسىلا بولاتتى. ئەگەر بۇ سۆزنى قىلىۋالالماي كېتىپ قالسا، ئۇ بۇ دۇنيادىن چەكسىز ئارمان ئىسكەنجىسىدە سىقىلىپ كېتىپ قالىدۇ. ئېغىر گۇناھ بوقچىسىنى يۈدۈۋېلىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا ياشىغان يۈز نەچچە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقىدىن كۆرە، جەبىر ـ جاپاسىنى تولا تارتتى. جەبىر ـ زۇلۇم ئىچىدە بۇ دۇنيانى «ۋاپاسىز دۇنيا» دەپ ئۆمۈر بويى قارغاپ كەلدى. يەنە شۇ ۋاپاسىز دۇنياغا تارتىشىۋاتىدۇ، چىدىمايۋاتىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدا «ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق» دەيدىغان گەپ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. «يامانىنىڭ ئوتى يامان»، ۋاپاسىزدا زادى قانداق سىر باردۇ؟ ئادەم يەنە ۋاپاسىزغا تويمايدۇ، ۋاپاسىزنى ئەسلەيدۇ، ۋاپاسىزدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، ۋاپاسىز ئۇچۇن ئۆلۈشىدۇ، ۋاپاسىز ئۇچۇن بىر ئۆمۈر ھەسرەت چېكىدۇ. ۋاپاسىزلىق ئىچىگە تەگرى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى سېھىرلىگۈچى قانداق قۇدرەتلىك كۈچ ئاتا قىلغاندۇ؟ مانا

بۇ ئاتا يۈز نەچچە يىل ۋاپاسىز جاھاننىڭ نۇرغۇنلىغان بەختسىز مەخلۇقلىرىدەك ۋاپاسىزلىقنىڭ دەردىنى ھازىرغىچە تارتتى. مانا ھازىرمۇ تارتىۋاتىدۇ، لېكىن يەنە تويمايۋاتىدۇ. ياق تويدى، تويغان بىلەن يەنە بىرئاز ئىشى باردەك تۇرىدۇ. بۇ ئىش ئاز بولسىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش. بوۋاي دەسلەپتە ئۆزىنىڭ بۇنداق تاسادىپىي ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ بېشىدا باللىرى، قېرىنداشلىرى، نەۋرىلىرى، ئىشقىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئادەمنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ بارغانچە ئۆزىگە سەل دەرمان پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ دەرمان كۆيۈشۈۋاتقان بەدىنىگە سوغۇق بىر خىل سېزىم بىلەن كىرىۋاتقانىدى. بۇ دەرمان گەرچە ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا بارغانچە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئەسلەشكە تىرىشتى. كۆچەندى، ئېسىنى يىغىش ئۇنىڭغا ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. ھەر ھالدا قويۇق تۇمان ئىچىدە يىراقتىن كۆرۈنگەن كۆلەڭگۈدەك غۇۋا ئەسلىيەلىدى.

ئۇ كۆك ئېشەكنى مىنىپ مەسچىتتىن يېنىپ ئۆيگە ماڭغانىدى. ھە راست، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئادەتلەنگەن كۈندە پىششىق تۇخۇمدىن ئوننى يەيدىغان ئادىتى بويىچە ئەتىگەندە قوينىغا سالغان ئون تۇخۇمنىڭ كەچ كىرگەندە قالغان ئونىنچى تۇخۇمىنى ئېلىپ سويۇپ، شۆپۈكىنى ھېلى مەنزىلىگە يەتكەندە ئادەم دەسسىمەيدىغان يەرگە ئاپىرىپ كۆمۈۋەتسىمۇ، نەۋرىسى نەفسە باققان ئانارگۈل تەشتىكىگە تاشلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇ قولىغا يىغىلغان تۇخۇم شۆپۈكىنى بەلبېغىغا تۈگدى. ئۇ تۆت يولنىڭ دوقمۇشىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. يول چېتىدىكى ئۆستەڭ بويىدا سۇغا چۆمۈلۈپ، يۈزلىرىگە سېغىز لاي سۇۋاپ «مايمۇن» ئويۇنى ئويناۋاتقان بىر توپ يالىڭاچ باللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ ئويناۋاتاتتى. بوۋاي باللارنىڭ چۇر - چۇر

قلشپ بر ـ برنى قورقۇتۇشلرىغا مەستلكى كەلسمۇ ، ئەنسرىدى . «بۇ كەمدىكى ياش باللار نېمانچە بەغەرەزلشىپ كېتىدىغاندۇ ؟ » ئۇ شۇ خىيالنى قىلىۋاتقاندا ، يېنىدىن خىش باسقان بىر يېشىل ماشىنا يانداپ دېگۇدەك ئۆتتى . بوۋاي چۆچۈپ خىيالى ئۈزۈلۈپ قېلىپ يەنە ئۆز خىيالىنى داۋام ئەتتى . «مانا مۇشۇنداق كوڭكىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ تۇرغان چوڭ يولغا خەق باللىرىنى چىقىرىپ قويۇپ يۈرۈۋېرىدۇ . گۆدەك ـ تە ، گۆدەك . »
ئالدىنقى ماشىنىدىن توزۇغان توپىلىق يولنىڭ ئۈلۈك توپىسى يولدا قېلىن بىر قەۋەت تۇمان ھاسىل قىلدى . ئاچچىق چاڭ ـ توزاندىن بوۋاينىڭ دىماغلىرى ئېچىشىپ دېمى سىقىلىپ كەتتى . كۆزى ئالدىدىكى ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى . پەقەت باللارنىڭ چۇرۇلداشلىرى يېقىنلا يەردە ئاڭلىنىپ تۇراتتى . شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن گۈرۈلدەپ يەنە بىر ماشىنا كەلدى (بوۋاي كۆرەلمىدى ، ئاۋازىدىن شۇنداق ھېس قىلدى ) . ماشىنا بوۋاينىڭ يېنىدىن ئۆتتىيۇ ، بىردىنلا بوۋاي تەرەپكە بىرلا سىلكىنىپ يولدىن چەتنەپ قويۇق تېرەكلەر ئۆسكەن ئورمان بەلبېغىغا ئۇسۇپ كىرىپ كەتتى . بوۋاي تۇيۇقسىز بىقىنىغا ئۆكۈز ئۇسۇۋەتكەندەك ھېس قىلدى ـ دە ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمىدى .

* * *

بوۋاي ئېغىزىنى تەستە قىمىرلىتىپ گەپ قىلدى . دەۋران قۇلىقىنى ئاتىسىنىڭ ئېغىزىغا يېقىن ئەكەلدى :
— ئو … ئوغلۇم … سەن … سەن بارمۇ ؟— بوۋاي ناھايىتى زورۇققان بولسىمۇ ئاۋازى ناھايىتى بوش ، ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ . دەۋران ناھايىتى دىققەتتە ئاتىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى .
— مەن دەۋران . مەن بار ئاتا ، — دېدى دەۋران .
— ھە… سەن … سەن … سەندىن سوراي … مەن نېمە

بولدۇم ؟

— سىزنى ماشىنا بېسىۋېتىپتۇ .

— ھە ... ھە ... مەنمۇ ... شۇنداق ئويلىغۇدىم . شوپۇر قانداق ... ئادەمكەن ؟ ...

— يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى سېرىق تۇك سويمىكەن .

— ئۇ ... ئۇ ... ئۇ بالا ... ھازىر ... قەيەردە ؟

— ساقچىدا سولاقلىق ..

— ئۇ ... ئۇ ... سالامەتمۇ ؟

— كىشىلەر ئۇر - ئۇر قىلىۋېتىپتۇ . ساقچىلار ئاران ئاجرىتىپ سولاپ قويۇپتۇ . ئاتا ، ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟

— مەن ... مەن ... ھامان ... كۆڭلۈم يېقىنلىشىپ قالغان ئادەم ، ئەجىلىم شۇنداق ئوخشايدۇ .

— ياق ، ياق ... ئۇنداق دېمەڭ جېنىم ئاتا ، خۇدايىم شىپالىق بېرە ، — دەۋراننىڭ لەۋلىرى تىترەپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ ، ئىچىدە دېمەكچى بولغان نۇرغۇن گېپى بولسىمۇ بوغۇزىدىن چىقىرالمىدى . ماشىنا بوۋاينىڭ كىندىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى پۇتۇنلەي مىجىۋەتكەن ، بوۋايغا ئوتتۇرا يېشىدا ھەمراھ بولۇپ ئون تەخەي بەرگەن بەختسىز كۆك ئېشەكنىڭ بولسا پۇتۇنلەي مىجىقى چىقىپ ئۆلۈپ بولغانىدى . بوۋاي بولسا تېخى ھايات بىلەن خوشلىشالماي تۇرماقتا ئىدى . ئوغلى ئاتىسىنىڭ يەنە كۆپ بولسا بىرەر سائەت ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، بوۋايغا يۇقىرىقى سۆزنى قىلغانىدى . ياتاق ئىچىدە سانجاق - سانجاق پاتماي تۇرۇپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە يىغا - زار كۆتۈرۈلدى . بوۋاينىڭ ھالى بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئېغىزىنى قىمىرلاتتى . ئۇنىڭ يەتمىش ئالتە يىللىق جۇپتى كۆزى ئەما مومىيى ئوغلى دەۋراننىڭ يۆلەشتۈرۈشى بىلەن بوۋاينىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلاشتۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى . بوۋاي يەنە گەپ قىلدى . دەۋران قۇلىقىنى يېقىن ئەكېلىپمۇ ئاڭلىيالماي ، تۇغقانلارنى

يىغا ـ زاردىن توختاشقا ئىشارەت قىلدى . ئۆي ئىچىنى قاپلىغان كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىدىغان ھەسرەتلىك يىغا توختىغان بولسىمۇ ، پات ـ پات تېشىغا چىقىۋاتقان ئۆكسۈش ئاۋازى زادىلا بېسىلمىدى . دەۋران قۇلىقىنى ئاتىسىنىڭ ئېغىزىغا يېقىن ئەكەلدى . بوۋاينىڭ ئاۋازى ناھايىتى يىراقتىن ئاڭلانغان غايىۋانە ئاۋازدەك ئاڭلانسىمۇ ، ئەمما ئۇققىلى بولاتتى .

— ئوغلۇم... سەن مېنىڭ تۇنجى پەرزەنتىم... ئوغلۇم بولمىغان بولساڭ... مەن... مەن... سەندىن ئۇ دۇنيا... بۇ دۇنيا رازى بولاي... ئۇ... ئۇ... شوپۇر بالىغا... ئازار بەرمەڭلار... يولغا سېلىپ قويۇڭلار... ھەرگىز... دەۋا قىلماڭلار... ئەجىلىم شۇنداق... ئۇ... ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرسەڭلار مېنىڭ كۆزۈم... يۇمۇلمايدۇ... مېنى ئىمانىم بىلەن كەتكىلى قويۇڭلار... سىلەرنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن... ھازىر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ چايناپ يۇركۇۋەتسەڭلارمۇ... دەردىڭلار چىقمايدۇ... مېنى رازى قىلىمەن دېسەڭلار... ئۇنىڭغا تەگمەڭلار . سەن... سەن ھازىر... بېرىپ دېگىن... ئۇنى قويۇۋەتسۇن . بۇ مېنىڭ ساڭا دەيدىغان ۋەسىيىتىم... ئىتتىك بارغىن... مەن شۇنىڭغا... تارتىشىۋاتىمەن... ئاڭلىدىڭمۇ ؟...

* * *

— نېمە قىلماقچى سىز ؟ بۇ قانۇننىڭ ئىشى غەزەپكە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ . ھېلىمۇ ئۇنى كىشىلەر ئۇرۇپ نىمجان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ . ئىككى تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ . يەنە ئۇرۇپ قاتىل بولماقچىمۇ سىز ؟ — ساقچى كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغان ، قاپاقلىرى ئىششىپ ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن دەۋراننىڭ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يالت قىلىپ غەلىتە بىر خىل چاقناپ ، سەل ھودۇقۇپ كەتتىيۇ ، يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى .

— سىز خاتالاشتىڭىز ، مەن ئۇنى ئۇرۇپ ئەنتەمنى ئېلىش ئۇچۇن ئەمەس ، بەلكى ئۇنى داۋالىتىپ ساقايتىپ يولغا سېلىپ قويۇش ئۇچۇن كەلدىم ، — دېدى دەۋران . ساقچى ھەيرانلىقتىن دەۋرانغا قاراپ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ ، يانچۇقىدىن كۆك تاماكا ئېلىپ ئۆزى كېسىۋالغان گېزىت قەغىزىگە ئوراشقا باشلىدى :

— دەۋران كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ ، مەندىن رەنجىسىڭىزمۇ دەۋېرەي . سىزنى بۇ ئەتراپتا جېدەل دېسە بىر توققۇز نان ئېلىپ بارىدىغان نوچى دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىزنىڭ تولىسى جېدەل سورۇنىدا ، قىمار سورۇنىدا داڭ چىقارغان . تەبىئىي ھالدا سىلەرنىڭ جەمەتىڭىزدىكى بىرەرى بىر كىم بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالسا ھەممىڭلار كالتەك ـ تاياق كۆتۈرۈپ بارىسىلەر . جېدەلدىن ، سولاقتىن قورقمايسىلەر . بۇنداق ۋاقىتتا سىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارنى مەن بىلىمەن . مەن ئۇنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە ، — ساقچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىشىك ئالدىغا توپلىنىۋالغان كىشىلەر گۇڭۇر ـ مۇڭۇر قىلىشىپ بۇ سۆزنى بەرھەق دەپ ھېسابلاشتى . دەۋران غەزەپتىن بىر كۆكىرىپ ، بىر تاتىرىپ كەتتى . ئۇ ئىچى تىتىلدىغان ھالدا بارمىقىنى چىشلەپ ، ساقچىغا قەتئىي قىلىپ ئېيتتى :

— سىز مەن توغرۇلۇق راست گەپنى قىلغان ، ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان بولسىڭىزمۇ ، لېكىن مېنىڭ نامەرد ئەمەسلىكىمگە ئىشىنىڭ . ئەگەر مەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ، سىز ئېيتقاندەك قاتىل بولۇش نىيىتى بولىدىغان بولسا ، مەن بۇ يەرگە مانا بۇنداق يوسۇندا ، بۇنداق ۋاقىتتا كەلمىگەن بولاتتىم . ئەسلى مېنىڭ نىيىتىم سىز پەرەز قىلغاندەك ئىدى . بىراق ئاتام ھازىر سەكراتتا يېتىپ ماڭا ... — دەۋران ئاتىسىنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى ساقچىغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى .

www.uyghurkitap.com

— ئاتامنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ. بەلكىم بۇ چاغقا تۇگەپمۇ كەتكەندۇ. ھاياتىمدا مەن ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنى يەردە قويمىغان. بۇ ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى، ماڭا ئىشىنىڭ. بىزنىڭ ھېچقانداق دەۋايىمىز يوق. ئۇ كەتسۇن، ئازابتىن قۇتۇلسۇن! ئەگەر قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بەر دېسىڭىز ھازىرلا شۇنداق قىلىشقا تەييارمەن. مەن ئۇنىڭ بىر تال مويىغا تېگىش تۇگۇل، ئەكسىنچە ئۇنى داۋالىتىمەن. ساقايتىپ يولغا سېلىپ قويىمەن، ئۇ گۇناھسىز. ئەگەر ئۇنى مەيلى تېنى ياكى روھى جەھەتتىن ئازراق زىدە قىلسام ئاتام مەندىن رازى بولمايدۇ.

ساقچى دەۋراننىڭ سەمىمىيلىك بىلەن تولغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— دۇنيادا قاتىللىق قىلىش ئۇچۇن ساقچىغا يېلىنىدىغان بىرمۇ ھاماقەت قاتىل بولمىسا كېرەك. چوقۇم ئىشىنىڭ، ھەرقانداق جاۋابكارلىق مېنىڭ ئۇستۇمدە. ھەرگىزمۇ سىزگە پالاكەتچىلىك كەلتۇرمەيدۇ.

— ئەمىسە ھۆججەت بېرەلەمسىز؟ — دېدى ساقچى ئاخىر چىداپ تۇرالماي.

— ئەلۋەتتە بېرەلەيمەن.

دەۋران ھۆججەتنى يېزىپ قول قويدى.

ساقچى بىلەن دەۋران سولاقخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار شوپۇر يۇز - كۆزلىرى يېرىلغان، كۆكىرىپ ئىششىغان ھالدا ھوشسىز جۆيلۇۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە كەلدى.

— مەن… مەن گۇناھسىز … توغرا يولدىن تۇيۇقسىز بىر توپ باللار يۇگۇرۇشۇپ چىقىپ قېلىپ ماشىنىنى باللاردىن قاچۇرىمەن دەپ … مەن بوۋاينىڭ ئۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلىمىغان… كۆرمەي قاپتىمەن. ئارقا چاقنى زادىلا كۆرمىدىم… مەن گۇناھسىز، مەن … مەن…

دەۋران ئاستا كىرىپ بۇ يىگىتنى كۆتۇردى. ئۇلار دەرۋازا

ئالدىغا چىقتى . كىشىلەر دەۋراننىڭ شوپۇرنى كۆتۈرۈپ چىققىنىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىدىن ئېغىزىنى ئېچىشىپ قارىشىپ قالدى . دەۋران كېتىپ بېرىپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ :

— ئېسىڭلەردە بولسۇن ، مەن سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى ،

ئاندىن ئالدىراش مېڭىپ كەتتى . ساقچى ۋە كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنسىز قاراپ قېلىشتى . باللار دەۋراننىڭ ئارقىسىدىن ئۇچالمايدىغان قارلىغاچ باللىرى ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۇچقاندەك چۇرۇقلۇشۇپ ئەگەشتى .

1986 - يىل 4 - ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يۈرەكتە ساقلانغان سىر

سودىيە زۇمرەت خانىم قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان، سېمىزمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس، ئەمما تەلەتى قورقۇنچلۇق، ئېغىر - بېسىق ئايال. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ ۋىلايەت بويىچە مەشھۇر تۇنجى ئايال سوتچى ئىكەن. ئۇ خېلى مۇرەككەپ چوڭ ئەنزىلەرنى تېزلىكتە بىرتەرەپ قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. شۇڭا ناھىيە تەۋەسىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر نوپۇزلۇق شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سول كۆزى كور بولغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە شۇ سول يۈزى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن تاتۇقلار بىلەن بېزەلگەچكە، چىرايى بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يىراق بىر ناھىيىدىن بۇ ناھىيىگە ئالمىشىپ كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى. كىشىلەر ھەتتا كەسىپداشلىرىدىن بىرەرى ئۇنىڭدىن يۈز - كۆزىڭىز نېمە بولغان دەپ سوراپ قالسا، ئۇ غەزەپلەنگىنىدىن سورىغۇچىنى ئېغىز - بۇرنىغىچە تويغۇزۇۋېتەتتى. شۇڭا باشقىلار ئۇ بار يەردە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ قېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىشاتتى. پەقەت بۇ كۆز ھەم يۈزدە چوقۇم ئەڭ دەھشەتلىك ئىشلارنىڭ ئىز - تامغىسى بارلىقىنى كۆڭۈللىرىدە پەرەز قىلىشاتتى، خالاس.

ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئۆزى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان بىرلا ئوغلىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئېرى ۋە باشقا باللىرى يوقلۇقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ھەمدە بۇ

ھەقتە سوراشقىمۇ پېتىنالمايتتى. ئۇ كىشىلەر بىلەنمۇ كەمدىن - كەم سۆزلىشەتتى. خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن، تامىقىنى يەپلا كۇتۇپخانىسىغا بىر بېكىنىۋالدىمۇ بولدى، كىنو، تىياتىر دېگەنلەرنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. پەقەت كىتاب كۆرەتتى، ئەنزە تەتقىق قىلاتتى، ئەتىكى ئىشلار ئۈچۈن تەييارلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئاندا - ساندا تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرۈپ قوياتتى. ئەمما ھەرقانچە ئالدىراش بولغاندىمۇ ئوغلىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن كۈندە دوكلات ئېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. زۇمرەت خانىمنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالى توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك بىلگىنىم ئۈچۈن ئۆزرە سورايمەن.

ئۇ شۇ تاپتا جىددىي بىر قاتىللىق ئەنزىسى ئۈستىدە تۈنجى قېتىم سوراق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلاندى. گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى تاقىۋىدى، ھېلىقى كۆزى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. كاتىپ ۋە ئىككى ياردەمچى سوتچى ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئەدەپ بىلەن ئورۇن ئالدى.

زۇمرەت خانىم قولىدىكى چوڭ خاتىرىگە بىر پەس سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ساقچىغا:

— جاۋابكار ئېلىپ كىرىلسۇن! — دېدى سالماق ئاۋازدا.

شۇئان سول بىلىكى مۇرىسىگىچە داكىدا ئورىلىپ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان، بېشىغا توقۇلما ئاق دوپپا كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، شاپ بۇرۇت بىر ئادەمنى ئىككى ساقچى يالاپ ئېلىپ كىردى.

سودىيە خانىم كۆرۈۋاتقان خاتىرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرمەيلا:

— جاۋابكار، ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئابباس ھەسەن.

جاۋابكارنىڭ ئاۋازى خاتىرجەم ھەم جاراڭلىق بولۇپ، سوت ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى مۇكاپات ئېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

سودىيە زۇمرەت شۇئان لەپپىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ جاۋابكارغا قاراپ ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچ ۋاقىتتا

كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزىللىق پەيدا بولدى. تاتۇق بىلەن «بىزەلگەن» سول يۈزى بولسا لىپىلداپ تارتىشىپ، ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنگۈدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق تۈسكە كىردى. ئۇزۇن قايرىما كىرپىك ئوڭ كۆزى بولسا چوڭ ئېچىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىر جاۋابكار بولۇپ تۇرغۇچىنىڭ نۇرغۇن «سۈرەت» لىرى خىيال ئېكرانىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى:

— سۆيۈملۈك زۇمرەت، سەن ئوقۇشقا بارمىساڭ، مەن بىر ئەر تۇرۇپ سېنى باقالماسمەنمۇ؟ بارمىغىن، سەن كەتسەڭ...

— قەدىرلىك ئابباس، مېنى پەقەت ئۈچ يىل كۈتۈڭ، ئۈچ يىل چىدىسىڭىزلا مەن ئەبەدىلئەبەد سىزنىڭكى.

— مەن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟

— سەن ئۈرۈمچىدە ئۈچ يىل ئوقۇساڭ، سەۋىيەڭ ئېشىپ چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەن يەنىلا بىر ياغاچچى بولۇپ تۇرىۋېرىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ... ئەگەر ئوقۇيمەنلا دېسەڭ مەيلى...

— نېمە دەۋاتىسىز، ئابباس مېنى نېمانچە قىينايسىز؟ شۇنداق قىلىپ سىز مېنى تاشلىۋېتەمسىز؟ — زۇمرەت ئابباسنىڭ يوغان بەستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە بىرئازدىن كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ دېدى، — ماڭا ئىشىنىڭ، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەلسەم مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن ئابباس...

— قېنى كۆرەرمىز.

...

يېنىدىكى كاتىپنىڭ مىدىرلىشى زۇمرەتنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

— يۇرتۇڭ قەيەر؟ قاتىللىق قىلىش جەريانىڭنى قالدۇرماي راستى بىلەن بىرمۇ بىر سۆزلە! — دېدى ئۇ قەتئىي ئاۋازدا.

— ھەممىڭلارغا بىر قېتىمدىن سۆزلەمدىمەن، يەنە سۆزلىسەم

شۇنى سۆزلەيمەن . مېنى سۆزلىتىۋەرمەي قانداق جازالىغۇڭلار كەلسە شۇنداق جازالىساڭلار مەن رازى ، — دېدى ئاببas ئۈمىدسىزلىككە تولغان جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن .

ئۇ ئاچچىق قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى ، كۆزى سودىيىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا بولسا ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا «ئەمدى ئۆلىدىغان ۋاقتىم راستتىنلا كەپتۇ ، ئەجىلىم شۇنداق ئوخشايدۇ» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى .

— بۇ سوتنىڭ قائىدىسى ، سوتچى نېمىنى سورىسا شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك ؟ — دېدى ياردەمچى سوتچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ .

جاۋابكارنىڭ باياتىنقى ئەپتىدىن ئەمدى ئەسەر قالمىغان بولۇپ ، بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى . ئۇ ياردەمچى سوتچىنىڭ سۆزىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى .

— سوت بۈگۈن ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە توختايدۇ ، — دېدى سودىيە خانىم .

ئۇ سوتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىۋېدى ، باشقىلار تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى . «نېمە ئۈچۈن» لىكىنى سوراشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى . زۇمرەت خاتىرە سومكىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

*　　　*　　　*

بۈگۈن زۇمرەت ئوغلى ۋەلىنىڭ ئۆگىنىشىنىمۇ سورۇشتە قىلماستىن ، كىنو كۆرۈپ كېلىشكە ئىجازەت بەردى - دە ، ئۆزى كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى .

زۇمرەت ئۇرۇمچى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كېتىپ ، بىر يىلدىن كېيىن يازلىق تەتىل قىلىپ يۇرتىغا كەلدى . ئۇنىڭ ئانىسى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا بىر قىزى بىلەن قەدىناس

ئېرىنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىدى.

زۇمرەت ئوقۇشقا مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسى ئۆيلەندى.

ئاباسقا كەلسەك، ئۇ زۇمرەت بىلەن بىر يۇرتلۇق تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، دادىسى ئىلگىرىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. زۇمرەت تەتىل قىلىپ كەلگەندە ئابباس ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇ زۇمرەتنىڭ بىر يىل جەريانىدا كەينى ـ كەينىدىن يازغان خەتلىرىگە ئۆزىنىڭ جاۋاب قايتۇرمىغىنىنى ئويلاپ كۆرۈشۈشكە پېتىنالمىدى. ئۇ زۇمرەتنىڭ شەھەر قىزلىرىغا خاس تۇرقىنى يىراقتىن كۆرۈپلا تارتىنىپ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن يېنىپ، زۇمرەتنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئانىسى بىلەن مۇڭداشقاچ تاماق ئېتىشكە ياردەملىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى. ئەمدى قېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ، باغقا چىقىپ سەگىدىدى. دەسلەپتە ھەر ئىككىسى جىمجىت ئولتۇرۇشتى. كېيىن، پاقا ـ چېكەتكىلەرنىڭ تىنىماي «سايراش» لىرىدىن «ئىلھاملىنىپ» ئارىدىكى سۈكۈتكە خاتىمە بېرىشتى.

— بار ئىكەنسىز، مەن تېخى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىكەنمەن، — دېدى زۇمرەت ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا.

— چوڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تۇرساڭ، دېھقان ئادەم قاملاشمىغان خەتنى يېزىپ تاشلايمەنمىكىن دەپ جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىدىم.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ يەردە يېرىم سائەتچە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، زۇمرەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى ئاپىرىپ قويغاچ يولدا كېتىۋېتىپ سۆزلەشتى. زۇمرەت مەكتەپ ھاياتى ۋە ئۇرۇمچى توغرىسىدا ئابباسقا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بەردى. بۇ جەرياندا بىر يىللىق ھىجران ئوتى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئوتلىرىنى ياندۇردى. زۇمرەت گويا دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئېچىۋاتقاندەك گۈزەل تۇيغۇغا چۆمدى. ئابباس قىزنىڭ سۆز ـ

ھەرىكەتلىرىدە بۇرۇنقىغا نىسبەتەن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى روشەن ھېس قىلدى...

مۇشۇكىنىڭ «تاراق» قىلىپ ئوچۇق دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈشى زۇمرەتنى چۆچۈتۈپ، خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى. ئۇ ئەمدى كۆزەينەكنى تاقاپ ئابباسنىڭ ئەنزە ماتېرىيالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى.

«... ئابباس ئەسلىي قاغىلىق ناھىيىسىدىن، بۇ ناھىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقىلى ئون ئىككى يىل بولغان، ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمىسىدە كەسپىي ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئايالى گۈلسۇم تۇغماس، ئىستىلى بۇزۇق ئايال بولۇپ، يوشۇرۇن ھالدا داۋاملىق بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن. بۇ ئىشلارنى ئابباس بىرئاز سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن پاكىتى بولمىغاچقا ئېغىز ئاچالمىغان. قاتىلنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ ئىقرار قىلىشىچە، ئەنزە يۈز بەرگەن كۈنى ئۇ سىرتقا بىر قۇرۇلۇشنىڭ ئىشىنى قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن. قايتىپ كېلىشىدە ئۇ ئولتۇرغان تراكتور يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ قالغاچقا، ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە يېرىم كېچىدىن ئاشقانىكەن. ئۆيگە كىرىپ، ئايالى بىلەن ناتونۇش بىر ئەر كىشىنىڭ بىر ئورۇندا يېتىپ ئۇخلاۋاتقانىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن. ئابباس كىرىشى ھامان ئۇلار ئويغىنىپ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە قالغان. ئەر قېچىشقا ئۇلگۇرەلمەي ئابباس بىلەن ئېلىشقان. ئىككىسى يېرىم سائەتچە تىركەشكەندىن كېيىن ئابباس ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، راسا ئەدىپىنى بەرگىلى تۇرغاندا، گۈلسۇم كەكىنى قولىغا ئېلىپ ئۆز ئېرىنىڭ بىلىكىنى ئۈچ يەردىن چانىۋەتكەن. ئاببىاس بۇ زەربە تۈپەيلى يىقىلغان. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەر قېچىشقا پۇرسەت تاپقان. گۈلسۇم ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنى چىقىرىۋاتقاندا، ئاڭغىچە ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۈلگۈرگەن ئاباباس بايا خوتۇنى ئۆزىنى چانىۋېتىپ تاشلاپ قويغان كەكىنى ئېلىپ چىقىپ، جان - جەھلى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئۈچرىغان يېرىگە

سالغان . نەتىجىدە گۇلسۇمنىڭ باش ، مۇرە ، دۇمبە قاتارلىق ئۈچ يېرى چانالغان . زىيانلانغۇچى ئەللىك تۆت سائەتتىن كېيىن دوختۇرخانىدا ئۆلگەن… »

زۇمرەت ماتېرىيالنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، كۆزى چېكىقلىپ ئاغرىپ ، ئاخىرىنى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرالمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۆزى بولمىغاچقا ناھايىتى قىينىلاتتى . ساق كۆزىمۇ يېقىندىن بۇيان ئۇزاقراق ماتېرىيال كۆرسە چېكىقلىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ساپاغا تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى . لېكىن خىيال كۆزى يەنىلا ئوچۇق ئىدى .

… زۇمرەك كېيىنكى تەتىللەردە كەلمىدى . چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ ئۆيلەنگەنلىكى بىلەن ، ئاباسىنىڭ توي قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغانىدى . ئوقۇشىنى تۈگىتىپ كەلگەندە ، ئاباس خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن بولۇپ ، ئۇلار يەنە ئەپلىشىپ قالدى . زۇمرەت ئاباستىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈزىگە سالمىدى . ئۇلار توي قىلىشقا پۈتۈشكەندە باشتا زۇمرەتنىڭ دادىسى قوشۇلمىدى . كېيىن قىزىنىڭ رايىغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى .

ئۇلار توي قىلىپ بەختلىك ئائىلە قۇرۇۋالدى . زۇمرەت سوت مەھكىمىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى . ئاباس ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن بولدى . بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ ، ئىسمىنى ۋەلى قويۇشتى…

— ئانا !— ۋەلىنىڭ چاقىرىشى بىلەن خىيالدىن سەگىگەن زۇمرەت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى ، — تېخى ئۇخلىماپسىز ـ دە ، نەچچە قېتىم ئېيتتىم ، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ دەپ . قارىڭە سائەت بىردىن ئۆتۈپتۇ .

— كىنو تۈگىدىمۇ ؟

— ھەئە ، ۋاي دېگۈدەك ياخشى كىنولاردىنمۇ ئەمەسكەن ، ئىككى قىسىم بولغىنى تېخى ، چىقمىسامچۇ .

— ئۇخلايلى ئەمسە، — ئانا ئوغلىنى ھوجرىسىغا كىرگۈزىۋېتىپ، ئۆز خانىسىدىكى ساپاغا چۆكۈپ يەنە خىيال قايىنىمىدا ئۈزدى.

... ۋەلى بىر ياشقا كىرگەن يىلى، زۇمرەت سىرتقا ۋەزىپە ئۆتىگىلى چىقىپ ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ئېغىر يارىلاندى. ئۇنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى، ئاباسمۇ ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.

ئىككى ئاي جىددىي داۋالاش ئارقىلىق زۇمرەتنىڭ سول كۆزى كور، يۈزىمۇ قورقۇنچلۇق تاتۇق بولۇپ ساقايدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئاباس تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە زۇمرەت «ئاباس قەشقەرلىك داڭلىق دۇتارچى گۈلسۈم بىلەن غۇلجىغا بېرىۋاپتىمىش» دېگەن خەۋەرنىلا ئاڭلىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن زۇمرەت ئاباسنى كۆرمىگەنىدى. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ خىزمىتىنى بىجانىدىل ئىشلىگەندىن باشقا ۋاقتىنى ئوغلىنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشكە بېغىشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەپ «ئۇھ» تارتىپ قوياتتىيۇ، لېكىن بۇنى يۈرەك قېتىدا سىر قىلىپ ساقلايتتى، ئوغلىغا: «داداڭ ياخشى ئادەم ئىدى، بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ قوياتتى. ئۇ ئاباسنىڭ ئېچىنارلىق ھالىتىنى كۆرگەندە يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېچىشقاندەك بولدى.

— ئۇۋال بولۇپتۇ بىچارىگە، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

1987 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

# ئاخشامقى پەرىشتە

تومۇز يېقىنلاپ كەلگەن ئاخشاملىرى سالقىن بولىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن جانغا راھەت. مەجنۇنتال، چىنار، يەنە پاكار ئۆسكەن ئارچا، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۈزۈم ساپاقلىرىدەك ساڭگىلىشىپ كەتكەن سېدە چېچىكىنىڭ ئاجايىپ مەززىلىك پۇرىقى، ئاينىڭ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن كۈمۈش تەڭگىدەك شولىسى ئادەمنىڭ يۈزىنى سىيپاپ، قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنىڭ يىگىتنىڭ مەڭزىگە ئۇرۇلۇشىدا ھاسىل بولغان ھېسسىيات دولقۇنلىرىدەك شېرىنلىك پەيدا قىلىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى لەززەت، راھەت، كەچنىڭ راھىتى.

ئەكبەر خۇشال ھېسسىياتلار دولقۇنى، تاتلىق سېزىم بىلەن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، بۇرنىغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان خۇشبۇيلارنى، ساپ ھاۋانى تازا سۈمۈردى.

ئۇ ھازىر بۇرۇنقى ئاشىقى، تۇنجى قېتىم مۇھەببەت باغلىغان قىزنىڭ يېنىدىن چىققانىدى. ئۇ قىز بىلەن ساق يېرىم كۈن مۇڭداشتى. دەسلەپتە ئۇلار كوچىدىلا دوقۇرۇشۇپ قالغانىدى. بۇ چاغدا ھەر ئىككىسى ئەڭ دەسلەپتە كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن نەرسە — ئەگەر يىراقتىنلا كۆرۈپ قالغان بولسا، بىر تەرەپكە ئەگىپ كېتىش، ئەگەر ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك يول بولماي قالسا، كەينىگە يېنىپ كېتىش ئىدى. بۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئىلگىرى خىيال قىلىشقان بولسىمۇ، ھودۇقۇپ كېتىشتى. نېمە

دەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمدى پۇشايمان قىلدى، ئەمما كېچىككەنلىكىنىمۇ دەرھال ھېس قىلدى. قىز خىزمەت بىلەن بۇ شەھەرگە كېلىشنى بىلگەن كۈندىن باشلاپلا غەم - ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. چۈنكى ئۇ ئەكبەرنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئىكەنلىكىنى چوڭ ئانىسىدىن نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان. «شەھەردە ئۇچرىشىپ قالسام قانداق قىلارمەن، ئىلاجى بار ئۇچراشماي. ئەگەر ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردە كۆرمەسكە سالاي، سالاملاشماي، تونۇمايدىغان كىشىدەك ئۆتۈپ كېتەي» دېگەن. ئەمما شۇ ھامان ئىككىلىنىپ قېلىپ: «كۆرۈشسەم بولارمۇيا، سالاملاشمىسام، ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ كەتكەن بولارمەن، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمدىن تارتىپ بىلىشىمەن. ئەمما كۆرۈشسەم، ئۇ ... ئۇ، مەن سالام قىلسام كۆرمەسكە سېلىپ مېنى ئوسال ئەھۋالدا قالدۇرارمۇ ياكى غەزەپ بىلەن ھومىيىپ كېتەرمۇ؟ غەزىپىگە پايلىماي ‹نۇرھايات دېگەن سەنمۇ؟›، دەپ ئىنتايىن يامان گەپلەر بىلەن ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىۋېتەرمۇ ياكى مەسخىرە بىلەن ‹مېنى تاشلاپ تېخىچە بىرىنىڭ پېشىنى تۇتالماي يۈرۈپسەنغۇ؟›، دەپ زەھەرلىك ھىجىيارمۇ... ياكى ... ياق - ياق، مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىن پايدا يوق» دەپ ئويلىغان. ئەمما ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەكبەرگە يېقىن بىر ھېسسىياتنىڭ، ناھايىتى كۈچلۈك بىر تەلپۈنۈشنىڭ تېخىچە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى، بۇ ھېسسىياتنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇنى سېغىندۇرغانلىقىنى، يىراقتىن كۆرۈۋېلىش، ئاۋازىنى ئاڭلىۋېلىش، ئارقىسىدىن قارىۋېلىش، دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلىشىشىنى، كۆپرەك سۆزلىشىشىنى، ئۆزى باشقا ئىشقا مەشغۇل بولۇپ ياكى پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە تۇرۇپ كۆپرەك ئاڭلىۋېلىشنى ئىستەيدىغان بىر ھېسسىياتنى سەزدى. سىرتتا بىر كىملەر، تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن ئاشۇ ئىسىم چىقسا ۋۇجۇدىنىڭ ئىختىيارسىز بىر خىل ئىللىق سېزىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي تىترەپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ

پەقەت توسقىلى، باسقىلى، باشقۇرغىلى بولمايدىغان ھېسسىيات ئىمكەنلىكىنى ئويلاپ ئىنتايىن ئازابلانغان، ھەسرەتلەنگەن. خېلى بۇرۇنلا پۇشايمان قىلىپ يېزىپ بولۇپ سالمىغان خېتىنى يەنە قايتىلاپ ئوقۇغانىدى. ئاخىر ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەتكىلى بولمايدىغان ئارزۇ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بارمىقىنى قاتتىق چىشلەپ يىغلاپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇ ئەكبەر توغرىسىدا يامان خىياللارنى قىلغان. ئۇنىڭ ئەيىب، نۇقسانلىرىنى لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ رەتكە تىزىپ چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىچە خاتىرىلىگەن: «يوغانباش، كىچىك تۇرۇپ چېكە چاچلىرى تۆكۈلۈپ، سەت، قېرى پاينەكباشلارغا ئوخشاپ قالغان، ئۆزىنىڭ بۇدۇر چاچلىرىغا ماس كەلمەيدۇ. دوقا پېشانە، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىكىدە يۇلغۇن بالچۇقى سانچىلىپ قالغان ئەگرى تاتۇق بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە دائىم قاپىقى تۈرۈلگەن. پېشانە، قاشلىرىنىڭ ئارىلىقى سەت قورۇقلار بىلەن تولغان. يۈز تېرىسى ياخشى ئەمەس، ئۆڭى يامان بولغاچقا، پاشا چاقسىمۇ تاتۇق بولۇپ ساقىيىپ، يۈزلىرى چوڭ ـ كىچىك تاتۇق، يارا ئىزلىرى بىلەن تولغان. سەل يادىسا بۇ تاتۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. مەڭزىنىڭ قېنى بار دېگەن بىلەن ساقىلى شەھەرگە كىرگەندىن بۇيان سارغىيىپ، سېرىق ساقال ئورۇسقا ئوخشاپ قاپتۇ. كەينىدىن قارىسا، بەئەينى قېرى ئادەم. ئادەملەرگە سەممىمي، تۈز، راست گەپ قىلىشۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن تولغان. سەمرىپ، ئوتتۇرا بويى پاكارلاپ خۇددى دۇگىلەككە ئوخشاپ قاپتۇ. كەينىدىن قارىسا بەئەينى قېرى ئادەم...»

بۇلارنى ئويلاپ ئاخىر چىداپ تۇرالماي، يېزىۋاتقان قەلىمىنى سۇندۇرۇپ ئوچاققا تاشلىۋەتتى. خاتىرىنى يىرتىپ تىتىپ يىغلىۋەتتى. «مەن نېمىشقا بىكاردىن خەقنى ھاقارەتلەيمەن، تۆھمەت قىلىمەن. ئۇ ماڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەسەتخورلۇق، پۇشايماندىن كېلىپ چىققان ئۆچمەنلىك،

رەزىللىك ، كىچىك تۇرۇپ ، ياش تۇرۇپ ، تېخى قىز تۇرۇپ نېمىدېگەن ئېچى قوتۇرلۇق ، قارا كۆڭۈللۈك ؟ ! ئاھ ، مەن نېمىشقا تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن . نېمىشقا كىچىكىمدە بۆشۈكۈمدىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشمىگەن بولغىيتتى ؟ ! ئۆزۈمدىن ئۆتتى ، ئۆزۈمدىن كەتتى . » ئۇ تازا يىغلىدى ، نەچچە كۈن يىغلىدى . يىغلاۋېتىپ شەھەرگە يولغا چىقىدىغان كۈنىنىڭ بالدۇرراق كېلىشىگە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى ، يەنە قورقۇۋاتقانلىقىنى ، ھودۇقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ تازا يىغلاپ بىر چاغلاردا ئۆزىدە ئاجايىپ بىر جاسارەتنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ، بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ كۈلۈۋەتتى . گويا باياتىن بېرى يىغلىمىغاندەك بەلكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ياشلار بەزمىسىدىن خۇشال قايتقاندەك بولدى . ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ كېتىپ ئەينەك ئالدىغا باردى . بۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقان ، ئالەم ئۇيقۇدا ياتقان چاغ ئىدى . ئۇ ئەينەكتە بىر ھازا ئۆزىنى كۆردى . كۆرۈپ باقتى ، قاپىقىنى سۈزۈپ باقتى ، سەل تۈرۈپ باقتى ، يېرىم تەبەسسۇم قىلدى . قاقاقلاپ كۈلۈپ چىشلىرىنىڭ قانچىلىك كۆرۈنىدىغانلىقى ، لېۋىنىڭ قانچىلىك نېپىزلەيدىغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆردى . كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراپ باقتى . ئىزا تارتقاندا قايسى شەكىلدە تۇرۇشىنى — لېۋىنى چىشلەپمۇ ، ياكى يۈزىنى قوللىرى بىلەن يېپىۋېلىپمۇ — بولارنى ، ئەكبەر بىلەن كۆرۈشكەندە قانداق تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى . ھەممىنى ، ھەربىر ھەرىكىتىنى ئەكبەرنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلدى . ئەكبەر ئۆزىگە تازا قارىمايۋاتقاندەك ، باشقا تەرەپكە قارىۋېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئېسىگە چامادانغا سېلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەكبەرنىڭ سۈرىتى كەلدى . دەرھال چامادانىنى ئېچىپ ، ھەممە كىيىملىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ ، چامادانىنىڭ ئەڭ ئاستىدىن بۇرۇنقى كۈندىلىك خاتىرىسى ئارىسىدىن ئۇنىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ چۈشكەن سەككىز سۆڭلۈك سۈرىتىنى چىقاردى . ئۇنى ئەينەك ئالدىغا ئەكېلىپ ئۆزىگە قارىتىپ قويۇپ ، بايىقى

ھەرىكەتلىرىنى قايتا دورىدى .

«سۆيۈملۈك ئەكبەر... ياق ... بۇنداق دېسەم بولمايدۇ . پەقەت قاملاشمىغان لاۋزىلىق . ئۇنىڭ ئالدىدا قىزلىق قەدرىمنى پەسلەتكەنلىك ، ھەرگىز يۈرىكىمدىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك... ئوبدان ئەكبەر ... ياق ـ ياق ، بۇمۇ بولمايدۇ ، ئەمىسە نېمە دېسەم بولار ؟ بۇنىڭدىن باشقا نېمە دەيمەن ، نېمە دېسە مۇۋاپىق بولىدىغاندۇ ؟ بىرىدىن سورايمۇ ؟ ياق ـ ياق . بۇ خەقتىن مەسلىھەت سورايدىغان گەپ ئەمەس . بىر قىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇق نومۇس بولماس . يەرگە قاراپ تۇرۇپ : مېنى كەچۈرۈڭ ، دېسەمچۇ ، ئوھوي ، بۇنداق دېسەممۇ بولمىغۇدەك ، ياق ـ ياق ، بىرئاز بولىدىغاندەك قىلىدۇ . ئۆز ۋاقتىدا مەن خۇدۇمنى بىلمەي قاپتىكەنمەن . گۆدەكلىكىمدىن ئۈچۈشنى بىلىپ ، چۈشۈشنى بىلمەپتىكەنمەن . خەقلەر كۆرەلمەسلىك قىلىپ ئۇنى ـ بۇنى دېسە ، خەقنىڭ دېيىگە دەسسەپ كېتىپ ، تېخىمۇ ياخشىسىنى ، يۇقىرىسىنى ئىزدەپ يۈز ئۆرۈپتىكەنمەن . ئۆز ئاچام ماڭا دۈشمەنلىك قىلىپ ئازدۇرسا ئېزىپ ، ئۇنىڭغا يول قويۇپ ، سىزدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپقىنىمغا خۇشال بولۇپتىمەن . ئىككى ئەرگە تەگكەن ، بىر بالىسى بار ئاچام : ‹سىڭلىم ئۇزاق مۇددەت توي قىلماي ئوقۇماقچى ، ئوقۇش ئۈچۈن زېھنىنى يىغىپ ئۆگىنىشى كېرەك . شۇڭا ئۇ ھەممىدىن ، ئەڭ مۇھىمى مۇھەببەتتىن ۋاز كەچمەكچى › دەپتۇ سىزگە . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاچام ئويدۇرۇپ چىقارغان . مەن پەقەت ئۇنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ماقۇل بولغان . بۇ ئىش سىزنىڭ ئىززەت ـ نەپسىڭىزگە قاتتىق ھار كەلدى . ھاقارەتلەنگەنلىك ھېس قىلىپ غەزەپ بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ، گەپ قىلماستىن كېتىپ قالدىڭىز . شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بۇزۇلدى . مەن سىزگە ئۆمۈر بويى يۈز كېلەلمەيمەن ھەم ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن بۇ ئالەمدە ياش ۋاقتىمدىكى مۇشۇ تۇنجى قەدىمىمنىڭ خاتالىقىدىن كەلگەن بەختسىزلىك ئىچىدە ياشايمەن . بۇلارنى سىز كۆڭلىڭىزدىن

چىقىرىۋېتكەن تەقدىردىمۇ ، ياق . . . سىز كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتەلمەيسىز . بۇ زەربىنىڭ تورى ھازىرغىچە يۈرىكىڭىزنى تىترىتىۋاتىدۇ . تۇمان ھازىرغىچە تاراپ كەتكىنى يوق . مەڭگۈ تاراپ كەتمەيدۇ ، مەنمۇ ھەم شۇنداق . ياق… ياق . بۇ بەك ئۆزۈن گەپ بولۇپ كەتتى . بۇنى كۆرۈشۈپلا قانداق دېگىلى بولسۇن . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرۈشۈپلا بۇنداق دېسە ، ساراڭدەك ئىش بولمامدۇ ؟ ئۇ چوقۇم «بۇ قىز ساراڭ بولۇپتۇ» دەيدۇ . يىگىت تەرەپ بۇ ئىش توغرىسىدا ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ ، گەپ چوڭقۇرلاپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ، يىگىت سۆزلىشىمنى تەلەپ قىلغاندا ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە شۇنداق دېيىش مۇمكىن . كوچىدا ، يولدا ، ئادەملەر ئارىسىدا بۇنى دېيىشسە ، ئارتىس سەھنىدە يالغان مۇھەببەت ئىزھار قىلغانغا ئوخشاش ئىش . خالىي جاي تېپىش ، ئۇنىڭ بىلەن خالىي جايدا ئۇچرىشىش مۇمكىن ئەمەس . پەقەت مۇمكىن ئەمەس… »

ئۇ بىردىنلا ئۇمىدسىزلىنىپ يەنە ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك ، روھى چۈشۈپ ، ئەينەك ئالدىدىن قايتىپ كەلدى ـ دە ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ، يوتقانغا پۈركىنىپ يىغلىدى . بىر دەمدىن كېيىن يوتقاندىن چاچراپ تۇردى . ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئەينەك ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى . بىراقلا خالىي يەردە ئۇچرىشىدىغان گەپ نەدە . ئاۋۋال كوچىدا ، يولدا ، بىرەر سورۇندا تاسادىپىي كۆرۈشىدىغان گەپ . ئۇ بايىلا ئەكبەر بىلەن قەتئىي كۆرۈشۈش ، ھەتتا تىللىغان ھالەتتىمۇ كۆرۈشۈش قارارىغا كەلگەنىدى . كېيىن ئۇمىدسىزلىنىپ ، يەنە ئۇمىدلەندى . ئۇ تىرناقلىرىغا خېنە قويدى . قېشىنى ئىنچىكىلەشتۈردى ، لېۋىنى بويىدى ، يۈزىنى پەردازلىدى ، چېچىنى مايلىدى ، ھەر خىل پاسوندا ياسىدى . سەككىز قېتىم كىيىم يەڭگۈشلىدى . تاڭ ئاتقىنىنىمۇ بىلمىدى . كېچىچە ئەكبەر بىلەن دەسلەپتە كۆرۈشۈپ قالغاندا ، قانداق كىيىم بىلەن قانداق ھالەتتە تۇرۇپ كۆرۈشۈش ، باشتا قايسى گەپنى قىلىش مەسىلىسىنى قاتتىق باش قاتۇرۇپ پىلانلىدى . بۇ شەھەرگە

www.uyghurkitap.com

كىرىشتىن ئون بەش كۈن بۇرۇنقى ئىش، ئۇ ئون بەش كۈنگىچە مىڭ قېتىم ئۆزگەردى. ئۈمىدلىنىپ، كۆڭلى يايراپ ئۇسسۇل ئويناپ، غىڭشىپ ناخشا ئوقۇدى. يىگىتنىڭ سۈرىتىنى تۇتۇۋېلىپ چوڭقۇر تىكىلىپ تانسا ئوينىدى. ئاخىر شەھەرگىمۇ كەلدى، ئەمما شەھەرگە يېقىنلىغانچە ئۈمىدسىزلىنىپ، روھى چۈشۈپ كەتتى. ھەر كۈنى قارىسا، ئادەملەر دېڭىزى بىر خىل جىددىيچىلىك، بىر-بىرىدىن ئالدىراش. ھەممە ئۆز ئىشىغا ئالدىرايدۇ. ئۇنى دەسلەپتە يالغۇزلۇق قىينىدى. زېرىكتى، يۇرتىنى سېغىندى، مەقسەتسىز ئايلاندى. ياسىنىپ باقتى. ئۇنى - بۇنى كۆردى، چىرايلىق كۆرۈنگەننى ئېلىپ كىيدى. ئۇنى- بۇنى يەپ كۆردى. ھېچقايسىسى تېتىمىدى، يىغلىدى، ئۆزىنى تاشلىدى. يەنە ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىپ شەھەر ئايلاندى. ئۇنىڭ بىرەر يولدا، ئاپتوبۇستا، باغچىدا، ماگىزىندا، كوچىدا ئۇچراپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ ماڭدى. بىر كىملەرنى ئوخشىتىپ ئىختىيارسىز كەينىدىن قوغلىغاندەك مېڭىپ، يېنىدىن يانداپ ئۆتتى. تىكىلىپ قاراپ باقتى. يات جىنسلار جاۋابەن قارىۋىدى، ئىزا تارتقىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويدى. ياتىقىغا كىرىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياستۇقنى مۇشتلاپ يىغلىدى. ئاخىر ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، زېرىكمەيدىغان، سېغىنمايدىغان بولدى. مانا شۇ پەيتتە، ئۇ پەرۋاسىز، ئۆزىگە ھېچقانداق پەرداز قىلمىغان، قېشىنى تۈزىمىگەن، كىرپىكىنى قايرىما قىلمىغان، سۈرمە تارتمىغان، تىرنىقىغا خېنە قويمىغان بىر ھالەتتە ئەكبەر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. مۇشۇنداق ھالەتتە بولغاچقا، يىراقتىن كۆرۈپ قالغان بولسا، چوقۇم قېچىپ كەتكەن بولاتتى. دوقۇرۇشۇپلا قالدى. ھەر ئىككىسى ئوڭايسىز ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلىقىدىن تەڭلا كۈلۈپ سېلىشتى. ئەكبەر قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن قوڭۇر ساقاللىرى ئارىسىدىن ئاپئاق تەكشى ئۆسمىگەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى ھەممە نەرسە — بىر خىل غەلىتە پەردە — ئويلىمىغان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار

بىر - بىرىنى تەكلىپ قىلىشمىغان ھالدا ئۆزىچە بىر - بىرىگە يېقىن ، نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ سوراشماي ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىشمەي ، چىنار ، مەجنۇنتاللار ئاي ھەم چىراغ يورۇقىنى توسۇپ غۇۋالاشتۇرۇپ قويغان پىيادىلەر يولىدا ياندىشىپ مېڭىشتى . يولدا ئادەملەر شالاڭ ، ھاۋالانغىلى چىققانلار ، نەۋرىسىنى ئويناتقىلى ماڭغانلار ، پارىڭى تۈگىمەيدىغان قىز - يىگىتلەر ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ . ئۇلار پاكار ، پۇراقلىق ئارچىلار يېنىدا ماڭدى . بۇ يول كۈندۈزدىكى بىر - بىرىنىڭ تاپىنىغا دەسسىشىپ كېتىۋاتقان ساناقسىز ئاياغلار ، سۈرەن - شاۋقۇنلار دەستىدىن ھالىدىن كېتىپ ، جىمجىت ئۇيقۇدا سوزۇلۇپ ياتقانىدى . نۇرھايات ئەكبەرگە سىنچىلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ ، ئورۇق ھەم ساقال ئارىسىدا قالغان چىرايىدىن غەزەپ ئەمەس ، ھەسرەت ، سېغىنىش ، مەيۈسلۈك ، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى . ئۇنى ئېغىر مەنىۋى ئەمگەك ئېزىۋەتكەنىدى . ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىغۇسى كەلدى . يەنە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىرادىنىمۇ كۆردى . ھەممە يېرى ئۆزگىرىپتۇ . يەنە شۇ بوينى قاتتىقلىق ، مۇز قاپاقلىقى ئۆزگەرمەپتۇ ، ئەكبەر نۇرھاياتقا قاراپ سوغۇقلا بىر كۈلدى .

— سەمرىپ تولۇپسىز ، ئوماقلىشىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ قاپسىز . خېلىلا ئۆزگىرىپسىز ، — دېدى .

— سىزمۇ بەك ئۆزگىرىپسىز ، — دېدى نۇرھايات تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ ، يۈرىكى پۇلاڭلىغان ھالدا ئۆزىنى تۇتۇشقا تىرىشىپ ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بارغانچە تىترەپ كېتىۋاتقانىدى .

— ھە ، مەن قانداق ئۆزگىرىپتىمەن ، — دەرھاللا قىزىقىپ سورىدى ئەكبەر .

— قېرىپ كېتىپسىز ، ھازىرلا تۈرمىدىن چىققان ئادەمگە ئوخشاپ قاپسىز .

ئەكبەر كۈلۈۋەتتى ، نۇرھاياتمۇ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى . ئەكبەرنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئۇنىڭ بەدىنىگە يېڭى بىر تىترەكنى

تارتىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گويا ئارىلىقتا ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندەك ، پەقەت ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ كەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك چاقچاقلىشىپ ، كۈلۈشۈپ ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ سۆزلىشىپ كېتىشتى . يولنىڭ بىر يەرلىرىگە بارغاندا ، ھارغانلىقلىرىنى بىلىشىپ ئارچا تۈۋىدىكى چىملىق قاشتا ئولتۇرۇشتى . يېقىنلا يەردىكى كېچىلىك يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن ئۇسسۇزلۇققا مېۋە شىرنىسى ، پىۋا ئەكېلىپ ئىچىشتى...

ئەكبەر نۇرھاياتنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپ ، خۇش كەيپ ئۆيىگە قايتقاندا ، شەھەرنىڭ كۇنبويى تۆمۈر چىۋىقلىق كاتەكتىن چىقالمايدىغان سولتەك خورازلىرى بەس ـ بەستە چىلىلىغىلى تۇردى . ئەكبەر شۇندىلا بىلىكىدىكى سائەتكە قارىدى . كېچە سائەت ئۈچتىن ئون بەش مىنۇت ئېشىپتۇ . دېمەك ، تاڭ ئېتىشقا يەنە ئۈچ سائەت قاپتۇ . ئۇ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ بىردىنلا روھى چۈشۈپ قىزىغان بەدىنى سوۋۇغاندەك ھېس قىلدى . ئەندىشىلىك خىياللارمۇ ، ئايالىغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىمۇ يادىدىن كەچكەندە كۆڭلى تېخىمۇ پاراكەندە بولدى . ئۇ بىر ھازا ئىشىك ئالدىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ، ئاخىر ئىشىكنى چەككەچ ئايالىنى چاقىردى . ئۇ بايا كېلىۋېتىپ ئۆيىنىڭ چىرىغىنىڭ ئۆچۈرۈلمىگىنىنى كۆرۈپ ، ئايالىنىڭ يالغۇزچىلىقتا قورقۇپ ، چىراغنى ئۆچۈرمەي ئۇخلىيالمىغانلىقىنى بىلدى . ئۇ دائىم كەچ قالغاندا ، ئايالى مۇشۇنداق قىلىدۇ . گۇمانلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىدۇ ، ماي تارتىدۇ ، دائىم كەمسىتىش نەزىرى بىلەن تىكىلىدۇ . مىيىقىدا كۈلىدۇ . ئومۇمەن ، بۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرىدىن كۆڭۈلسىز چاغلىرى كۆپ بولىدۇ . بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ھېس قىلىشىدۇ . ئەكبەرنىڭ ئايالى خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى . چىرايىدىن قورققانلىقى ، ئېرىگە بولغان نارازىلىقى ھەم كۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپ ، گۇمان يېنىپ تۇراتتى . ئەڭ ئاۋۋال ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ ، قورققانلىقىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىنى ئەكبەرنىڭ قۇچىقىغا

www.uyghurkitap.com

ئېتىپ ، بېشىنى مەيدىسىگە قويدى .

— ۋايجان ، ئۇھ… قورقۇپ ئۆلەي دېدىم . بۇ چاغقىچە نەدە يۈردىڭىز ؟ يا ئۇخلىيالمىغان …

تەنە ھەم تەقەززالىق ئارىلاشقان بۇ سۆز ئاشۇ يەرگە كېلىپلا ئۈزۈلۈپ قالدى . ئايالى دەرھال قوللىرىنى ئاجرىتىپ نېرى داجىدى . ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاجىزلىقنىڭ ئورنىنى قاتتىق گۇمان ھەم غەزەپ قاپلىغانىدى . چىرايى تاتىرىپ ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى .

— ئەجەب … ئەجەب خۇشبۇي پۇراپ كېتىپسىزغۇ…— ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتتى . ئەكبەر قاتتىق چۆچۈدى ، ئەمما دەرھال خاتىرجەم ھالدا كۆزىنى يۇمۇۋالدى . ئۇنىڭ يادىغا ئايالىغا جاۋاب بەرگۈدەك ، ئايالىنى قانائەتلەندۈرەلىگۈدەك ھېچقانداق گەپ كەلمىدى . راست ، ئۇ سەزمىگەن ئېسىل پۇراق . بۇ پۇراق ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى .

ئاھ بەختسىزلىك ، بەختسىزلىك ئىچىدىكى يېڭى تېپىلغان كونا بەخت !

1987 - يىل 4 - ئاي



# سىغىنىش كۈيى

مۇڭلۇق مۇزىكا ئاۋازى مېنى ئويغىتىۋەتتى. قارىسام ياتقان يېرىم ھېچ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنداقتا، زادى كىمنىڭ ئۆيىدە ياتتىم؟ ئۆي ئىچىگە تېخى تولۇق يورۇق چۈشمىگەچكە، ئۇنىڭدىكى بىساتلارنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. پەقەت تۆت تامنىڭ بىرەلمەي قالغان يەرلىرىلا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى.

مەن ئامراق مۇزىكا يەنە كۆزۈمنى يۇمدۇرۇپ قويدى. بۇ سىغىنىش كۈيى بولۇپ، بۇ مۇزىكىنى مەن ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا لېنتىغا ئېلىۋالغانىدىم. ئۇنى دائىم ئاڭلايتتىم، ئاڭلاپ قانمايتتىم. ئۇ چاغدا مەن پايانسىز چۆللۈكنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان، يازدا ئېرىق - ئۆستەڭلىرىدە شوخ سۈيى ئۆكسۈمەيدىغان، جىگدە، تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەل - دەرەخلەر ۋە ئېتىزدىكى زەل - زىرائەتلىرى بىلەن ياشىرىپ تۇرىدىغان، قىشتا مۇز بىلەن قاتقان ئېتىز - ئېرىقلىرى يىراقتىن ئاقۇش كۆرۈنىدىغان يېزامنى؛ تونۇش ئېتىز، كۆۋرۈك، ئېچىق بېشى، يول دوقمۇشىدىكى كىچىكىدە ئۇزۇن ئوقلۇق ياغاچ ھارۋىنىڭ چاقى ئۇرۇۋەتكەچكە سۇنۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇرۇپ قالماي دوڭغاق پېتى چوڭ بولۇپ قالغان قېرى جىگدىنى؛ ئاتا - ئانام ۋە دائىم ماڭا قوماچ قورۇپ بېرىدىغان چوڭ ئانامنى، ئىشقىلىپ، ماڭا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممىسىنى سىغىنىپ مۇشۇ مۇزىكىنى ئاڭلايتتىم. مۇشۇ مۇزىكىنى ئاڭلىساملا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى،

بەزىدە ھەتتا ئۇنتۇلغان نەرسىلەرمۇ كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ ، كۆڭلۈم يايراپ قالاتتى . تالادىن كىرسەم ئۆزىنى سۇۋاپ ئەركىلەيدىغان سىرىق پاچاق ئىت ، ئۆگزىدە لەگلەك ئۇچۇرغانلىرىم ، ئىككى ـ ئۈچ مەھەللىدىن ئۆتۈپ بارىدىغان مەكتەپ يولىدىكى يالغۇز مەھەللىدىكى نەشە چېكىپ ، كۈن بويى ئۆگزىسىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىدىغان نۇرەك ئالغاي ، مەكتەپكە بارغۇچە ـ كەلگۈچە ئۇنىڭغا توك غورا ئېتىپ ، قىيا ـ چىيا قىلىپ ئويناشلىرىمىز… نى ئەسكە سالاتتى .

مېنىڭ بۇ مۇزىكىنى ئاڭلاپ قانمايدىغانلىقىم ، زېرىكمەيدىغانلىقىم ياتاقداشلىرىمنى بىزار قىلاتتى . مەن بېرىلىپ ئاڭلىسام ، ئۇلارنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتەتتى . ھەتتا بەزىدە ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپمۇ قالاتتىم . مانا ھازىر ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئۆز يېزامدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمەن . ئەمما بۇ مۇزىكىنى (شۇ چاغدا مەكتەپتە ئېلىۋالغان لېنتىنى ) يەنە ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم ئاڭلاشنى ئادەت قىلىۋالغانىدىم . سۈبھى يورۇغۇچە ئويغىنىمەن ـ دە ، چالا ئۇيقۇلۇق ھالدا بېشىمغا ئەكېلىۋالغان ئۈنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ بۇ مۇزىكىنى ئاڭلايمەن…

مۇزىكا ئاخىرلىشىشى بىلەن خىيالىممۇ ئۈزۈلدى . كۆزۈمنى لاپپىدە ئېچىپ ، يانغا قارىدىم . ياتقان ئورنۇم ياغاچ سۇپا ئىدى . يېنىمدىلا ئۆرۈلۈكلۈك بىر يوتقان توراتتى . ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئورۇندا ماشا تونۇش ، لېكىن بۇرۇنقىدىن تولۇپ سەمرىگەن ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بىرى ياتاتتى . بۇ مۆجىزىنى كۆرۈش بىلەنلا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . كېچىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر سۇپىدا يېتىپتىمەنۇ ، قومۇشلۇقتا ، قۇملۇقتا ، تونۇش سۆگەتلىكتە قوغلىشىپ يۈرۈپ چۈشەپتىمەن . ئەجەبا ، يېنىمدا ياتقىننى بىلمەي ئوخلىغاندىمەنمۇ ؟ بەلكىم ئۇمۇ كېچىچە مېنى چۈشەپ چىققاندۇ .

— ئوڭلىنىپ قاپسىزما ؟— گۈزەل ماشا تونۇش ، ئەمما تۆت يىل ئالتە يېرىم ئايدىن بۇيان ئاڭلىمىغان يېقىملىق ئاۋازدا دېدى .

www.uyghurkitap.com

قۇلىقىم بۇ ئاۋازنىلا ئەمەس ، ئاشۇ تاتلىق گەپنىمۇ تالاي قېتىم ئىشىتكەنىدى . ئۇ پەقەت ماڭىلا بۇ گەپنى شۇنداق يېقىملىق تەلەپپۇزدا ، شۇنداق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئېيتاتتى . ئاربىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، يەنە ئۇنتۇپ قالمىغىنى مېنى ھەيران قالدۇردى .

مەن خىجىللىق ئىچىدە بېشىمنى ئاران لىڭشىتالىدىم . ئۇ شۇنچىلىك ئوماق كۈلدىكى ، ئاپئاق تەكشى چىشلىرى ، بوياقتەك قىپقىزىل لەۋلىرى ، نۇرلۇق يۈزى شەبنەمدە تاۋلىنىپ ئېچىلغان بىر تال گۈلگە ئوخشاش جىلۋىدار كۆرۈنۈپ كەتتى . مانا بۇ كۈلكىسىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ ، قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ . مەن بۇ كۈلكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا ئۆزۈمنى گويا گۈلزارلىقتا ياشاۋاتقاندەك سېزەتتىم .

— بۇ مۇزىكىنى…

مەن گەپنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ئۇ جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈردى . ئېتىراپ قىلىمەنكى ، تىلىم تولىمۇ گال يارىلىپ قالغانىكەنمەن . ھەربىر ئېغىز گەپ ئېغىزىمدىن گويا ئامبۇر بىلەن قىسىپ تارتقاندەك شۇقەدەر تەستە چىقىدۇ . باشقىلار مەن ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرۇپ بولىدۇ . كىچىكىمدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمنى سېزىپ ، مەنمۇ خەقنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش چاقماقتەك سۆزلىيەلىسەم بولمامدۇ دەپ ئۆكۈنەتتىم . ئاكام بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ ، ئىككىمىز ئانىمىز ئالدىدا شىكايەت قىلىشساق ، مەن گېپىمنى باشلاپ بولغۇچە ، ئانام ئاكامنىڭ گۇناھىنى ماڭا ئارتىپ قىلغان شىكايىتىنى ئاڭلاپ ، تاقەت قىلالماي (گۇناھ ئەسلى ئاكامدا بولسىمۇ ) مېنى شاپىلاقلايتتى . بۇ ناھەق جازاغا چىداپ تۇرالماي كەچكىچە دۈم يېتىۋېلىپ يىغلىغىنىمدا چوڭ ئانام ئانامنى ئەيىبلەيتتى . بىر كۈنى ، چوڭ ئانامدىن نېمىشقا بۇنداق ئەيىبلىك بولۇپ قالغانلىقىمنى سورىسام ، ئۇ چېچىلىپ تۇرۇپ : «ئاناڭنىڭ كاساپىتى بولمامدۇ ، ئانا بولغۇچى بالىنى تۇغۇپ بولۇپ تۇنجى قېتىم گەپ قىلغاندا تىلىنى چايناپ

قالسا بالىسى ئاشۇنداق چىقىپ قالىدۇ . سەن تۇغۇلغاندا ئاناڭ شۇنداق قىلىپمىدىكىن ، ھەي··· مېنىڭ يوقلۇقۇم !» دېگىنى ئېسىمدە .

— ھەر ئەتىگىنى ئاڭلايمەن .

نېمىدېگەن ئوخشاشلىق ، خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ، لېكىن مەن بۇنى ئېغىزىمدىن چىقارمىدىم .

— ھەقىچان ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلىمىغانسىز ، يەنە ياندۇرۇپ قويايمۇ ؟— دېدى ئۇ ئۇلاپلا .

مەن دەرھال بېشىمنى لىڭشىتتىم . گۈزەل يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ لېنتىنى ياندۇرۇپ سالدى . مەن يەنە دەررۇ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم .

··· ئاپئاق بىلەكلەر ، تال - تال قاپقارا چاچ ، يۇمىلاق يۈز ، چىرايلىق ئۇزۇن بويۇن ، يارىشىملىق مۈرە ، بۇرۇنقىدىن پەسلىگەن ، ئەمما ئىككى تەرەپكە يېيىلىپ تېخىمۇ تولغان ، نېپىز يەكتەك ئىچ كۆينەككە سىغماي لىغىرلاپ تۇرغان كۆكرەك ··· ئاھ ، ھەممە يېرىم قىزىپ ، چىشلىرىم كىرىشىپ ، پەيلىرىم تارتىشىۋاتقاندەك بولدى . لېكىن كۆزۈمنى ئاچمىدىم .

مۇزىكا بايىقىدىنمۇ يۇقىرىراق ئاۋازدا ياڭراشقا باشلىدى . غايىۋانە بىر كۈچ مېنى گۈزەل تەرەپكە تارتماقتا ئىدى . ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان ، كۆپ قېتىم خىيال قىلغان بولساممۇ ، ئۈمىد كۈتمىگەن پىنھان چاغ··· لەرزان مۇزىكا مېنى ئۈندىمەكتە ، رىغبەتلەندۈرمەكتە : «قېنى سەندىكى يىگىتلىك جۈرئەت ، شۇنداقلا يۇمۇلساڭ ، قولۇڭنى سوزساڭ ، كېچە - كۈندۈز پىراقىدا كۆيگەن مەشۇقىڭنىڭ يېنىغا يېتىسەن . بىر چاغلاردا ، قانتىم بولسا ئۇچۇپلا بارسام دەۋاتاتتىڭغۇ ؟ ! قارا ، ئۇمۇ ساڭا تەشنا ، تىنىقلىرىنىڭ ئېتىكلىشىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ ! ئۇمۇ سېنى سېغىنغان ، شۇڭا ‹سېغىنىش كۈيى › نى ياڭرىتىپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ . سېنى غەپلەتتىن ئويغىتىۋاتىدۇ ، ئايال كىشىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئورۇن يوق .

نومۇس ـ هايا تىزگىنلەپ تۇرىدۇ ـ دە !… » مەن ئازراق سۇرۇلۇپ يەنە چېكىندىم . كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ گويا قاشتېشىدىن ياسالغان پەرىزاتنىڭ ھەيكىلىدەك جىمغىنا تۇرۇشقا قاراپ ياتىدۇ . دېمەك ، ئۇمۇ مۇزىكىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇغان ئوخشايدۇ . كۆكسىنى تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىۋاتىدۇ . تىنىق ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمىسىمۇ كۆكرىكىنىڭ بىلىنەرلىك كۆتۈرۈلۈپ ـ پەسىيىشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . قانداقتۇر بىر كۈچ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا مەدەت بەردى . ياغاچ سۇپا غىچىرلاپ كەتتى . شۇئان پۇشايمان قىلىپ ، قانداق تېز قوپقان بولسام ، يەنە شۇنداق تېزلىكتە يېتىۋالدىم .

مۇزىكا ياڭرىماقتا ، ئۇ مېنى خىيالىمدىكى دۇنياغا باشلىماقتا . يۈرىكىم تېز ـ تېز سوقۇشقا باشلىدى . «نېمىشقا باشقا ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بەرمىگەندۇ» دېگەن ئوي كاللامدىن كەچتى . لېكىن ئارقىدىنلا بۇ خىيالىمدىن ۋاز كەچتىم : «ھەي ، بۇ پەقەت بار ـ يوقى بىر ئېغىزلا ئۆي تۇرسا… » ئەمدى باشقا نەرسىنى ئويلىشىم كېرەك ، بىراق نېمىنى ئويلايمەن ؟ كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمىدى .

مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئۆز يۈرتىنى پاناھ تارتىپ مۇشۇ مەكتەپكە يۆتكەلمەكچى بولغاندا ، كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مېنىمۇ بىللە ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان . مەن گۈزەلىنىڭ مۇشۇ ناھىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە دەرھال قوشۇلغانىدىم . بىر ناھىيىدە بولغاندىكىن ئىزدەپ تاپالىشىمغا ئىشىنەتتىم . لېكىن خىيالىمدا ، ئۇنى توي قىلدى دەۋاتاتتى ، ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى بولمىسام ، قانداق كۆرۈشىمەن دېگەن ئەندىشىمۇ بار ئىدى . ئۇ سەمرىپ كەتكەنمىدۇ ياكى ئورۇقلاپ قالغانمىدۇ ؟ سۈزۈك ، خالسىز يۈزىگە داغ ـ قورۇقلار چۈشكەنمىدۇ ؟ مىجەزى ھېلىمۇ ئەينى چاغدىكىدەك مۇلايىم ، خۇشخۇيمىدۇ ياكى تۇرمۇش ، جەمئىيەت باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانمىدۇ ؟ ئۇ مېنى كۆرسە تونارمۇ ؟ ئىككىمىز تاسادىپىي ھالدا يولدا ، ماگىزىندا ، كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا

ئۇچرىشىپ قالساق قانداق بولۇشۇپ كېتەرمىز ؟ مەكتەپتىكى چاغدىكىدەك قىزغىنلىق بىلەن قوللىرىمىزنى تازا چىڭ سىقىشىپ ، كۆزلىرىمىزگە قارىشىپ كۇلۇشۇپ ـ چاقچاقلىشىپ كۆرۈشەرمىزمۇ ياكى پەرۋاسىز ، سىپايە ، قورۇنۇش ، ھودۇقۇش ، بىر نېمىدىن خەۋپسىرەشتەك بىنورمال ھېسسىيات ئىچىدە كۆرۈشەرمىزمۇ ۋەياكى ئۇ كۆنچىلىكى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا كۆرمەسكە ، كۆرسىمۇ تونۇماسلىققا سېلىپ كېتىپ قالارمۇ ؟ ... دېگەندەك ئەندىشىلەر كۆڭلۈمدە ھۆكۈمران ئىدى . بۇ ئىشنى قارىمامدىغان ، گۈزەل ئويلىمىغان يەردىن ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇق ساۋاقدىشىمىز ، مەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا جان دوست ئاغىنە بولۇپ ئۆتتۇشكەن ياقۇپ تۆگە دېگەن قارىۋاي بىلەن توي قىلىپتۇ . بۇ ئىككىسى تېخى بىز يۆتكىلىپ كەلگەن مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەيدىكەن . مەن بۇلارنى ئەتىسى مەستلىكتىن يېشىلگەندە ئۇقتۇم . گۈزەل بىلەن تېزلا كۆرۈشكىنىمگە خۇشال بولۇپ ، قار ـ شىۋىرغان بولۇۋاتقىنىغا قارىماي تازا ئىچىپتىمەن . يىغلىغىنىم ئەمدىلىكتە چالا كۆرگەن چۈشۈمدەك ئېسىمدە تۇرىدۇ . يەنە نېمىلەرنى قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن . مەن قانداق بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدىم ؟ ئۇنىڭ ئېرى كىمدۇ ، ئاۋۇ بۆشۈكتىكى بالا ئۇلارنىڭ بولسا كېرەك ، مەن بولسام تېخى ... ئۇ ئېرىدىن قورقماي مېنى قانداق ئۆيىگە ئەكىرگەندۇ ؟ ياكى ئۇ ئېرىنى باشقۇرامدىغاندۇ ؟ ياق ، ياق ، ئايال كىشى ئېرىنى باشقۇرغان تەقدىردىمۇ ، مەيلى ئۇ ساۋاقدىشى بولسىمۇ ، ئەر كىشىنى ئەكىرىپ قوندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس . ھېچبولمىغاندا ، باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ . ئېرىمۇ ھېچ كۆرۈنمەيدۇ . ئايالى بىلەن بىر ئەرنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ ـ ھە ، قانداق ئەردۇ ئۇ زادى ؟ ياقۇپ تۆگىمىدۇيا ؟ ياق ، ياق ! بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس . ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تولۇق بىلىدىغان تۇرسا . مەن گۈزەل بىلەن «سېغىنىش كۈيى» نى ئاڭلاش جەريانىدا سىرداشلاردىن بولۇپ قالغان . ئۇمۇ بۇ مۇزىكىغا ئامراق ئىكەن .

شۇڭا مەندىن لېنتىنى ئارىيەت ئېلىپ ئاڭلايتتى. كېيىن ئاتايىن كۆچۈرۈپ ھەدىيە قىلغانىدىم. بىزنىڭ ئاشۇ مۇزىكا ئارقىلىق باغلىنىپ قالغىنىمىز ئېنىق. ھەتتا بىزنى ساۋاقداشلىرىمىزمۇ «سېغىنىش كۈيى» دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋېلىشقانىدى. گۈزەلمۇ، مەنمۇ گويا ئۆز ئىسمىمىزنى چاقىرغاندەك پەرۋاسىزلا «ھە» دېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا بىز ناھايىتى تەستە ئايرىلدۇق. ئۇ بىرلا قىز بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى قېرى ئىكەن. مەن بىلەن توي قىلىپ بىزنىڭ يۇرتقا بارسا ئۇلار تايانچسىز قالىدىكەن. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە مەن ئۇنىڭ يۇرتىغا بارسام تېخى بولمايتتى. بىزنىڭ قوشۇلۇشىمىزغا ئەنە شۇنداق كونكرېت سەۋەبلەر ئىمكان بەرمىگەنىدى. بىز ئايرىلىشقا ئاز قالغان كۈنلەردە، بىرنەچچە كېچىنى مەكتەپ باغچىسىدا تۈنەپ ئۆتكۈزدۇق. ئاخىرقى كېچىسى ئۇزۇندىن بۇيان ئېھتىيات قىلىپ كەلگەن ئارىمىزدىكى «سىزىق» نى بۇزماقچى بولۇپ گەپنى ئېغىزىمدىن چىقارغىنىمغا شۇنداق خىجىلچىلىقتا پاتتىمكى، يەرنى قاساپ، چىنار دەرىخىگە ئۇسۇپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇ ماڭا چىڭ چاپلاشقان ھالدا تەسەللى بەردى…

شۇ چاغدا قاتتىق روھىي زەربىگە ئۇچرىغانىكەنمەن. شۇڭا گۈزەل بىلەن ئاپتوبۇس بېكىتىدە خوشلاشقاندىمۇ، قوللىرىمىزنى چىڭ سىقىشتۇقيۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم. چۈنكى، ھېلىقى زەربە مېنى تۈگەشتۈرگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئايال زاتىغا پېتىنىپ ئېغىز ئاچالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاياللار تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاقچاق قىلسا، نېمىشقىدۇر يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ، ئىختىيارسىز يۈزلىرىم ئوت ئالاتتى. «ياشلىقتا ساقلىنىش تەس بولغان بۇنچىلىك ئىشقا نېمانچە قىلىپ كېتىمەن» دېگەننى ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەرسەممۇ، لېكىن گۈزەلنى ئويلىسىلا يۈرىكىمدىكى يارا ئېچىشقاندەك بولاتتى…

ياغاچ سۇپا توساتتىن غىرسلاپ كەتتى. مەن خىيالدىن ئويغاندىم. گۈزەل ھەرىكەتكە كەپتۇ. ئۇ يوتقىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ

چىقىپ يېنىمدىكى بوش ئورۇنغا كەلدى . بۇ چاغدا ئۆيگە خېلىلا يورۇق چۈشكەنىدى . مۇزىكا يەنىلا ياڭراۋاتاتتى .

— ھە ، مەندىن ھېچقانداق ئەھۋالمۇ سورىمايسىزغۇ ؟ — دېدى گۈزەل .

شۇئان ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى . ئارقىدىنلا كۈلۈۋىدى ، كۆز جىيەكلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياش سىرغىپ چىقتى . دەرھال قولۇمنى سوزۇپ ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويدۇم . قولۇمنى تارتىپ ئۈلگۈرگۈچە ئۇ يۇمشاق ئالىقانلىرى بىلەن قولۇمنى يۈزىگە چىڭ باستى . تونۇش قىلىق ، تونۇش يۈز ـ كۆزلەر ، شېرىن تۇيغۇ قوزغايدىغان تىنىقلار ... ئۇ قولۇمنى قويۇۋەتمەستىن قېنىپ ـ قېنىپ پۇرىدى .

— سېغىنىش كۈيىنى ھېلىمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىكەنسىز ـ دە .

— ھەرقانداق ياخشى مۇزىكىمۇ ، يېڭى مۇزىكىمۇ ، مېنىڭچە بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ . سىزچۇ ، بەلكىم ئۇنتۇپ كەتكەنىدۇرسىز ... — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى .

— ياق ، ياق ! بۇ مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ھايات مۇزىكىسى ، پۈتمەس كۈي ، بۇنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن .

— ئاڭلاۋەرسىڭىز كونا ، زېرىكەرلىك تۇيۇلمامدۇ ؟

— نېمە دەۋاتىسىز ، ھەر كۈنى ئاڭلىسام يەنىلا يېڭىدەك... ئاڭلىغانسېرى شۇنچە ... — مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم .

— مەنمۇ ...

ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى . ئۇ قولۇمنى تۇتقانچە ئاپىرىپ كۆكسىنى تۇتقۇزۇپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ . مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم .

— ئېرىڭىز قېنى ؟

— ئۇ ... ئۇ ھازىر چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارىمەن دەپ كېچىسى ئۇيقۇسى ئېچىلىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىسىغا چىقىپ ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ .

— قەدىرلەشكە تېگىشلىك ياخشى خىسلەت . ھەقىقەتەن ياخشى

يىگىتكە ئۇچراپسىز . ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

ۋۇي تېخى بىلمەمسىزا!؟ ياقۇپ تۆگە

ھە؟ ... جان يېرىمگە ئەجەللىك پەشۋا تەگكەندەك ۋارقىرىۋەتتىم .

ئۇ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە ئەڭ يېقىنىم بولغاچقا، ھەممىنى بىلەتتى . ئىككىمىزنىڭ ئۆزئارا بىلىشمەيدىغان سىرىمىز يوق ئىدى . ھەتتا ئىنسانغا تىنماسلىقتا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغان سىر گۈزەل ئالدىدا مات بولغىنىمنىمۇ ئىچىمگە پاتقۇزالماي ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن . بىز پەقەت ئىككى يىلدىن بۇيان خەت يېزىشالمىغانىدۇق .

ئۇيدىن پۈتۈم بىلەن مېڭىپ چىقتىممۇ ياكى بېشىم بىلەنمۇ بىلمەيمەن . سىرتتا كېچىدىن بېرى ياغقان قار ئوشۇقتىن ئېشىپتۇ . ئەتراپ قاشتېشىدىن ياسالغاندەك شۇنچىلىك كۆركەم ئىدى . مەن ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ يېنىك تىندىم . ئۆي ئىچىدە «سېغىنىش كۈيى» ئۇزۇلمەي ياڭرىماقتا ئىدى...

1987 ـ يىل 4 ـ ئاي ، قەشقەر



# مازار غوجام

نامازشام ۋاقتى ، ئوبۇلقاسىم كالا قوتۇننى قۇرۇقداپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئالدىدا بېشىغا تېره كۇلا كىيگەن ، چىگىش چاچلىرى يەلكىسىنى ياپقان ، تۇلۇمنى بوينىغا ئاسقان ، قۇراق تونلۇق قەلەندەر ساپايىسىنى ئۇرۇپ بىرمۇنچە چۈشىنىكسىز غەزەل ئوقۇدى . ئوبۇلقاسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . قەلەندەر غەزەلدىن توختاپ ۋايىزلىققا ئۆتتى .

— ئەي يۈزىدىن قېنى تېمىپ تۇرغان ، كۆزىدىن ئىمان نۇرى يېغىپ تۇرغان ، جىمىكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار يادىغا كېلىپ تۇرغان مۆمىن . دىلىمغا ئايان بولۇپ كۆڭلۈم مۇشۇ ئۆينى تارتىپ كەلدىمكى ، جىمىكى مازايى ـ ماشايىخ ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار سىزگە مەدەتكار بولغاي . مەن ئۇلۇغ ئەسهابۇلكەھ ، سائادەتلىك كۆهمەرىم ، جىلتەنلىرىم مازار غوجام ، باش قايدىم ئاتام مازار غوجام ، ئۇلۇغ ھەزرىتى ئاپاق غوجام مازارىنى تاۋاپ قىلىپ جىمىكى مازايى ـ ماشايىخلارنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ھەم ئۇلاردىن مۆمىن بەندىلەرگە مەدەت تىلەپ كېلىۋاتقان تەركىدۇنيا دەرۋىشمەن . بۇنىڭدىن كېيىنكى جىمىكى ئۆمرۈمدە يەنە قالغان مازايى ـ ماشايىخلار ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن . ئاشۇ مازايى ـ ماشايىخ ، ئەۋلىيا غوجاملار ئەرۋاھىنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر چارەك بۇغدايغا دۇئا قىلدىم . مەن ئەدناسى ئەسهابۇلكەھتە ئون ئىككى يىل ، ھەزرىتى ئاپاق غوجام مازارىدا سەككىز يىل ئەھتىكاپتا

www.uyghurkitap.com

بولدۇم ...

— ئۆمۈرلىرىنى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈپلا تەقسىر ، — دېدى ئوبۇلقاسىم قولىنى كۆكسىگە قويۇپ چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بىلەن ، — مەنمۇ جاھاندىكى ئەۋلىيا - ئەنبىيا ، ئۇلۇغ مازايى - ماشايىخلارغا چوڭقۇر سېغىنىپ تۇرۇۋاتقان ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ، نەزىر - چىراغ قىلىپ كېلىۋاتىمەن . سىلىنى كۆرۈپ ئۇلۇغ غوجاملارنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن . مەندىن بىر چارەك بۇغداي ئەمەس ، چوڭ - چوڭ نەرسىلەر سورىسىلا ھېچ نەرسەمنى ئايىمايمەن .

قەلەندەرنىڭ نەشىدىن كۆكەرگەن لەۋلىرى بىلەن سارغايغان يۈزلىرى تەڭ تارتىشىپ خۇنۈك كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى .

— ئەمما سىلى بىر ئۇلۇغ مازار غوجامنى تىلغا ئالمىدىلا .

— قايسى ئۇلۇغ مازار غوجام ئۇ ؟

— مۇشۇ يول بىلەن سەككىز ئون يېتىم ئۇدۇل ماڭسىلا بىر تەرىپى قويۇق ئورمانلىق بىر مازار غوجام بار . ئۇنى بىز شىڭ كوجاڭ مازار غوجام دەيمىز . بۇ مازار غوجام ئۇلۇغ ھەزرىتى ئاپاق غوجامنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولىدۇ ، شۇنى بىر تاۋاپ قىلىپ كەلسىلە ، ئاندىن ئالدىلىرىغا چىقسام .

— توۋا قىلدىم خۇدايا توۋا ، مەن ئېزىپتىمەن . ئۇلۇغ ھەزرىتىمنى تاۋاپ قىلماپتىمەن . مېنى غەپلەتتىن قۇتقۇزغانلىقىڭىز ، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ سىز ئارقىلىق ماڭا بېشارەت بەرگىنى . مەن بۈگۈن مانا ھازىردىن باشلاپ بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ مازارىدا ئەھتىكاپتا بولىمەن .

قەلەندەر پايپاسلىغىنىچە ئالدىراپ شۇ تەرەپكە باردى . قاراڭغۇدا ئۇ ھەدەپ دۇرۇت ئوقۇپ توۋا - ئىستىغپار بىلەن ماڭدى . قويۇق تېرەكلىككە كېلىپ قارىۋىدى ، كىچىككىنە ئېرىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېگىز دۆڭلۈكتە قاتار كەتكەن قەبرىلەر قارىيىپ كۆرۈندى . قەلەندەر شالاڭ ، ئېگىز قومۇشلۇقتىن ئۆتۈپ ئېگىز بىر قەبرىنىڭ ئالدىدا موككىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سەجدە

قىلىپ دۈرۈت ئوقۇدى . ئۇ شۇ ئولتۇرغانچە تاڭ ئاتقۇزدى . ئۇ تاڭ ئاتقىنىنى بىلىسمۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ دۈرۈت ئوقۇشتىن توختىمىدى . سۇ ياقىلاپ كېتىۋاتقان سۇچى بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . بىر ھازا تۇرۇۋىدى ، ئۇ ئادەم بېشىنى سۇس تەۋرىتىپ دۈرۈت ئوقۇپ ئولتۇرىۋەردى . «ساراڭ بولۇپ قالغان ئاشىق ئوخشامدۇ ؟» سۇچى ئىچىدە تۇۋا دېدى . ئۇ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ قەلەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى .

— تەقسىر نېمە ئىش قىلىۋاتىلا ؟

— كۆرمەيۋاتامىلا ئۇلۇغ شىڭ كوجاڭ مازا غوجامنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەھتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتىمەن ، — دېدى قەلەندەر كۆزىنى پاللىدا ئېچىپ يەنە يۇمۇپ . سۇچى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— سىلى ساراڭ ئاشىقما ؟ بۇ دېگەن يات دىندىكىلەرنىڭ مازىرى .

دەرۋىش چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۆزى كېچىچە تاۋاپ قىلغان قەبرىگە قارىدى . شامالدا توزۇپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن گۈل چەمبىرەكلەر بۇ قەبرىدىمۇ ، يەنە باشقا قەبرىلەردىمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك گىدىيىپ تۇرغانىدى .

دەرۋىش بېشىغا بىر مۇشتلاپ مازاردىن قاچتى . سۇچى قورسىقىنى تۇتۇۋېلىپ تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلگىلى تۇردى .

1988 ـ يىل 10 ـ ئاي ، قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قىزىل قۇرت

مېھمانلاردىن بىر تەخسە قوي گۆشى، بىر تەخسە ئۆپكە ـ ھېسىپ ئاشتى. تەخسە ئادەتتىكى كىچىك تەخسە ئەمەس، خونچە ئاياقتەك يوغان تەخسىلەر ئىدى. ساقلاپ يېيىشكە باللار ئۇنىمايدۇ. مەن يالغۇز يەپ پات ئارىدا تۈگىتەلمەيمەن. قوي گۆشى خام بولغان بولسىمۇ ساقلاپ ئاش ئېتىپ يېسەك، بۇ باش قېتىمنچىلىقى بولمايتتى. تاشلىۋېتىش ئىنسان نېمىتىنى خارلىغانلىق، ئىنسانچىلىققا يات قىلمىش ئىدى. بۇرۇنلاردا تاشلىۋېتىشتىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىسەكمۇ بولاتتى. چۈنكى كوچىلاردا لالما ئىتلار، مۈشۈكلەر، ھەرخىل قۇش، جان ـ جانىۋارلار ئادەملەر تاشلىغان مۈشۈنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تاشلاپ بولغۇچە پاك ـ پاكىز تالاپ ـ تارتىشىپ يەپ تۈگىتەتتى. ئادەملەر شەخسىيەتچىلىشىپ، ئاچ كۆزلەشكەنلىكتىن پەقەت ئۆزىلا ياشاش ئۈچۈن چىرايلىق باھانىلەرنى قويۇپ، بىر ـ بىرىگە دۈگگۈشۈپ تۇرۇپ ئۇلارنى يوقاتتى. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ياشىسا ئۆزلىرىگە پايدىسى بار تەييار ھەقسىز تازىلىق ئىشچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى. ئۇلارنىڭمۇ يەر يۈزىدە تەڭ ياشاش ھوقۇقى بارلىقىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەردە پەقەت ئادەملا ياشايدىغان، ئادەمدىن باشقا تەبىئىي جانلىقلار يوقالغان، ئادەملەر ئۆزلىرى ياسىۋالغان سۈنئىي زەھەرلىك نەرسىلىرى بىلەنلا ئۇكچە غېرىبانە ياشايدىغان يېگى يەر يۈزىنى پەيدا

قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى يوقاتقان پايدىلىق تەبىئىي دوستلىرى ئورنىغا چىرايلىق، زەھەرخەندە، بەتنىيەت دوست ـ دۈشمەنلەرنى ياساپ، شۇلار ئارىسىدا تەبىئىيلىكتىن جانسىز كۆنۈپكىلىق سۈنئىي نەرسىلەرگە روھىي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ سۈنئىي تەبىئەتلىك بولۇپ كېتىشتى. تىنسا سۈنئىي تىنىدىغان، كۈلسە سۈنئىي كۈلىدىغان، گەپ قىلسا سۈنئىي گەپ قىلىدىغان، سۈنئىي ياساپ يەپ، ئاشقازان ئۈچەيلىرىمۇ سۈنئىي، ھەتتا ھەممە ئەزالىرى سۈنئىي بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىمۇ سۈنئىي باشقۇرۇش بىلەن قىلىشىپ، بالىسىنىمۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا تېپىپ، سۈنئىي ئۇسۇلدا بېقىپ چوڭ قىلىدىغان بولدى. يەر يۈزى تەبىئەتتىن ئايرىلدى. تەبىئەتنىڭ مۇھەببىتى مانا شۇ چاغدا ئويغاندى. ئەمما ئادەملەر كېچىككەنىدى. مانا ئەمدى تەبىئەت قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. يەر يۈزىدە پەقەت ئادەملەر قالغاندىن كېيىن، باشقا جانلىقلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادەملەر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىر توپ ئادەملەر لالما ئىتلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، لالما ئىتلارنىڭ ئورنىدا ئۇلارنىڭ رولىنى ئالدى. يەنە بىر توپلار مۈشۈكنىڭ رولىنى ئېلىپ چاشقان تۇتىدىغان، يەنە بىر توپ ئادەملەر قۇشقاچنىڭ رولىنى ئېلىپ قۇرت تۇتىدىغان، يەنە بىر توپ ئادەملەر پاقىنىڭ رولىنى ئېلىپ زىرائەتلەرنىڭ پىتىنى باقىدىغان، يەنە بىر توپ ئادەملەر قاغا، بىر توپلار پاختەك، يەنە بىر توپلار يەنە بىر نېمە ئىش قىلىپ، ھەممە ئادەملەر ئۆزى يوقاتقان بارلىق جانلىقلارنىڭ ئورنىنى تارتىۋالدىيۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىك ئورنىدىن ئايرىلىپ، ئادەملىك ئۇلۇغلۇق قىممىتىنى يوقىتىپ، شۇ نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ شەكلى ئادەمگە ئوخشىغان بىلەن بەزىدە ئىت ـ مۈشۈك بولۇپ تالىشىپ كەتسە، بەزىدە ئېشەكتەك ھاڭراپ، تۈلكىدەك ھىجىيىدىغان بولۇپ كەتتى.

— كەچكىچە كوتۇلدىغىچە كوچىدىكى دىۋانىلەردىن بىرەرىگە بېرىۋەتسىڭىز بولمىدىمۇ، — دېدى ئايالىم.

www.uyghurkitap.com

— دېۋانىلەر بىزدىن باي، پۇلدىن باشقىنى ئالمايدۇ.

— ھەر ھالدا ئالدىغانلىرىمۇ چىقىپ قالار.

— بوپتۇ، سىېنىڭ دېگىنىڭچە بىرەر دېۋانىگە ئاپىرىپ تەڭلەپ باقاي، دەشنام ئىشتىپ قالسام دەردىمنى سەندىن ئالىمەن جۇمۇ.

— كۆز بولغاندىكىن قاراۋىراق، سەل كەمبەغەلرەك دېۋانىگە تەڭلەپ بېقىڭ. ئەمدى دېۋانىدىن تىل ئاڭلاپمۇ دەردىڭىزنى مەندىن ئالماڭ يەنە.

— ھازىرغۇ نى - نى ئاچ قورساق ئادەملەر بار، ئۆيىدە ئاچلىق ئازابىدا ئولتۇرغان، ئەمما ئۇلار كىملەر؟ نەدە؟ تاپالمايمىز - دە.

— ئۇلار ئادەملىك قىممىتى ئۈچۈن، نومۇس ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازى بولغان ئادەملەر. دېۋانىلەردەك ۋىجدانسىز بولغان بولسا قىينالمايلا جان باقاتتى.

قولۇمدا خالتا، كوچا ئايلاندىم. بىرمۇنچە دېۋانىلەرگە تەڭلەشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بىچارىلىك ئەمەس، مۇتتەھەملىك يېغىپ تۇرىدۇ.

ئۈمىدسىزلىنىپ خالتىلارنى نائىلاج تاشلىۋېتىش قارارىغا كېلىپ، ئەخلەت ساندۇقى ئىزدەپ ماڭدىم. دوقمۇشتىكى ئەخلەت ساندۇقى يېنىدا تۇرغان پەرەنجىلىك بىر موماي مەندە ئۈمىد پەيدا قىلدى. مەن يىراقتىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ ئاستا يېقىنلىدىم. موماي ئەتراپقا چۆچۈپ قاراپ، ئەتراپتا ئادەم يوق چاغدا ئەخلەت ساندۇقىنى ماتىلاپ بىر نەرسىنى قوينىغا سالدى. ئىككى ئادەم يانداپ ئۆتتۈۋىدى، ئەخلەت ساندۇقىدىن دەرھال يىراقلاپ باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئادەملەر كەتكەن ھامان كېلىپلا ئەخلەت ساندۇقىنى يەنە ماتىلاشقا باشلىدى. يەنە ئادەملەر كېلىۋىدى، يەنە چەتكە ئۆتۈۋالدى. ئادەملەر ئۆتۈپ كېتىشىگە ئەخلەت ساندۇقىغا يېقىنلاپ كېلىپ، مېنى كۆرۈپ يەنە كەينىگە ياندى. مومايىنىڭ ئۈستىبېشى بەكلا ئەسكىرەپ كەتكەن، ئەمما ئۇرۇمچىنىڭ دېۋانىلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئالتەشەھەر تەرەپتىن يېڭى چىققانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى. پۈتىدىكى ئاياغىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن

تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى .

— ئاچا ... — موماي چۆچۈپ بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى . يۈزى يۆگەكلىك بولغاچقا يۈزىنى كۆرەلمىدىم . موماي گەپ قىلمىدى ، ئەمما مېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىمنى كۈتۈپ تۇردى .

— بۇ يەردە ئەخلەت ساندۇقىنى خەقلەر خاتىرجەم ئاختۇرۇۋېرىدۇ . سىلى قورقمىسىلىمۇ بولىدۇ . ئەخلەت ساندۇقى ئاختۇرغانغا بىر كىم بىر نېمە دېمەيدۇ .

— مەن ... قورقۇپ ئەمەس . نومۇس قىلىپ ... شۇ .

— يۈزلىرى يۆگەكلىك بولغاندىكىن سىلىنى بىركىم كۆرمەيدۇ ھەم تونۇمايدۇ .

— شۇ ... شۇنداق بولسىمۇ ئادەم ئىزا تارتىدىكەنىيا ...

— ئۇنداق ئويلىسىلا زىيان تارتىلا ، ئۆز ئۆيلىرىدە ساندۇقلىرىنى ئاختۇرغاندەك خاتىرجەم ئاختۇرۇۋەرسىلە ، ماۋۇ پۇلغا بىر ئاياغ ئېلىپ كېيىۋالسىلا ، بۇ پۇلغا جىق ئاياغ كەلمەيدۇ ، ھەپتە ئون كۈن يەتكۈدەك ساختا ئاياغ بولسىمۇ ھازىرقى ئاياغلىرىدىن ياخشى ، — ئايال پاڭگىدە يىغلىۋەتتى . يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى تۆكتى .

— مەن ئەسلىدە ناھايىتى پېشقان ئوبدان دېھقان . ھال ـ ئەھۋالىمىز يامان ئەمەس ئىدى . ئەۋلادىمىز ، ئۇرۇقىمىزدىن دېھقان خەقتۇق . ئىككى ئوغۇل ، ئۈچ قىزىم بار ئىدى . ئۈچ يىل ئاۋۋال بالىلىرىمنىڭ دادىسى بىر قىزىتما بولۇپلا ئۆلۈپ كەتتى كۆرسىلە . شۇنىڭدىن بېرى بالىلىرىمنى باقىمەن دەپ ئەرگە تەگمەي بالىلىرىمنى ئوقۇتقان . بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان شۇملار مەكتەپتە ئوقۇشىنى ئوقۇماي بىر ئەسكى كىتابنى ئوقۇپتىكەن ، بىر كېچىدىلا ئوخلاۋاتقان ئۆيدىن تۇتۇپ چىقىپ كېتىپ ، مانا بىر يىل توققۇز ئاي ئون ئۈچ كۈن بولدى ، سولاقتىن قويۇپ بەرمىدى . بالىلىرىمنى تۇتقاندا مەھەللىدە شۇ كىتابنى ئوقۇغان بالىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپتىكەن . كېيىن بىر بالىغا ئون مىڭ كوي تاپشۇرساڭلار قويۇۋېتىمىز دېۋىدى ، پۇلى بار خەق پۇل تاپشۇرۇپ

بالىسىنى تۇرمىدىن ئاچىقىۋالدى. مېنىڭ پۇلۇم يوق. ئۆيۈمنى، يېرىمنى ساتقان پۇلغا بىر بالامنى ئاچىقىۋالدىم. قىزىمنى ئاجرىتىۋالدىم. يەنە بىر ئوغلۇمغا پۇل يوق. قىزىم بىلەن پاناھلانغۇدەك ئۆي يوق تالادا قالدۇق. قىزىمنى مۇشۇ ئۇرۇمچىدە بىر كادىرغا بالا بېقىشقا بەردىم. ئېيىغا ئەللىك كوي بېرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى تاركەن، قىزىم ئاران پاتىدىكەن. ئۆيى پاكىز بولغاندىكىن، مەن تولا كىرسەم ئاچچىقى كەلدى. يەر ئاستىدىكى ئۆينى مېنىڭ يېتىپ-قوپۇشۇمغا بەردى. تىلەمچىلىك قىلاي دېسەم بېتىم كۆتۈرمىدى. ئاشخانىلارغا بارسام ئىشقا ئالمىدى. ئەخلەت ساندۇقىدا نان، ئاش، گۆشلەرنى تاشلىۋېتىدىكەن، شۇنى يىغسام توخۇ باقىدىغانلار ئالىدىكەن. يېگىلى بولغۇدەكنى ئۆزۈم يەپ، قالغىنىنى توخۇ باقىدىغانلارغا ئاپىرىپ ساتىمەن. باللىرىمنى ئاچىقىۋالغۇدەك پۇل تاپىسام باللىرىم ئۆلۈپ قالىدۇ. قىيامەت كۈنى باللىرىمنىڭ دادىسىنىڭ يۈزىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ئۇكام. ھۆ... ھۆ ... ھۆ...

— سەيچىلىك ياكى باققاللىق قىلسىلا بۇنىڭدىن ئوبدانراقتى.

— ئۇنىڭغا يالغۇزلۇق قىلىدىكەنمەن، بۇلارغا دەسمىي جىق بولمىسا تېخى بولمايدىكەن.

ئىمە دېيىشىمنى بىلەلمەي كېرەكسىزلىكىمدىن خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئاۋازىدىن پەرەز قىلىشىمچە، بۇ ئايال مەن ئويلىغاندەك چوڭ موماي ئەمەسكەن.

— بۇ خالتىدىكىسى ئۆيدە پىشۇرغان گۆش بىلەن ئۆپكە-ھېسىپ، سىلى يەۋەتسىلە.

— رەھمەت، ئوبدان غوجام، رەھمەت.

ئايالنىڭ بېشىدىكى كونا پەرەنجىگە ئەخلەت ساندۇقىدىن چىققانمۇ ياكى باشقا يەردىن چاپلاشقانمۇ، بىر قىزىل قۇرت پەس تەرەپتىن چوققىسىغا قاراپ يامىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن قۇرتنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ، قولۇمنى سوزۇۋىدىم، ئايال چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى.

— يۇزۇمنى ئاچمىسىلا غوجام . بىزنىڭ يۇرتتىكى كادىرلارمۇ يۇزۇڭلارنى ئېچىۋەتسەڭلار ھاشىرىڭلارنى كۆتۈرۈۋېتىمىز دەپتى ئۇنىمىغان . يامان بولىدۇ ، ھېلىغۇ بىر خالتا گۆشلىرىكەن ، يەر يۈزىنى بەرسىلىمۇ يات خەققە يۇزنى ئاچقان بىلەن بولمايتۇيا …

— ياق … ياق … خاتا چۈشىنىۋالدىلا ، مەن يۇزلىرىنى ئاچماقچى ئەمەس . باشلىرىغا بىر قىزىل قۇرت چىقىۋاپتۇ ، شۇنى ئېلىۋېتەي دەپ قولۇمنى ئۇزىتىپ ساپتىمەن .

— قىزىل قۇرتنىڭ كارى چاغلىق ، بېشىمغا چىقىۋالغان بولسا چۈشۈپ كېتىدۇ . چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار ، بېشىمغا كەلگەن ھەر ـ ھەر ئىشلار كەتتى . بۇنچىلىك قۇرت نېمە قىلالايتتى . غېمىمىنى يېگەنلىرىگە رەھمەت غوجام . ياخشى كۆڭۈللىرىگە ھەشقاللا .

ئايال شۇنداق دەپ مەندىن تېز يىراقلاپ كېتىپ قالدى .

1999 ـ يىل 3 ـ ئاي ، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تاماكا

سايىت يانچۇقىدىكى بوشاپ قالغان تاماكا قېپىنى مىجىقلاپ تاشلاپ، ياندىكى كىچىك دۇكاندىن يەنە بىر قاپ تاماكا ئېلىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى:

— ئۆزۈملا چەكسەم بىر قاپ تاماكا بىر يېرىم كۈن يېتىدۇ… ئۆتكەندە بىرى ئادەم نېمىدىن زېرىكسە شۇنىڭدىن قۇتۇلىدۇ. خەق ئېشەك، ئىت، مۈشۈكلەرنى خارلىغانىدى، يۇرتتا ئۇ نەرسىلەر قالمىدى دەپ كاپىلداۋاتقانتى. مەن ماۋۇ ئۆزى پۇل خەجلەپ تاماكا ئالمايدىغان سوراپ چېكەر بەڭگىلەردىن زېرىكمۇېدىم، ئەجەب بۇلاردىن قۇتۇلمىدىم. خۇدايىم بەرگەن بۇ ھەمرالىرىمدىن كانىيىمـ. غىچە غىتقىدا بولسامـمۇ خۇدايىم ھېچ كۆتۈرۈۋەتمەيدىغۇ؟! بولۇپمۇ ماۋۇ ھەمرا دېگەن ئاداش ئاسماندىن چۈشكەن كۆز مۇنچاقتەك توككىدە پەيدا بولۇپ، رودۇپايدەك چاپلىشىپ قاق بالاغا قالدىم. پۇلى يوقمىكىن دېسە، ھېچكىمدە يوق قىممەت ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۈرىدۇ. مېنىڭ مىنگۈدەك قوتۇر ۋېلىسىپىتىممۇ يوق. بۇ ئاداش يېنىمدىكى ئىشخانىغا پەيدا بولغاندىن بېرى بىر كۈندە ئىككى قاپ تاماكا يەتمەيدىغان بولدى… — ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە كوتۇلداشلىرى بېسىلماي تۇرۇپ، ھەمرا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ ئېگىلىپ سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئادىشىم سايىتاخۇن بارمۇسىلە

دەيمەن ، كۆزۈمدىن ئۆچۈپ كەتتىڭلىغۇ . بايا كىرسەم يوقكەنسىلە .
— هازىر كېلىشىم .
— يائاللا سايىتاخۇن ئاداش . مەن ئىزدەپ كىرمىسەم ماۋۇ ئـاداش بارمۇ - يوقمۇ دەپ بىرەر قېتىم ئىزدەپ كىرىپ قوياي دېمەيسىلە . نەلەردە قاڭقىپ كەلدىڭلا ؟
— ئىدارىنىڭ ئىشى بىلەن يېڭىشەھەرگە بېرىپ كەلدىم .
— ۋاھ ئۇزاق بوپتىكەن . يېڭىشەھەر تەرەپكە ئۆتمىگىلى ، ئاۋۇ ھەيتىنىڭ ئالدىدا بارسام ئاجايىپ چىرايلىق ، پاكىز بولۇپ كېتىپتۇ جۇما . ئادەم بىردەم ئايلانسا ساپ هاۋادىن ، پاكىزلىقتىن تـەنلىرى يايراپ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن . سىلىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتكەنسىلە ھەقىچان ، تاماكاڭلىدىن بىر تال چىقىرىڭلا .
— راسـت شۇنداقكەن ، — سايىت خۇشياقماي تاماكىسىنى چىقىرىپ بىر تال بەردى . چاقمىقىنى چىقىرىپ ئوت يېقىپ بەردى . ھەمرا بىر - ئىككى شورىغاندىن كېيىن :
— بولىدۇ ئاداش ، بىزنىڭ ئىشخانىغىمۇ كىرەرسىلە . خوش ئـەمـسـە ، — دېدى . ھەمرا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سايىت ئارقىسىدىن يەنە غوتۇلدىغىلى تۇردى :
— مانا مۇشۇنداق ، تىيىنلاپ هېسابلاپ ، پۇل خەجلىمەي پۇل يىغسا ، باي بولماي نېمە بولىدۇ ؟ يائاللا بىر تىيىننى خەجلىمەسلىك ئـۈچـۈن مىڭ تەڭـگىلىك بـاش قاتـۇرىدۇ - دە ، بـۇ خۇدايىم بـەرگەن ھەمرا ...
سايىت ئالدىدىكى گېزىتنى ئېلىپ بىر قاراپلا ئىچىگە كىرىپ كـەتتى . قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ھەمرا يەنە ئېگىلىپ ئىللىق ، مۇلايىم سالام بېرىپ كىرىپ كەلگەندىن كېيىن گېزىتتىن بېشىنى كـۆتـۈردى . ئـۇنـىڭغا ھەمرا تېخى هازىر چىقىپ كېتىپ ، بىر نەرسىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ قايتا كىرگەندەك تۇيۇلدى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئادىشىم . ئادەم قېرىغانچە ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىپ هېلى قىلغان ئىشنى ، بايا قىلغان گېپىنى ئۇنتۇپ

www.uyghurkitap.com

قالمىغان بولۇپ قالمىكەن. باياتىن بېرى سىلىنىڭ ھېلىقى باردىم دېگەن يېرىڭلارنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ زادىلا تاپالمىدىم. ئاخىر ۋاي - ۋۇي نېمانچە ئارىمىزنى تاغ - داۋانلار ئايرىپ تۇرغاندەك تولا باش قاتۇرۇپ ئويلاپ كېتىمەن. يانىدىكى ئىششىخانىدىلا بولغاندىكىن، چىقىپلا سورىمايمۇ دەپ كىردىم ئادىشىم.

— تېلېفون بەرسەڭلىمۇ دەپ بېرەتتىم. مېنىڭ بارغان يېرىمنى ئۇنچىۋالا ئويلاپ باش قاتۇرۇپ كېتىشىڭلارنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سىلىگە پايدىسى بولىدىغان ئىش بولسا يادىڭلىدا چىڭ تۇتۇۋېلىڭلار، يېڭىشەھەر.

— ھە ... ۋاي، قاغا چوقۇۋالغان مېڭەم. يېڭىشەھەرگە دەڭلا... ھە ... ھە ... توغرا يېڭىشەھەر ... ھە راست، ناھايىتى چىرايلىق مودا قىزلار شۇ تەرەپلەرگە تولا بارىدىكەن دەپ ئاڭلايمەن. بىرەر مودا قىز بىلەن شۇ تەرەپلەردە تېپىشىپ قالمىغانسىلە، ھا ... ھا... ھا ... تاماكاڭلارنى چىقىرىڭلا.

سايىت تاماكىنى چىقىرىپ بەردى. ھەمرا تۇتاشتۇرۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆرۈلۈپ:

— توۋا دەيمەن ئاداش، ئىدارىدە شۇنچە ئادەم بار. ھېچقايسىسىغا گەپ قىلغۇم كەلمەيدۇ. پەقەت سىلىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىسىلە، كۆڭلۈمگە سىغىسىلە، چىقىڭلا جۇما ئاداش، — دېدى.

سايىت ھاڭ قېتىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ قالدى. تېلېفون جىرىڭلاش بىلەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ تېلېفون ئېلىپ بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن، كەيپى نورماللىشىپ گېزىتنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئۆرۈپ ئوقۇغىلى تۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جېنىم ئادىشىم. سايىتاخۇن سىلىدە مانداق بىر ئادىمگەرچىلىك دەيدىغان نەرسە بارمۇ - يوق؟ مەن سىلىنىڭ ئىشخانىغا ئون قېتىم يوقلاپ كىرگەندە بولسىمۇ سىلە

بىر قېتىم باش تىقىپ قويىماسىلە دەيمەن . قاچان قارىسا ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرغىنىڭلا ئولتۇرغان . بايا نەگە بېرىپ كەلدىم دېگەنتىڭلا ؟

سايىت گېزىتنى شارتتىدا قاتلاپ ھەمرانىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ نەپرەت بىلەن قارىدى .

— نېمە بولدۇڭلا ھوي ئادىشىم ، بىر يېرىڭلار ئاغرىدىمۇ ياكى كۆرگەن ماتېرىياللىڭلاردا دىلىڭلارنى چېكىدىغان قاملاشمىغان گەپ بارمىكەن ؟ گېزىتنى تولا كۆرۈپ مەتۇ بولۇپ قالدىڭلىمۇيا ؟ ئادەمگە نېمانداق تونۇمايدىغان دەلدۈشتەك قارايسىلە . مەن باشقا گەپ قىلمىدىم . بايا نەگە بېرىپ كەلگەنتىڭلا دەپ سوراۋاتىمەن . بۇ گەپكە ئانچىۋالا قىلىپ كېتىش كەتمەيدىغۇ .

— ئاناڭنىڭ قېشىدىن كەلدىم ، بولدىما ؟

ھەمرا سايىتنى قۇچاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ۋاي جېنىم ئادىشىم ، ئەجەب ئوبدان قىلىپسىلە . ساۋاب ئىش قىلىپسىلەر ، ئانامنى يوقلاپ بارالمىغىلى ئۇزاق بولغان . ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپسىلەر ، ئاغىنە دېگەننى مۇشۇنداق دەپ تۇتمىسا نېمە دەپ تۇتىدۇ . قانداق ، ئانام ئاغرىق - سىلاق بولماي ئوبدان تۇرۇپتۇمۇ ؟ قېرىپ قالغان موماي ئالدىڭلىغا ئوبدان چىقالمىغاندۇ ھەقىچان ، ماڭار چاغدا ھايت دەۋەتكەن بولساڭلا خەت - خالتا ئەۋەتەتتىم ئەمەسمۇ . ئوبدان قىلىپسىلە ئاداش ، رەھ- مەت جۇما . تاماكاڭلىدىن بىر تال چىقىرىڭلا ، — ھەمرا شۇنداق دەپ سايىتنىڭ ئېلىپ بېرىشىنى كۈتمەيلا ئالدىدىكى تاماكىنى ئېلىپ بىر تال چىقىرىپ چەكتى . سايىت نېمە دېيىشىنى بىلمەي بوشاپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

— بوپتۇ ئاداش ، بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن . گېزىتىڭلارنى كۆرۈۋېرىڭلا .

«تۇۋا قىلدىم ، خۇدايىم تۇۋا . تەبىئىتى پەس ، نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەمگە بۇ دۇنيادا ياشىماق ئەجەبمۇ ئاسانكەن - ھە ؟ !

www.uyghurkitap.com

نومۇسسىز بولۇۋالسا ئادەم چىدىغىلى بولمايدىغان ئازابلىق ئىشلارمۇ راھەتكە ئايلىنىپ كېتىدىغان گەپكەن . بۇ ھەمرادىكى داپ يۈزلۈكنى ئۆگىنىپمۇ ، دوراپمۇ ئۆگىنىۋالغىلى بولمىغۇدەك . بىرنەرسىدىن بىزار بولۇشنىڭ تەمىنى مانا ئەمدى تېتىدىم . ئۇنىڭدىن زېرىككەنگە ، بىزار بولغانغا ئۇنىڭدىن ئۆزلۈكىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن . چارىسىنى قىلىش كېرەككەن . »

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاداش . بايا بىر گەپنى سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭلارنىڭمۇ كەيپىياتى تازا جايىدا ئەمەس . ئانام ماڭا يۇرتىنىڭ ئۇ ـ بۇ نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ دۇئايى سالام ئەۋەتكەندۇ . تاماكاڭلىدىن بىر تال چىقىرىڭلا .

— ھە ئاداش ، يۇرتىنىڭ ئۇ ـ بۇ نەرسىلىرىنى كېيىن ئەۋەتىدىكەن . دۇئايى سالام ئەۋەتتى . سايىتاخۇن بالام ، سىز ئوغلۇم ھەمرا بىلەن ئېزىپ بىر ئورۇندا بولۇپ قاپسىز . ئۇ قېلىن سۇ ئىچىپ قالغان بالا ، سىز مۇشۇ تاماكىنى ۋاقتىدا تاشلىمىسىڭىز ئۇ رودىپايدىن قۇتۇلالمايسىز . تۇغۇپ سالغان گۇناھىمغا مەنمۇ ئاران قۇتۇلغان . سىزمۇ قۇتۇلۇپ كېتىڭ ، دېدى . رەھمەت ئادىشەي ، مۇشۇ تاماكا دېگەن مەرەزنى تاشلاشقا چىدىماسلىق قىلىپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەن . كونىلارنىڭ مەينەتنى مەينەت ئالىدۇ دېگىنى راستىكەن . مانا مۇشۇ قېپى بىلەنلا سىلىگە بېرىۋېتەي . مانا ھازىردىن باشلاپ بارلىق مەرەزلەردىن بىراقلا قۇتۇلاي . بىر يوقىلىڭلا ، بېشىم ساقايسۇن . ئاڭلاپ قېلىڭلا ، بۈگۈندىن باشلاپ مەن تاماكا تاشلىدىم . ئەمدى ماڭا تاماكا دەپ كىرىپ سالماڭلا ، مەندە تاماكا يوق .

— ھازىرچە ماقۇل ئاداش ، ئەمما يەنە بىر يۇمشاق باش بەڭگىنى ... دېگەن بىلەن ئاداش ئۇزاق يىل كېچە ـ كۈندۈز قەدىناس بولۇپ كەتكەن كونا دوست ـ دۈشمەنلىرىڭلارنى بىر ئاچچىق بىلەنلا تاشلىيالمايسىلە . پىتىنىڭ ئاچچىقىدا ئىشتاننى ئوچاققا تاشلىغان

بىلەن يەنە يالىڭاچ يۈرگىلى بولمايدۇ . يامانىڭ ئوتى يامان . مەن سىلىنى يەنە يوقلاپ تۇرىمەن .

— ھەي ئاداش ، تاماكىدىن زېرىككەن بىلەن تېرىكمىگەنىدىم . زېرىكىشنى تېرىكىشكە ئايلاندۇرغان تاماكىنىڭ تۈتۈنىدىنمۇ بەتتەر نېرى كەتمەي مېنى تاشلاتقان سەن . تاماكىنى كۆرسەم سەن كۆرۈنىدىغان بولدۇڭ ، تولا ۋالاقلىماي بىر چىقە مەيەردىن .

سايىت دەرغەزەپ بىلەن مۆشتىنى تۈگۈپ ئورنىدىن تۇردى . ھەمرا ۋالاقلاپ كۆلگەنچە چىقىپ كەتتى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاق جۇۋان

## 1

قەمەردىنىنىڭ ھەقىقىي يېشىنى راستى بىلەن ئېيتىدىغان بولساق ، بۇ يىل ئەمدىلا ئون توققۇزغا كىردى . لېكىن ھازىر ئۇ خوتۇندىن ئىككىنى ئېلىپ قويۇۋېتىپ ، ئەمدى ئۈچىنچىسىنى ئېلىش ئۈچۈن پەش سۆرەپ يۈرمەكتە . بۇنىڭغا ھەتتا ئەزىز جېنىنىمۇ ئاتاپ قويدى .

قەمەردىنىنىڭ يېشىغا قارىغاندا ، بويى ئانچە ئۆسەلمىدى . بۇ ئۇنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئۆيلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى . ئۇنىڭ بويى پاكار ، چىرايى قارامتۇل ، پېشانىسى دوقىراق ، ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىدىن بولسا كېرەك ، چېكە ۋە بويۇن تومۇرلىرى داۋاملىق ئېسىلىپ تۇرىدۇ . ئۇ كىچىك تۇرۇپ ئېگەك ، يۈزلىرىنى قارا يىرىك ساقال بېسىپ ، جەمئىيەتتىكى پاكار ، سەت ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى . ھەرقانداق ئادەم قەمەردىننى دەسلەپ كۆرسە ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىدىن بىزار بولىدۇ . لېكىن ياشلىق مەۋسۇمىدىن كەتمىگەن بۇ ئىنسان ئۈچۈنمۇ ئەجەبلىنىپمۇ قالىدۇ . ئۇ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقى ، چىرايىنىڭ قاملاشمىغانلىقىغا قارىماي ، بىرەر - يېرىمدەم ياراشقان ئادەمگە يېقىپمۇ قالىدۇ . قەمەردىنىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوقۇمىغان ساۋاتسىز كىشىلەردىن بولۇپ ، ئاتىسى قۇدرىتاخۇن قىرىق ياشلاردىن ، ئانىسى گۈلزارخان ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقانىدى . ئادەم چوڭ بولىدۇ ، ئوغۇل بالا ئون ئۈچ

ياشتىن، قىز توققۇز ياشتىن ئاشقاندا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىدۇ. ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، نۇرغۇن بالا يۈزى كۆرىدۇ، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ يەر تېرىيدۇ، باي بولىدۇ. مانا بۇلار قۇدرىتاخۇن بىلەن گۈلزارخاننىڭ ئېڭىغا ئورنىشىپ كەتكەندى. بىراق قانۇن بۇنىڭغا يول قويىدۇ دەمسىز؟ شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار بوش كەلمىدى. باللىرىنى نوپۇس دەپتىرىگە تىزىملاتقاندا، ئەپلەپ - سەپلەپ ئىككى - ئۈچ ياشتىن چوڭايتىپ يېزىشقا تىرىشتى. قەمەردىن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، ئالدىنقى ئىككىسى ھەرخىل كېسەللىك سەۋەبلىرى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. شۇڭا ھازىر باللىرىنىڭ چوڭى قەمەردىن بولۇپ قالغان.

قۇدرىتاخۇننىڭ ئۆيى ئايقاش يېزىسىدىنمۇ خېلى يىراق بىر جاڭگالدا ئىدى. ئۇ كۆچۈم يېزىسىدىكى قاتار مەھەللىدە «قىستىلىپ» قالغاندىن كۆرە مۇشۇ كەڭرى جاڭگالدا ئولتۇرۇشنى ياقتۇرغانىدى. بۇ يەردە ئايقاش يېزىسىنىڭ ئاتمىش مودىن ئارتۇق بىنەم يېرى بولۇپ، مېغىزدەك ئوبدان يەر بولسىمۇ، دېھقانلار مەھەللىگە يىراق كۆرۈپ ھەممىسىنى قۇدرىتاخۇنغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتتى.

قۇدرىتاخۇن ئۆزى قارا بۇس، مىجەزى چۇس ئادەم بولسىمۇ، پىشقان دېھقان. ئۇ باشقىلار بەرگەن يەرگە قاراپ قالمىدى. يەرنىڭ قانچىلىك بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي بۇ يەرنى تازا كېڭەيتىپ، ئورمان قىلغۇچىلىكى بولسا ئورمان قىلدى، زىرائەت تېرىغۇچىلىكى بولسا زىرائەت تېرىپ، ئىككى كۆكلەمدىلا بىر تالاي يەرنى كۆكەرتىپ، خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

قەمەردىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىدى، ئاتىسى ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتتى. ئاتىسىنىڭ تەلەتى سۈرۈن بولغاچقا، ئۇمۇ ئاتىسىنى دوراشنى لەززەتلىك ئىش دەپ بىلدى. چۈنكى ئاتىسى قاپىقىنى بىر تۈرىدىغان بولسا، ئۆيدىكىلەر «چاشقان تۆشۈكى ساراي بىلىنىپ» بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا كىرىپ كېتىشەتتى. قەمەردىن بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاچچىقىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، بارا ـ بارا قورقمايدىغان بولدى. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەبچى بولغان: بىر قېتىم قەمەردىن كەپتەرگە قارايمەن دەپ، ئانىسى قازاندىن سۇزۇۋاتقان پاقلاننىڭ گۆشىنى قازان بىلەنلا كولۇڭدىكى قوقاسقا دۈم سالدى. مەزىلىك پىشقان پاقلان گۆشى پۈتۈنلەي كۆلگە بۇلغىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇدرىتاخۇن ئۇنى سىرىق سۆگەتنىڭ كۆك كەسمىسىدىن بەش تال سۇنغۇچە ئۇردى. قەمەردىننىڭ بەدەنلىرىدىن قان چىقىپ كەتتى، ئۇ تاياقنىڭ زەربىسىدىن قاچقانچە ئۆيدىن يوقالدى. قۇدرىتاخۇن چاچقۇن ئادەم بولغىنى بىلەن قەمەردىننى «ئايىغى ياراشقان بالام» دەپ ھەممە بالىلىرىدىن ياخشى كۆرەتتى. قەمەردىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىر ھەپتىگىچە قايتمىغاندىن كېيىن، ئۇ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئورنىدا تۇرالمىدى ھەم تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرمۇ شەھەر ئىزدەپ بىر ئاي بولغاندا ئۇنى قەشقەردىن تاپتى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ قەمەردىن ھەرقانچە ئاچچىقىنى كەلتۈرسىمۇ قوپال، يىرىك بارمىقىنى چىڭ بىر چىشلىۋېتىپ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپ، قەمەردىنگە تىكىلىپ قارىمايدىغان بولدى. قۇدرىتاخۇن قەمەردىننى قەشقەردىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيلەپ قويدى. بۇ چاغدا قەمەردىن تېخى ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيتتى.

## 2

قەمەردىن بىر كۈنى ئەتىگەندە دۈشەنبە بازارغا بېرىپ، چۈشكىچە بازاردا بىكار لاغايلاپ يۈرۈپ زېرىكتى ـ دە، ئاق قاشقا، سارغۇچ كۆز جەدە ئېتىنى مىنىپ ئايقاش يېزىسىنىڭ بوستانلىق يولى بىلەن ئۆيگە قايتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۈككىدە باغ ـ ۋارانلار ئورنىتىلغان قاتار مەھەللىلەر بار ئىدى. ئىسسىقتا بېشى قايناپ كەتكەن قەمەردىن يولنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن

ھوزۇرلىنىپ ، ئاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈپ ماڭدى .

— ھوي ، قەمەردىن نەگە بارغانتىڭىز ؟ — قەمەردىن يانغا بۇرۇلۇپ ، باغ ئىچىدە قېرى ئۆرۈكنىڭ سايىسىدىكى كاتتا ئولتۇرۇپ تاۋار كۆرپە سېيرىۋاتقان گۈلنىساخاننى كۆردى . گۈلنىساخان نىياز قارىنىڭ كەنجى قىزى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېرى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئىككى بالا بىلەن تۇل قېلىپ ، ھازىر ئاتىسىنىڭكىدە تۇراتتى . قەمەردىن گۈلنىساخاننى كۆرۈپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، باغ ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ :

— بازارغا بارغان ، ئىسسىقتا بولالماي يېنىپ كېلىشىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ھەر ھەپتىسى بازاردىن قالمايدىكەنسىز ، بازارلىقتىن بىرىگە ئاشىق بولۇپ يۈرەمسىز نېمە ؟

— ياقەي مەندەك دوقمباش سەھرالىقنى بازارلىق يارىتامدۇ ، — دېدى قەمەردىن ھىجىيىپ .

— باغقا كىرمەمسىز ، توغاچ پىشىپ كەتتى ، ئۇسساپ ھالىڭىز قالمىغاندۇ بەلكىم .

— ئېغىزىڭىزغا ناۋات ئاق جۇۋان ، شۇنى دېمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم ، — دېدى قەمەردىن ۋە ئېتىنى يېتىلەپ باغقا كىردى .

— زۇۋانىڭىز دارغا تارتىلغاي ئىلاھىم ، — گۈلنىساخاننىڭ ئاچچىقى كەلدى . قەمەردىن دەرھال «ئاق جۇۋان» دەپ سالغىنىنى چۈشىنىپ :

— ھە ئاپلا ، بوپتۇ دەۋېتىڭا ، يادىمدا يوق دەپ ساپتىمەن ، — دېدى ـ دە ، ئېتىنى ئامۇت دەرىخىگە باغلىدى ، ئاندىن كاتقا كېلىپ ئولتۇردى .

— قېنى نىياز قارى ئاكاملار كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— ھەممىسى بازارغا كەتتى ، ئۆيدە مەندىن باشقا ھېچكىم

قالمىدى ،— گۈلنىساخان قەمىردىنگە كۆرپە سىلىشۋېتىپ دېدى ،— قانداق دەيسىز ؟

— ئەمدى بۇ يەرگە كىرىپ سىز بىلەن ئولتۇرسام ، نىياز قـارى ئـاكاملار «بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن بەدرەك ؟» دەپ ھاسىسىنى ئېلىپ سۇرۇپ كەتمىسۇن دەيمىنا ، — دېدى قەمىردىن تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ .

— سىز مېنىڭ ئىنىم بىلەن دېمەتلىك تۇرسىڭىز ، — دېدى گۈلنىساخان قاقاقلاپ كۈلگەن ھالدا ، — نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز ؟— كۈلكە ئۇنىڭ سېمىز ، يۇملاق ، ئاق سېرىق يۈزىگە بىر خىل گۈزەللىك بېغىشلاپ ، تىنىق كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى .

— سـىـز مـېنى ئىنىم ئورنىدا دېگىنىڭىز بىلەن ، ئىككى خـوتـۇنـنـى ئېلىپ قويۇۋەتكەن ئوغۇل بالا بولىمىز جۇمۇ ، — قەمىردىن ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ كۈلدى . ئۇنىڭ قارا ياپىلاق يـۈزىـدىـكى پۈتۈن قورۇقلار كۆزى ئەتراپىغا ئولىشىپ ، يۇمۇق كۆزىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالدى .

— ھە ، يوغان ئىش قىلىپسىز . تولا سۆزلىگەن ئېغىزىڭىزغا توغـاچ يـەڭـە ، — دېـدى گـۈلـنىساخان بىر پەتنۇس توغاچنى داسـتـىـخانىغا قويۇپ . قىپقىزىل مايلاپ قويغاندەك ۋىل ـ ۋىل پارقىراپ ، سۈيى تېمىپ تۇرغان توغاچلار قەمىردىنىڭ ئېغىزىغا سۇ كەلتۈرۈۋەتتى . شۇڭا ئۇ «خوش» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ توغاچ يېيىشكە تۇتۇش قىلدى .

گۈلنىساخان ئايقاش يېزىسىدا پۈتۈن ئائىلىلارنىڭ چىرايلىقى ئىدى . ئۇ ھازىر بېشىغا مەرۋايىت دوپپا كىيىۋالغان بولۇپ ، تومـ ، قارا ئۆرۈمە چېچىنىڭ بىر ئۆرۈمىسى كۆكرەك پۈرمىلىك شىپىڭ كۆينىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسى ئۈستىدىن ئارتىلىپ قۇچىقىغا سـاڭـگـىـلاپ تۇراتتى . ئۇ كۆرپە سىيرىشقا چۈشۈپ كەتتى . ئۇ يـەڭـنـىنى ھەر قېتىم كۆرپىگە سانجىپ يىپىنى تارتقاندا تولغان كۆكسى لىغىلداپ كېتەتتى . كۆينىكىنىڭ ياقا ئىزمىسى ئېتىلمىگەن بـولـۇپ ، ئـاپئـاق سۈزۈك كۆكسىنىڭ بىر قىسمى تۇڭلۇكتىن



www.uyghurkitap.com

كۆرۈنگەن ئايدەك جىلۋە قىلىپ قالاتتى . قىزىل كەڭ پۇچقاقلىق تاۋار تامبىلى تىزىغىچە سۇرۇلۇپ قالغان بولۇپ ، ئاپئاق پاچاقلىرىغا قاراپ ھەرقانداق قېتىپ قالغان يۈرەكمۇ بىر ھېسسىيات سېزىمىغا كېلەتتى . گۇلنىساخان ھەم تولغان ، ھەم سۇزۇك يۈزلۈك ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ، ئايقاش يېزىسىدىكىلەر ئۇنى «گۇلنىساخان» دېگەندىن كۆرە «ئاق جۇۋان» دېيىشنى ياخشى كۆرەتتى . بىراق بۇ خىل ئاتاش گويا ئۇنىڭغا كەمسىتىلگەندەك بىلىنەتتى . بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە بىر ئەرلىك بولۇپ چىققان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنى ئالدىراپ ئەر ئالمايتتى . مۇنداقلارغا يىراق ياقا يۇرتلاردىن ياكى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ، ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان كىشىلەرلا لايىق بولاتتى . گۇلنىساخانمۇ دەل شۇنداق بولدى . ئۇ تېخى ئەمدىلا يىگىرمە ئالتە ياشقا قەدەم قويۇپ ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان چاغدا ئىككى بالا بىلەن تۇل قالدى . يىراق يۇرتلاردىن لايىق چىققان بولسىمۇ نىياز قارىم ئۇنىمىدى ، يېقىندىن چىققانلارمۇ بىر ئەرلىك بولغان ، يەنە كېلىپ ئىككى بالىسى بار تۇل ئايال بىلەن توي قىلىپ سۆز - چۆچەككە قېلىشتىن قورقۇپ ، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلىشالمايتتى . قەمبەردىنمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ ئىككىنچى خوتۇنى بىلەن توي قىلغان چاغدا ، ئەسلى گۇلنىساخانغا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرەتتى . بىراق ئۇنى ئېيتىشقا پېتىنالماي ، ھەسرەت چېكىپ يۈردى . چۈنكى گۇلنىساخاننىڭ يېشى ئۆزىدىن چوڭ ، بويىمۇ بىر گەز ئېگىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بالا بىلەن تۇل قالغان . مانا بۇ تەبىئىي ماسلاشماسلىقلار ئۇنىڭ ھەسرىتىنىڭ ئاچچىق تۈگۈنى . ئەگەر تەقدىر ئىلاھى مۇشۇ ئاچچىق تۈگۈننى ئېلىپ تاشلىسا ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان چاڭقىغان دىللارغا ئارام بەخش ئەتكۈچى مېھىر لەززىتى قەمبەردىنگە نېسىپ بولىدۇ . بىراق ، قەمبەردىن بۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . ئەگەر ئۆزگەرتەلىسچۇ ؟ گۇلنىساخان بۇنىڭغا ماقۇل بولامدۇ - يوق ؟ بۇنىسى نامەلۇم .

— راست ، سىزدىن سوراي ، — دېدى گۇلنىساخان تىكىشتىن

www.uyghurkitap.com

توختاپ ، — بۇ قىتىم ئالغان خوتۇنىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭىز راستمۇ ؟

— راست بولماي ئەمىسە ، ئاجراشقىلىمۇ بىر ـ ئىككى ھەپتە بولدى .

— يەنە بۇنىڭ بىلەن نىمە دەپ كىلىشەلمىدىڭىز ؟ — تىخىمۇ كوچىلاپ سورىدى گۈلنىساخان .

— نىمە دەپ كىلىشەلمىدىڭىز دەيدىكەنسىز ؟ كۆڭۈل سۇ ئىچمىسە كىلىشەلمەيمىز ـ دە . سىز خۇددى كىچىك بالىدەك سۆزلەيدىكەنسىز ، — دىدى قەمىردىن ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن .

— ۋاي چوڭ ئادىمەي ، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى ئەمدى قايسى جەننەتنىڭ پەرىسىدىن سۇ ئىچىدىكىن ـ تاڭ ، بىرىنچى قىتىم ئالغان قىزمۇ مۇشتەك بارتى ، ئۇنىمۇ تۆت كۈندە پەكىرىنى ئۇچۇرۇپ ھەيدىدىلە . ئەمدى يەنە ئون بەش ياشلىق چىرايلىقىنا ئوماق بىر قىزنى ئىلىپمۇ كۆڭۈللىرى سۇ ئىچمىگەن بولسا ، بۇيرۇتۇپ سوقتۇرارسىز ، — دىدى گۈلنىساخان تەنە بىلەن .

— ۋا ـ ھاي... سىززە ، بىرىنچى قىتىم توي قىلغاندا خوتۇننىڭ نىمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم . ئاتام ـ ئاناملار ئۆزلىرىچە ئۇ قىزنى زورلاپ ئىلىپ بىرىپ . كىيىن يەنە «مىجىقكەن» دەپ زورلاپ قويغۇزۇۋەتتى . شۇنىڭدىن كىيىن كۆزىمىز ئىچىلىپ كەتتى ، دەڭە .

— ئەمدى بۇ قىتىمقىسى قانداق بولۇپ كۆڭلىڭىزگە ياقماي قالدى ؟

— قارىسام ، بۇ قىز گالۋاڭ ، دۆت چىقىپ قالدى . ھىچ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالمايدۇ ، — دىدى قەمىردىن .

— ۋاي ـ ۋۇي ، قاراڭ ماۋۇ نوچىنى . توي خىتىدە يىشىنى چوڭ يازدۇرغىنى بىلەنچۇ ، تىخى يىشى كىچىك قىز ئەمەسمۇ ؟ تۇرمۇش يوللىرىنى بارا ـ بارا ئۆگەنمەمدۇ ؟ — گۈلنىساخاننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى ، — دىھقان خەقنىڭ مۇشۇ ئىشىنى كۆرسەمزە ئەجەب ئىچىم قاينايدۇ ، باللىرى سەل چوڭ بولۇپ ئاق ـ قارىنى

پەرق قىلالماستىنلا تۇرمۇشقا چىقىرىپ قويۇپ ، كېلىشەلمىسە ، خۇددى ئۇلاغ سودىسى قىلغاندەك يەنە يېڭىباشتىن توي قىلىشىدۇ . كادىرلار بولسا باللىرىنى تازا ئوقۇتۇپ ، ئاندىن تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىكەن .

— بۇغۇ شۇنداق ،— دېدى قەمىردىن ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا ،— ئاتام يەنە نەدىن تاپساڭ خوتۇن تاپ ، ئۆيلىنىۋېتمەن دەپ قىستاۋاتىدۇ .

گۇلنىساخان قەمىردىننىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ :

— ۋۇي ، ئاتىڭىز پۇلنىڭ جىقلىقىدىن بىقىنىغا ئۇسۇپ تۇرالماي قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ تېخى بىرقانچە يىللار بولدى كۆتۈرۈلۈپ قازىنى مايلاشقىلى ، سىز تېخى مۇشتەك تۇرۇپ ئىككى خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتتىڭىز . ئىككى ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەي يەنە ئۆيلەمدىكەن ؟ — دېدى .

— تاڭەي ، بۇ خەقنىڭ ئىشىنى ھېچ بىلمىدىم .

— مېنىڭچە ، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيلىنىڭ . تولا خوتۇن ئېلىپ ، خوتۇن قويۇش يىگىت ئۇچۇن ياخشى ئىش ئەمەس . ئاشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز خوتۇن بېدىكى دەپ نام ئېلىپ قېلىپ ، خەق قىزىنى بەرمەيدىغان بولىدۇ ، — دەپ نەسىھەت قىلدى گۇلنىساخان .

— بەك زورلاپ تۇرۇۋالسا ، كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويىدۇم . ئاتا - ئانامنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن قورقماي ئېلىۋېرىمەن .

— ئاتا - ئانىڭىز قوشۇلماي ئېلىپ ، كېيىن ئۇمۇ كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنۈپ قويۇۋەتسىڭىز ئىشىڭىزنىڭ تۈگىگىنى شۇ ! تۆتىنچى قېتىم بۇ يۇرتتا ھېچكىم سىزگە قىز بەرمەيدۇ ، خەقمۇ قىزىنى ئاران چوڭ قىلىدۇ ، توڭسا يېپىنىپ ، ئىسسىغاندا سېلىۋېتىدىغان ئەسكى چاپان ئەمەس .

— بۇ قېتىم توي قىلىدىغىنىم بىلەن خۇدا بۇيرۇسا ئۆمۈرلۈك بولىمەن .

— ئىشەنچىڭىز شۇنچە چوڭمۇ ؟

— چوڭ .
— شۇنچە ئىشەندۇرۇۋەتكەن قىزغا ئاتا ـ ئانىڭىز قوشۇلماسمۇ ؟
— قوشۇلمايدۇ .
— ئۇنىڭ كىملىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟
— ئېيتىپ بەرسەم ، سىزمۇ قوشۇلماسلىقىڭىز مۇمكىن .
— سىز ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ ، ئىشەنگەن يەردە مەن قوشۇلۇپ ـ قوشۇلماي نېمە قىلاتتىم !؟
— بۇ گېپىڭىز راستمۇ ؟— قەمەردىنىنىڭ كىچىك كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ كەتتى .
— راست ، ۋۇي نېمانچە مەندىن بەك سوراپ كېتىسىز ؟ مەن پەقەت ، ئۇ قىز قانداقراق قىز ، كىمنىڭ قىزى ؟ شۇنى بىلەي دەپ سوراپ قويدۇم ،— دېدى گۈلنىساخان قەمەردىنىنىڭ خۇشاللىقتىن يورۇلۇپ كەتكەن ئورا كۆزلىرىگە قاراپ ھەيران بولۇپ .
— ئۇ قىز نىياز قارى ئاكامنىڭ قىزى گۈلنىساخان .
— ھە ؟… — گۈلنىساخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .
— ئۇكام چاقچاق قىلىۋاتامسىز نېمە ؟ — گۈلنىساخان بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ ، كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ،— مەن تېخى سىزنى چاقچاق بىلمەيدىغان بالا دېسەم بۈگۈنزە … — ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالدى . چۈنكى قەمەردىنىنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىپ قالغانىدى . گۈلنىساخان ئەسلىدىكى ھەيرانلىقىدىنمۇ بەتتەررەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .
— ئۇكام ، سىز دېگەن مېنىڭ ئىنىم قاتارلىق ، بۇنداق خام خىيالىڭىزنى تاشلاڭ . بۇنى خەق ئاڭلىسا ماڭا نى ئات ، نى نومۇس !
— ياق ، ئەمدى مەن زادى چىداپ تۇرالمايمەن . ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سىزگە كۆيۈپ يۈرگىنىمنى نېمىشقا بىلمەيسىز ؟ مەن خوتۇنۇمنى شۇڭا قويۇۋەتكەن . پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۆزىدىن نەچچە ياش چوڭ خوتۇننى ئالغانغۇ ؟ سىز

چوقۇم ماقۇل دەڭ .
قەمىردىنىنىڭ قارامتۇل يۈزلىرى ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتتى . دوغىلاق گەۋدىسى لاغىلداپ تىترەپ ، كۆزلىرىدىن كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە سۈرلۈك نۇر ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى .
بۇ ئىش گۈلنىساخانغا شۇنداق تاسادىپىي تۇيۇلدىكى ، ئۇ ئۆگى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي بىرھازا گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە قەمىردىنىنىڭ بۇ ھالىغا ئاخىر چىداپ تۇرالماي .
— بوپتۇ ، قەمىردىن سىز شۇنچە ئىرادىگە كەلگەن بولسىڭىز ، ئاتا - ئانىڭىز قوشۇلسىلا ، مەن قوشۇلدۇم ، — دەۋەتتى . ئۇ بۇ ئىشقا قەمىردىنىنىڭ ئاتا - ئانىسى قوشۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، قەمىردىندىن كېچىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . شۇنداق بولغاندا ، قەمىردىن بۇ رايىدىن چوقۇم يانماي قالمايدۇ ، دېگەن ئوي ئۇنى تىنچلاندۇردى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەمىردىن خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى . ئۇ خوشاللىقىدا گۈلنىساخانغا ئېسىلىۋىدى ، گۈلنىساخان ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ :
— ئالدىراپ كەتمەڭ ، — دېدى . قەمىردىن ئېتىغا سەكرەپ مىندى - دە ، قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى .

## 3

بۇ گەپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئايقاش يېزىسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى . ھەممە خەق بىردەك گۈلنىساخانغا نەپرەت ئوقۇدى . «بۇ ئاق جۇۋان نومۇس قىلماي ، ئۆزىدىن نەچچە ياش كىچىك بالىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ، ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ» دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشتى . نىياز قارىم مەھەللىدە قۇيۇندەك تەكشى ئۇچۇپ يۈرگەن ئاھانەتكە چىدىماي ، گۈلنىساخاننى تونجى قېتىم يۈزتۇرا قاتتىق سۆز بىلەن ئەيىبلىدى ھەم ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ

قالدى . ئۇنى ئاز دەپ قۇدرىتاخۇن ئەر ـ خوتۇن كېلىپ ، نىياز قارىملارنى ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ ، بىرمۇنچە ھاقارەتلەپ قايتىپ كەتتى . ئۇ سوتقا ئەرز قىلماقچى بولۇۋىدى ، قەمەردىنى «ئۆلۈۋالىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋالدى . «ئەگەر گۈلنىساخاننى ئېلىپ بەرمەيدىغان بولساڭلار ئۆلگىنىم ئۆلگەن» دەپ قورقىتىۋەتتى . قۇدرىتاخۇن نائىلاج بارمىقىنى چىشلەپ ، ساقاللىرىنى تۇتاملاپ ، يېزا مەسچىتىدە «داد ! بالىنى كىچىك ئۆيلەپ قويغاننىڭ سازايى ! بالاڭلارنى كىچىك ئۆيلەيمەن دەپ يۈرمەڭلار ، بالا بۇزۇلىدىكەن !» دەپ دادلىنىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى . يېزا مۆتىۋەرلىرى قۇدرىتاخۇنغا : «كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ دەيدىغان گەپ بار . بالا گۆدەك ، بالىنىڭ بېشى ئايلىنىپ قاپتۇ ، ھازىرچە توينى قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ، بولمىسا بالىدىن ئايرىلىپ كېتىپ دەردىنىڭ چوڭىنى تارتىپ قالىمىز . ھازىرچە توي قىلىپ بېرىپ ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ‹قايتۇرما› ئوقۇتۇپ ، كۆڭلىنى ياندۇرۇپ ، ئاجراشتۇرۇۋېتەيلى . ئىشنىڭ يولى شۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى . نىياز قارىم دەرد كۈچىدە قۇدرىتاخۇن دېگەن بۇ يۈزسىز ئاغىنىسىنىڭ يۈزىگە ئىللا ـ بىللا قارىماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى . بىراق قەمەردىنىنىڭ مەھەللىسىدىن كەتمەي تۇرۇۋېلىشى ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئەيىبلىشى بىلەن ئاخىر توي بولدى . قۇدرىتاخۇن كېيىنچە داخان ـ باخشىلارغا قايتا ـ قايتا پۇل خەجلەپ «قايتۇرما» ئوقۇتقان بولسىمۇ كار قىلمىدى .

مانا ئەمدىلىكتە قۇدرىتاخۇن قەمەردىن بىلەن گۈلنىساخاننىڭ بالىسى — ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى نەۋرىسىنى بوينىغا مىندۇرۇپ ئوينىتىدىغان ، گۈلنىساخاننىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن مەززىلىك تائاملىرىنى دۇنيادىكى ھېچقانداق ئېسىل تائامغا تەڭ قىلماي ماختاپ ئولتۇرۇپ يەيدىغان بولۇپ قالدى .

# كېچىدىكى چاي

ئادى بالىنى ناھايىتى تەستە ئۇخلاتتى . ئۈچ ياشلىق ئوماق ئوغلى زەكى «ئاپام قېنى» دەپ غەلۋە قىلىپ ناھايىتى تەستە ، كەچ ئۇخلىدى . بالىنى بەزلەپ ئۇنى دەپ ـ بۇنى دەپ گول قىلىپ ئۇخلىتىپ بولغۇچە ئادىنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىدى . بالا باققۇچى قىز تېخى كىچىك بولغاچقا بالىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە بالا كۈن بويى چىرايى قايغۇلۇق ھەيكەلدەك جىملا تۇرىدىغان بۇ قىزغا بەكمۇ ئۆچ ئىدى . قىز يېقىن كېلىپ بولغۇچە قىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ ، مورلاپ ، قىرقىراپ يىغلايتتى . ئادىنىڭ ئايالى شادىيە بالىنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ بالا باققۇچى قىزنى «بىز ئىشقا كەتكەندە سەن بالىنى بوزەك قىلىپسەن» دەپ تىللاپ ، دۆشكەلەپ قورقۇتۇپ ، تېخمۇ زۇۋانسىز قىلىۋەتكەنىدى . بالا باققۇچى قىز تىلسىز ئادەمدەك كىم نېمە دېسە ئۇن چىقارماي پەم بىلەن دەسسەپ ، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويىماي دەپ قورقۇپ ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىش قىلاتتى . ئەنسىرىگەنچە ، ھودۇققانچە قىلغان ئىشىدىن چاتاق چىقىپ ، ئايال خوجايىنىدىن دەشنام ئىشتىپ ، تېپىك يەپ ، دۆتتىن كالۋاغا سېلىنىپ تىل ئىشتاتتى . شادىيە ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە پەيدا بولغان تىنىقتىن باشلاپ شادىيەنىڭ بالا باققۇچى قىزنى ئۇرۇپ ، تىللاپ ئۆينى بېشىغا كىيىپ چالۋاقىغان ئاۋازى ئۆيدىن چاچراپ چىقىپ پۈتۈن بىنانى قاپلاپ ، بىنادىكىلەرنىڭ ئوغىسىنى كەلتۈرۈۋېتەتتى .

شادىيە سەپرالاشقانچە چاتاق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلىشىپ چىقىۋەردى .

ئالدىنقى كۈنى كېچىدىن باشلاپ سۇ توختاپ قېلىپ ، سۇ يوق چاغدا ئېچىلغان تۇرۇبا ئېتىلمەي قېلىپ ئاشخانا ئۆيىنى سۇ بېسىپ ، ياتاق ئۆي ۋە مېھمانخانىدىكى گىلەم سۇدا قېلىپ ، بالا باققۇچى قىز ئۆلگۈدەك تاياق يېدى . گىلەملەرنى قۇرۇتقىلى پەسكە يېيىپ قويۇپ ، بالا باققۇچى قىزغا بالكوندا قاراپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ ، ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ سولاپ قويۇپ كېتىۋىدى ، كۆپكۈندۈزدە خىروئىنكەش ئىككى بەڭگە گىلەملەرنى خاتىرجەم موتوغا بېسىپ ئەكەتتى . بالا باققۇچى قىز «ۋاي ئوغرى !» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ باقتى . ئىشىك تېشىدىن قۇلۇپلاقلىق بولغاچقا بالكوندا بالىنى كۆتۈرگەن ھالدا يىغلاپ قالدى . قورۇدا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر بوۋاي بىلەن موماي بالا باققۇچى قىزنىڭ نېمە دەپ ۋارقىرىغىنىنى بىلەلمەي ، پات ـ ئېگىز قەۋەتكە بويۇنداپ قاراپ قويۇپ ئايلىنىپ يۈرۈۋەردى . شادىيە چۈشتە قايتىپ كېلىپ بالا باققۇچى قىزنى يەنە ئۇرۇپ ، تىللاپ كەتتى . ئادى ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرسە شادىيەمۇ ، بالا باققۇچى قىزمۇ ، بالىسى زەكىمۇ تەڭ يىغلاپ ، يىغا ـ زار دەستىدىن ئۆي تۇرغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى . شادىيە ئادىنى كۆرۈپ بالا باققۇچى قىزنى يەنە ئۇرۇپ كەتتى . ئادى چىداپ تۇرالماي ئايالىنى توسۇۋالدى .

— بولدى ، بولدى قىل ، ئۇمۇ خۇدانىڭ بەندىسى ، قىساسى تۇتىدۇ . ئىشنى ئۆزۈڭ خاتا قىلىپ ، بۇ قىزنى ئۇرىۋېرەمسەن ، گىلەمنى تالادا قويۇپ گىلەمگە قارايدىغان ئادەمنى ئۆيگە سولاپ قويساڭ ، ئوغرى ئالسا مەن بولسامۇ ، سەن بولساڭمۇ قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق شۇ ! ياكى سەن بالكوندىن سەكرەمتىڭ ؟

ئۆزىنىڭ خاتا قىلغىنىنى دەردىنى بالا باققۇچى قىزدىن ئېلىۋاتقان شادىيە ئېرىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ چىچاڭشىپ ئەزۋەيلەپ كەتتى :

www.uyghurkitap.com

— ئىشكنى ئوچۇق قويۇپ ، پەسكە قويۇۋەتسەك ، بۇ پاسكىنا بالىنى قورۇغا قويۇپ بېرىپ ئۆزى ئىشىك ئالدىدىكى باققاللار بىلەن ھىجىيىشىپ سۇيىنى چىقىرىشىپ يۈرىدىكەن... تېخى ئاشۇ مەينەت توخۇرىلىقلارنى ئۆيگە ئەكىرىپ ، ئۆينى بۇلغىدىمۇ بۇ سەت قىلىن رەسۋا .

— ھەي ، نومۇس قىلساڭچۇ ، ئەمدى ئون تۆتكە كىرگەن نارەسىدە قىزنى شۇنداق دېيىشتىن ئۇيالمامسەن ؟

— بىز يوق چاغدا تېلېۋىزورنى تولا كۆرۈپ ئالىلىقاچان دەز كەتكەن بۇزۇق بۇ ... ئۆتكەندە VCD نى ئۆچۈرمەي ھېلىقى پاسكىنا دەي سىلىقلىق ئىشقا كېتىپسەن ، ئاشۇنى كۆرمەي قالارما ... ھە ... سەن ھە دېسە مۇشۇ پاسكىنىغا يان باسىسەن ... سەن بۇزۇق ئۇنى ـ بۇنى دەپ مۇشۇنىڭ بىلەن ماڭا ئىچۈرگەن ئوخشىمامسەن...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئادى چىداپ تۇرالماي ئايالىنىڭ ئېغىزىغا شاپىلاق بىلەن سالدى . شادىيە قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك توختاپ قالدى . لەۋلىرى ئارىسىدىن سۇس قان ساقىدى . چىشى قانىدىمۇ ، تامغىقى يېرىلدىمۇ ، ئىشقىلىپ ئېغىزىنىڭ ئىچىدىن بىر يەردىن قان چىقتى . شادىيە ئېرىگە قول سالماق بولۇپ قولىنى شىلتىۋىدى ، ئادى چاققانلىق بىلەن قولىنى تۇتۇۋالدى . شادىيە ئېرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى . قان ئارىلاش تۈكۈرۈك ئادىنىڭ سول يۈزىدە سەت سوزۇلۇپ ساقىدى . ئادى شاپىلاق بىلەن يەنە بىرنى سالدى . شادىيە قولىنى سىلكىپ ئاجرىتىۋېلىپ :

— ئىپلاس ، بۇزۇق... سەن مۇشۇ پاسكىناڭ بىلەن ئولتۇر ، — دېدى ، شادىيە شۇنداق دەپلا تالانىڭ ئىشكىنى ناھايىتى سەت داراڭشىتىپ يېپىپ ، پەلەمپەيدىن ناھايىتى تېز تاراقشىپ چۈشۈپ كەتتى . ئادى قوزۇقتەك بىردەم تۇرۇپ يۈزىدىكى تۈكۈرۈكنى ئالدىرىماي سۈرتۈپ ، قىرقىراپ يىغلاۋاتقان ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇن ـ تىنسىز باغرىغا باستى ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتتى . بالا باققۇچى قىز قورققىنىدىن بۇلۇڭغا تۈگۈلگىنىچە دىرىلدەپ تىترىمەكتە ئىدى . قىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

كۆكەرگەننىڭ دەستىدىن قارىداپ ئىششىپ كەتكەنىدى .

— كېلىڭە ، — ئادى گەپنى بوغۇزىدىن ئاران چىقىرىپ دېدى . قىز قاتتىق بىر سىلكىنىپ يالۋۇرۇپ يىغلاپ كەتتى .

— مەن خۇش بولاي ، ئوبدان ئاكا مېنى ئۇرماڭ ... مەن خۇش بولاي ، مېنى ئۇرماڭ...

— قورقماڭ ، مەن سىزنى ئۇرمايمەن ، سىزدىن ئەپۇ سورايمەن . خاپا بولماڭ ، كېلىڭ بىز بىللە تاماق قىلىپ يەيلى ، — قىز چەكچىيىپ قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ئادىغا دەرگۇمان بىلەن تىكىپ ئارىسالدىلىق بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى .

بىر ھەپتە ئۆتتى ، شادىيەدىن سادا بولمىدى . ئادى ئۇنىڭ يامانلاپ كېتىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، ئاچچىقى يانغاندا ئەكېلەرمەن دەپ ، ئوغلى ، بالا باققۇچى قىز بىلەن ئىككىز ـ پەس ، خالا ـ خۇتۇڭ تاماق ئېتىپ يەپ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى . تاماقنىڭ تازا ئەپلەشمىگىنى بىلەن ئوغلى زەكىنىڭ «ئاپامغا ئاپار » دېگەن غەلۋىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۆي بىردىنلا تىنچىپ ئادىنىڭ كاللىسى ئارام ئېلىپ قالغانىدى . ھەتتا خېلى كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى دېيىشكىمۇ بولاتتى .

ئادىنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى . يىراق ناھىيىدىكى يېرىم يىللىق تىنچىتىش خىزمىتىدە تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالغان قادىر ئىسىملىك يېزا كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرى ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى . گەپلىرىدىن ئىچىپ چالا كەيپ بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

ئادىنىڭ بۇ پۇلدار ، ئويۇنچى ، ئاق كۆڭۈل ، ئىچەرمەن يېزىلىق ئاغىنىسى ئادى يېزىغا بارغاندا ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز مېھمان قىلىپ ئوينىتىپ ، خىزمىتىدە بولغان ، يېرىم يىلدا يەتمىش ـ سەكسەن قوينىڭ كاللىسىنى كېسىپ مەشرەپ قىلىپ بەرگەن . ئىشقىلىپ ، بىر شەھەر بالىسىنى يېزىدا چاندۇرماي ، غېرىبسىندۇرماي ، ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغانىدى .

— ئاداش تېلېفون نومۇرۇڭنى يوقىتىپ قويۇپتىكەنمەن .

ئەتكەندىن بېرى تاپالماي، يۇرتتا سىنىڭ تېلېفون نومۇرۇڭنى سوراپ تېلېفون بەرمىگەن بىرمۇ ئادەم قالماي، مانا ئەمدى تاپتىم، سورۇنىمىز يېرىم بولدى. بىرمۇنچە ئاغىنىلەر ئولتۇرۇۋاتىمىز. رەڭلىك دېگىنە. تېلېفونۇڭنى يوقتىپ قويمىغان بولسام باشتا سېنى چاقىراتتىم، سورۇن يېرىمدا چاقىرىپتۇ دېمەي كېلە ئاداش. بۈگۈن ئۆرۈمچىدىكى سەندىن باشقا ھەممە ئاغىنەمنى يىغدىم. پەقەت سەنلا يوق، كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ. ئاۋازىڭ-دىن، گەپلىرىڭدىن كەيپىڭ بوش تۇرىدۇ. پەرىزاتتەك قىزلارنى يىغىۋالدۇق، كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كۆتۈرۈلۈپ كەت. ياتاقتىن نەچ-چىنى پۇتۇن ئېلىۋالدۇق. كېلىشەلىگەنلەر ياندىكى ياتاقتا دوۋىسى-نىنى پۇشۇتۇپ كىرىۋاتىدۇ... ھا... ھا... ھا... — ئەر - ئايال-لارنىڭ بولۇشىغا ۋارقىراشقان، كولۇشكەن قالايمىقان چاقچاقلىرى ئاڭلاندى.

— ئاداش ... مەن ... مەن ... بۈگۈن، بالام ...

— تولا تىلىڭنى چاينىما. ئۆرۈمچىگە كەلسەممۇ يەنىلا مەن سېنى مېھمان قىلىمەن. قورقما مېھمان قىل دەپ ئېسىلىۋالماي-مەن. ھازىرلا تاكسىدا كەل، پۇلىنى مەن بېرىمەن. ھازىر كەلمىسەڭ سېنى ئاغىنەمنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن، سەن بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمەيمەن... — قادىر تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ ئادرېسىنى دەپلا ئادىغا پۇرسەت بەرمەي تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

ئادى ئالىي مېھمانخانىنىڭ ئازادە ياتىقىغا كىرگەندە، ھاراق - تاماكا ھىدى قاپلىغان ياتاقتىكى غۇۋا چىراغ يورۇقىدا چالا كەيپ بولغان قىز - يىگىتلەر جۈپ - جۈپ بولۇپ نورمال تانىسىدىن ھالقىغان ھالدا گىرە سېلىشىپ، بىر - بىرىگە ئۆزىنى تاشلىشىپ تانسا ئويناشماقتا ئىدى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە قارىغۇدەك ھالى يوق. ھەممىسى ۋالاقلىشىپ، كولۇشۇپ ئوينىماقتا ئىدى. ئادى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئادى ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپ ئاغىنىسى قادىرنى تاپالمىدى. ئويناۋاتقانلار ئارىسىدىن ئەپتىدىن جەنۇبتىن چىققانلارمۇ، ئۆرۈمچىدە ئۆزى چېلىقتۇرغانلارمۇ بار

ئـــدى . ئەمما قادىر كۆرۈنمىدى . ئادى قادىرنىڭ مەستچىلىكتە ئادرىېسىنى خاتا دەپ بەرگەنلىكىگە جەزم قىلىپ، ئۇسال ھالەتتە ئاستا كەينىگە يېنىۋىدى ، سۈت كالىسىدەك بىر چوكاننىڭ تۆگىنىك لوكىسىدەك تولغان كۆكسى ئارىسىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن بىـــر دېھقان يىگىت چوكاننى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئادىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى .

— ئا شۈجى سىزنى ئاران تاپتۇق ، نەگە بارسىز ؟

ئـادى ســـنچىلاپ قاراپ بۇ يىگىتنىڭ قادىرنىڭ كەينىدىن خـــزمەتـكارلىق قىلىپ يۈرىدىغان دېھقان يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇدى ، ئەمما ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى .

— سىز دېگەن ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كادىر بولغاندىكىن مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز ، ئەمما بىز سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز ، — ئادى خىجىللىق بىلەن يىگىت بىلەن زورۇقۇپ كۈلۈپ كۆرۈشتى .

— قا كويجىكام تانسا ئويناۋاتقان چىرايلىقى بىلەن پۇتۇشۇپ قاپتىكەن ، ياندىكى ياتاقتا ئاچقىپ ھاۋا تاپان قىلىۋاتىدۇ ، بىردەمدە چىقىدۇ . تۆت ئادەم بەش ياتاق ئالدۇق دەگە ، بىرى زاپاس كومخانا ، قـايـــمىزنىڭ ئىشىمىز پىشىپ قالسا شۇ چىقىپ كوم قىلىپ سوقۇۋېلىپ چىقىمىز . ئۇرۇمچىگە نەچچە يىلدا بىر كەلگەندىكىن ، پـۇخـادىـن چـىـقـىـۋدەك ئوينىۋالايلى دېدۇق . مەنمۇ ئاۋۇ تانسا ئويناۋاتقان «كاماز» بىلەن چىقىشىپ قالغان . ئۇستىگە چىقىپ سەكرىسەممۇ كۆتۈرىدىكەن دەگا ، ... ھا ... ھا... ھا ... پىلنىڭ سۆڭگىچىگە قونغان قۇشقاچتەك ، ئىشقىلىپ ، بىر ئىش بولدى دەگە ھا... ھا ...ھا ... ســزمـۇ بۇنـداق تـۇرماي بىر ئىستاكان كۆتۈرۈۋېتىپ ، يۈزىڭىزنى قېلىن قىلىپ كۆزىڭىز ئىلناشقاندىن بـــرگە ئېسىلمامسىز ؟ بۇ نېمىلەرنىڭ ھەممىسى تەييار ياغاچ ، ھەرىدەيمەن دېسە ھېچقايسىسى ياق دېمەيدىكەن . پەقەت ھەرىڭىز تەييار بولسىلا ، ھا ... ھا ... ھا ... خاتىرجەم بولۇڭ ، مال زاپاس . پاچاق ئالتە ، كالاچ سەككىز بولۇپ قالدى... ھا... ھا... ھا... — دېھقان يىگىت شۇنداق سۆزمەنلىك قىلدى ـ دە ، — قا كوجىكام

ھازىرلا چىقىدۇ، — دەپ ئۆزىنى ساقلاپ دومسىيىپ ئولتۇرغان يوغان «كاماز» چوكاننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئادى بىردەم تېپىرقىغاندىن كېيىن ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئېگىسىز قالغان بوتۇلكىدىن بىر رومكا ھاراقنى ئۆزى قۇيۇپ ئىچتى. قول تەگمىگەن كاۋاپ، توخۇ، پىشۇرۇلغان گۆش، بېلىق دېگەنلەر ئۇستەلدە خامان قىلىپ دۆۋىلەگىلىك ئىدى. ئادى سوۋۇپ قالغان تونۇر كاۋىپىدىن بىر پارچە ئېلىپ يەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. ئېگىسى يوق سوۋۇپ قالغان بىر پىيالە چاينى ئىچىۋىدى، ھاراق ياندۇرۇپ قويغان چاينى يۇتۇپ سېلىپ، بەتتەر سەسكىنىپ ئۇستىگە يەنە بىر رومكا ئىچتى. كۆزلىرى ئېلىشىپ، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۆزىنى بەك ياسىۋالغان، ئەمما يۈزلىرى تۆمۈررەڭ كۆكىرىپ كەتكەن شادا پاچاق بىر چوكان ئىش كەلمىگەن مۇزدۇزدەك سافادا ناچار كەيىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئىلغاندى بولسىمۇ مەيلى، ئادى چوكاننى تانسىغا تارتتى. چوكان خوش ياقماسلىق ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن خالىماي ئورنىدىن تۇردى. ئادى پۇشايمان قىلدى. «شۇڭا تاشلىنىپ قاپتىكەنسەن ـ دە، تاياقتەك قېتىۋېلىپ» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ. چوكان سۆرىلىپ ھېچ قولاشمىدى. ئادىنىڭ كۆزى ئىشىكتە، ئۇ قادىر پاتراق كىرسە، كۆرۈشۈپ قويۇپلا بەدەر قاچسام دېگەن خىيال بىلەن ۋەزىپىگە ئوينىدى. VCD دىن چىقىۋاتقان تانسا مۇزىكىسى تۈگىمەسكە كەتكەنىدى. تاياقتەك قېتىپ كەينىگە قېچىپ ئويناۋاتقان تۆمۈررەڭ چوكان بىردىنلا ئادىغا ئۆزىنى تاشلاپ، بېشىنى ئادىنىڭ مۈرىسىگە قويدى. يا پەرۋەردىگار، ئادى ئۆيىنى بېزىگەن چاغدا كۆتۈرگەن قېلىن پەنەركە تاختىنىڭ ئۆزى. نېمىدېگەن ئازابلىق قۇچاقلىشىش بۇ. چوكان مۇزىيىنى يالىغان ئىنەكتەك ئادىنىڭ بويىنىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈشكە باشلىدى. ئادى ئەندىكىپ تېخىمۇ تۈگۈلۈپ كەتتى. ھەم چاتاق بولدى. بۇ چوكان ئاۋۇلاردەك ئېسىلىپلا بېسىۋالسا، مەندە ئىشقا لايىق ئىنجا بولىدىغاندەك ئەمەس. ئاچقۇچىنى يوقىتىپ قويغان بالىدەك تۆت

تەرىپىمگە قاراپ قالىدىغان بولدۇم...

ئادىنىڭ پۈتۈن ئوي ـ خىيالى شۇ يەردە ئۇزۇلۇپلا قالدى. ئىشىكتىن دوستى قادىر بىلەن ئايالى شادىيە بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ گىرە سېلىشقان ھالدا، ھەم ۋالاقلىشىپ ھەم چوكۇلدىتىپ سۆيۈشكەن ھالدا كىرىپ كېلىشتى. ئامبۇردەك بىر قول ئاچقۇچ ئىزدەشكە باشلىدى. قادىر ۋالاقلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ تۆمۈررەڭ چوكاننى ئىتتىرىۋېتىپ ئادىنى قۇچاقلىۋالدى. ئەمدىلا ئاچقۇچنى قىسقان ئامبۇردەك قول ئاجراپ كەتتى. قادىر ئادىنى بايا ئايالىنى سۆيگەندىنمۇ بەك چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى، شادىيە چالا مەستچىلىكتە قىزارغان كۆزلىرىنى ئادىغا ئۆچمەنلىك، نەپرەت بىلەن بىردەم تىكىپ، ئىشىكنى جالاقىدا يېپىپ چىقىپ كەتتى.

1999 ـ يىل 9 ـ ئاي



# نىياز كۆڭزىنىڭ شەرپى

بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت بىرىمۇ تارقىماستىن ھاكىمنىڭ ئانىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىگە ماڭدى. چوڭ جامەنىڭ جامائىتى، ئىمام ھەم خاتىپ مىجىت قارىھاجىمنىڭ پالەچلەر ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن چوڭ يولغا سىغىشماي، ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىدىمۇ بىر - بىرىنى قىستىشىپ پۇتلىشىپ ئاران ماڭدى. ئەرلەر نامازغا كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە نامىزىنى ئوقۇپ بولغان خوتۇن - قىزلار ئىشىك ئالدى پىيادىلەر يولىنى سېرىپ سۇپۇرۇپ سۇ چېچىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇلار خىزىر سۇپەت قېرىغان ئاپئاق ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشۈپ، يۈزلىرىدىن پاكىزلىق نۇرى يېغىپ، كۆزلىرى بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك سۈرلۈك چاقناپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن قاشلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن مىجىت قارىھاجىم باشچىلىقىدىكى چوڭ جامە جامائىتىنى كۆرۈپ ھەممىسى دېگۈدەك قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ يىراقتىنلا ئۆيلىرىگە - دالدىغا ئۆزىنى ئالدى. ياندىكى خالتا كوچىلاردىكى كىچىك مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىغا ئەگەشكەن جامائەتلەر يان كوچىنىڭ ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرۇشقان بولۇپ، چوڭ جامەنىڭ مىجىت قارىھاجىم باشلىغان جامائىتى كوچا ئېغىزىغا كەلگەن ھامان سالام بېرىپ، چوڭ دەرياغا قوشۇلغان جىلغا سۇلىرىدەك قوشۇلۇپ، جامائەت سېپى بارغانچە يوغىناپ يولدا كېتىۋاتقان ماشىنا، تراكتور، ۋېلسىپىت، ھارۋا دېگەنلەر توختاپ، جامائەت ئۆتۈپ

كەتكەندىن كېيىن يوللىرىغا راۋان بولۇشتى . ئىشىك بوسۇغىسىدىن چىقالماي جامائەتنىڭ ئۆتۈپ بولۇشىنى ماراپ، سوپۇرگىسىنى تۇتۇپ تۇرغان قىز ـ جۇۋانلار : «يائاللا ھاكىمنىڭ ئايىسىنىڭ نەزىرىسىگە شۇنچىۋالا ئادەم كېتىۋاتىدۇ . ئون قازان پولۇ يېتەرمۇ . ئۆيىنىڭ نەرىگە سىغار بۇ خەق ، ھاكىم ئۆزى ئۆلسە مۇشۇنداق كاتتا نەزىر بىلەن ئىززەت تاپارمۇ ؟ » دېيىشىپ قېلىشتى . ھەر كوچىنىڭ ئېغىزىدىن قوشۇلغان كىچىك مەسچىت جامائىتى مىچىت قارىھاجىمغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ، ئەقىدە ، ئىخلاس بىلەن ئېگىلىپ سالام بەرگەندە ، خىزىر سۈپەت سۇرلۇك بوۋاي بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېگىپ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ يولىنى داۋام قىلدى . چوڭ يولدىن ھاكىم مەھەللىسىگە ماڭىدىغان كىچىك يول دوقمۇشىغا كەلگەندە ، تازا بىر قاملاشمىغان ئىش بولدى .

چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشلىنۋەتسە ئوغرى ئالمايدىغان رەزگى بىر ۋېلىسىپىتنى توغرا توختىتىپ قولىدا يېرىم بوتۇلكا ئەرزان ھاراقنى تۇتۇپ تۇرغان ، ناھىيىدە بۆشۈكتىن ـ تۆشۈككىچە ھەممە ئادەمگە پۇر كەتكەن ھاراقكەش ، زابوي نىياز كۆڭزى تۇرغانىدى . ئۇنىڭ بۆكىنى ئىت ئېپقاچقانىمىدۇ ، چاچلىرى چۇۋۇق ، توپا ، ئېغىزىدىن ئاققان شالى بىلەن بۇرنىدىن ئاققىنى بىرلىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغان . ئىشتانىنىڭ ئېغىدىن باشلانغان ھۆل پۇچقىقىدىن ئۆتۈپ ئاياغلىرىغىچە بارغانىدى . تېشىدىكى ئىشتىنىنى سالغاندا ، قايتا ئېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ، ئىشتىنى تىزىنىڭ تۆۋىنىدە ئىدى .

— ئىم ، ماۋۇ نەس باسقان نىياز كۆڭزى ئەتىگەندە ئىچىپ مەست بولۇۋاپتا .

— ياق ئەتىگەندە ئەمەس ، ئاخشام ئىچكەنچە ئۆيىگە كىرمىگەن گەپ .

— ھۇ زۇۋانىڭغا ، گۆرۈڭگە ئوت كەتكۇر توڭگۇز .

— مەن يولنىڭ ئوتتۇرىدىن چىقىرىۋېتەي .

— بولدى ، يانداپ ئۆتۈپ كېتەيلى .

— بولمايدۇ ، ئۇنىڭ زۇۋانى ، بەدىنىدىن چىقىۋاتقان ئېچىپ كەتكەن چۇخەيدەك پۇراق جامائەتنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلسا ، تاھارەت سۇنۇپ ، كىيىملەر مەكرو بولىدۇ . غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ، كىيىملەرنى يەڭگۈشلىمەك لازىم بولىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ھەممە جامائەت شۇنداق بولمىسۇن ، بىرىمىز شۇنداق بولىلى .

كەلگۈندەك ئاقما بوپ كېلىۋاتقان جامائەت يولدا توغرا تۇرۇۋېلىپ خۇددى بۇ دۇنيادا ئۆزىلا باردەك ، بۇ يول ئۆزىلا ماڭىدىغان يولدەك ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندەك خاتىرجەم تۇرغان نىياز كۆكۈزدىن نەپرەتلىنىپ توختاپ قېلىپ ، غوتۇلداشلار ۋاراڭ - چۇرۇڭغا ئايلاندى .

— كىم ئۇ نەس باسقان كۆكۈزنى يولنىڭ چېتىگە تارتىۋېتىدۇ ؟

— مەن تارتىۋېتەي ، — بىر ياش ئالدىغا چىقتى .

— توختا بالام ...

مىجىت قارىھاجىم ھارۋىدىن قىمىرلاپ ئورنىدىن تۇردى . ھارۋىنى ئىتتىرىپ ماڭىدىغان ئىخلاسمەن شاگىرتى دەرھال مىجىت قارىھاجىمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى . جامائەت ۋارقىراپ كەتتى .

— ھاي ، قارىھاجىمكا ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىسىلا ، بىز بارايلى .

كىشىلەر بەس - بەستە ئىنتىلدى . ئەمما مىجىت قارىھاجىم قولىنى كۆتۈرۈپ جامائەتنى توسۇپ قويدى .

— ھېچقايسىڭلار قوزغالماڭلار ، مەن ئۆزۈم باراي .

مىجىت قارىھاجىم ئىخلاسمەن شاگىرتىنىڭ يۆلىشى بىلەن نىياز كۆكۈزغا قاراپ ماڭدى .

— ھاي ، ماۋۇ ئىش بولمىدى . شۇنچە ئادەم قاراپ تۇرۇپ يۇرتىكى ئەڭ كاتتا ئۆلىما زابوينى يۆلىسە قانداق بولىدۇ ؟ ئۆلۈكى

تالادا قېلىپ نامىزنى چۈشۈرىدىغان ئادەم چىقارمۇ بۇ بەتبەخنىڭ ؟

— قاملاشمىدى ، مىجىت قارىھاجىمنىڭ پۈتۈن ناھىيە ، ھەتتا شىنجاڭدا ئىناۋىتى چوڭ كاتتا ئۆلىما ، سۈيدۈگىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى بىر زابوينى يۆلىسە سۈيدۈگلۈكلەر قاراپ تۇرۇپتۇ دېسە يۈرىمىزگە سەت . بىر ئادەممۇ نامىزىغا كەلمەسمىكىن بۇ زابوينىڭ .

— نېمە دەيسەن ، مىجىت قارىھاجىكامنىڭ شىنجاڭدىلا ئەمەس ، ئالمائاتا ، تاشكەنت ، بۇخارا ، ھەرەملەردىمۇ ئىسمىنى ئاڭلىسا تىك تۇرىدىغان نى - نى ئالىملار بار دەيمەن ، سەت تۇرىدۇ ، توسۇۋالايلى .

جامائەت مىجىت قارىھاجىمغا يالۋۇردى ، ھەتتا بىرقانچىسى ئېتىلىپ بېرىپ نىياز كۆكزىنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ چېتىگە تاشلىماق بولۇپ ، ئۇنى سۆرەشتۈردى . ئويلىمىغان يەردىن ، مىجىت قارىھاجىم ھاسىسىنى شىلتىپ ئۇلارغا ۋارقىرىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نىياز كۆكزىنى تاشلاپ ئاستا ئارقىغا ياندى . مىجىت قارىھاجىم ئاستا نىياز كۆكزىغا يېقىنلاشتى . جامائەت ئارىسىدا يەنە غوت - غوت باشلاندى .

— نى - نى كاتتا مەسچىتنىڭ ئىماملىرى ، ئۆلىما ، پازىللار سالام بەرسە قارىھاجىكام ئورنىدىن قىمىرلاپ قويمايدۇ ، بۇ قەلەندەر مەستكە نېمانچە قىلىدۇ ؟

— باياتىن بىرى يەتتە مەسچىتنىڭ ئىمامى جامائەت بىلەن كېلىپ شۇنچە ھۆرمەت بىلەن سالام بەرسە قىمىر قىلىپ قويمىغان مىجىت قارىھاجىكامنىڭ نېمە قىلىقى بۇ ؟

— سىلەر بىلمەيسىلەر ، نىياز كۆكزىنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىدا مىجىت قارىھاجىكام ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ . ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار سانايدۇ .

— نېمىشقا ؟

— نىياز كۆكزا ئەسلىدە بالا ۋاقتىدا مىجىت قارىھاجىكامنىڭ تالىپى ئىكەن . كۆپۈر سۆزلىگەچكە مەدرىستىن قوغلىۋېتىپتىكەن .

— تالىپى بولسا بولمامدۇ .

— قارىھاجىكامدا ئوقۇغانغا ھاراقكەش بوپتىما ، نى - نى ئوقۇغانلار ساپلا ئىمام بولدىغۇ ؟

— قارىھاجىكام مەدرىستىن قوغلىنىۋەتمىگەن بولسا ھاراقكەش بولۇپ مۇشۇنداق رەسۋا بوپكەتمەستى ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىغا مەن سەۋەبچى ، دەپ ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلىسا كېرەك .

— نېمىدەپ كۇپۇر سۆزلەپتىكەن بۇ ھاراقكەش ؟

— نىيازنىڭ ئون بىر ياشلار ۋاقتى بولسا كېرەك . بىر كۈنى باللار تازا يادلاۋاتسا ، نىياز ھوڭدىن سوڭ چىققاندەكلا : ئۇستازىم ، سورايدىغان بىر سوئالىم بار دەپتۇ . ھە نېمە سوئالىڭ بار نىياز بالام دەپتىكەن ، نىياز : ئەر كىشى ئۆلۈپ جەننەتكە كىرسە جەننەتتە يەتمىش ئىككى ھۆر قىز - غىلمان شۇ ئەرگە مۇكاپات بېرىلەمدۇ ئۇستازىم ؟ دەپتۇ . شۇنداق بېرىلىدۇ ، قانداق قىلىپ بۇ گەپنى سوراپ قالدىڭ نىياز بالام دېسە ، بۇ ھارامدىن بولغان نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر ، ئۇنداق بولسا دادام ئۆلسە جەننەتكە كىرمىسە بولغۇدەك ، دەپتۇ . نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن دېسە ، دادامنىڭ ئىككى خوتۇنى بىر - بىرىدىن كۈنلەپ دادامغا دوزاخ ئازابىنى سېلىۋاتىدۇ . بۇ ئىككى خوتۇندىن قۇتۇلۇپ ئۆلۈپ جەننەتكە كىرسە ، يەتمىش ئىككى خوتۇنغا تۇتۇلۇپ ئىككى خوتۇننى باشقۇرالماي ئۆلۈم تىلەۋاتقان دادام ئۆلۈپمۇ يەنە خوتۇنلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالمىغۇدەك . شۇڭا دادام بۇ دۇنيادىكى ئىككى خوتۇننىڭ دوزىخىدىن ئۇ دۇنيادىكى يەتمىش ئىككى خوتۇنلۇق جەننەتكە كىرمەي ، خوتۇن يوق دوزاختىلا كەتمىسە دادامغا ئاراملىق يوقكەن دەپتۇ . جان - ئىمانى چىققان مىجىت قارىھاجىكام : چىقە بەتبەخ ، مەدرىستىن ، دەپ مەدرىستىن قوغلىۋېتىپتىكەن . بۇ توڭگۇز مەدرىستىن بىر قاچقانچە خەنزۇچە ئۆگىنىدىغان شۆتاڭغا بېرىپ ئوقۇپتۇ . كالىلىسى ئوچۇق گۇيكەندۇق ، خەنزۇچە گەپنى خەنزۇلاردىنمۇ ئۇستا سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ بىلىدىغان خەنزۇچە خەتلىرى بەك كۆپمىش ، شۇڭا ھۆكۈمەت ئۇنى تۇڭچى قىلىۋاپتۇ . ھۆكۈمەت ئالماشسىمۇ ئۇنى كېيىنكى ھۆكۈمەت

ئۆزىگە تىلماچ قىلىپ ئىشلىتىۋەردى . ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ھۆججەت - كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئۆزى توقۇم - توقۇم دەپتەر قىلىپ تىكىپ ساقلايدۇ . ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدە تورۇسقا تەك دۆۋىلەپ تام قىلىپ ياسىۋالغان كونا - يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرى بار . نى - نى باشلىقلار بىلمىگەن گەپنى بىلىدۇ . نەدىن سورىسا ھېلىقى كىتابقا قاراپ سۇدەك جاۋاب بېرىدۇ . شۇڭا خەلق ئۇنى كېيىنچە نىياز كۇڭزى دەيدىغان بولدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بالام ، نىياز كۇڭزى .

مىجىت قارىھاجىم سالام بەردى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام مۇتىۋەر ئۇستازىم . مىجىت قارىھاجى دادا ، جامائەتنى باشلاپ نەزىر يېگىلى مېڭىپلا - دە .

— ئەقىل - ھوشى ، گەپ - سۆزى جايىدىغۇ بۇ زابوينىڭ .

— ئاۋۋال ئىشتىنىڭنى كىيىۋال ، ئەل - جامائەت ئالدىدا .

— بولار ئىش بولدى دەپ كىيمىگەنتىم ، سىلى دېسىلە كىيىۋالاي قارىھاجى دادا .

نىياز كۇڭزى يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سالماقچى بولدىيۇ ، سالالماي ھاراق يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى . بەتبۇي پۇراق ئەتراپقا تارالدى . مىجىت قارىھاجىم باشچىلىقىدىكى پۈتۈن جامائەت ئېغىز - بۇرنىنى ئېتىۋالدى . نىياز كۇڭزى خىرىلداپ كۈلۈپ ئىشتىنىنى تارتىپ سۆڭگىچىگە پەقەت چىقىرالمىدى . مىجىت قارىھاجىم ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغان شاگىرتىغا ئىشارەت قىلدى . شاگىرتى سەسكىنىپ تەتۈر قاراپ تۇرۇپ نىياز كۇڭزىنىڭ ئىشتىنىنى ئۇستۇن قىلىپ ئېتىپ قويدى .

— نىياز بالام ، سەن بىزنىڭ جامائەت بىلەن قوشۇلساڭ ئوبدان بولاتتى . ئەللىك يىل ئىچتىڭ ، ئەمدى نەۋرەڭ ئېڭىكىڭگە تاقاشتى .

— مەنمۇ جامائەتكە قوشۇلاي دەيمەن ، يەنە شۇ ھاراقتا چىدىيالمايدىكەنمەن ، ئىچىپ كۆنۈپ قاپتىمەن ، — يەنە خىرىلداپ كۈلدى نىياز كۇڭزى .

— جامائەت ، نىيازئاخۇننىڭ ئىنسابىغا ، ئىمانىغا دۇئا قىلايلى .

مىجىت قارىھاجىم باشلىق پۈتۈن جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈردى . نىياز كۇڭزى بولسا خىرىلداپ كۈلگەنچە قاراپ تۇردى .

— نىياز بالام ، ئەگەر ھازىر ماڭغۇدەك ھالىڭ بولسا جامائەت بىلەن نەزىرگە بىللە بارغىن ، بولمىسا جامائەتنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرۇۋالما .

— سىلى دېگەندىكىن جامائەتكە يول بېرەي . ئەمما ھاكىمنىڭ نەزىرسىنى يېگىلى بارغىنىمدىن مۇشۇنداق ھارىقىمنى ئىچىپ يۈرگىنىم ئوبدانمىكىن ئۇستازىم . چۈنكى نەزىر دېگەن يېتىمنىڭ ھەققى . يېتىمنىڭ ھەققىنى يېگەندىن ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا ئېلىپ ئىچكەن ھاراق ئوبدانمىكىن دەيمەن...

نىياز كۇڭزى شۇنداق دەپ ئەبجەق ۋېلىسىپىتىنى چەتكە تارتىپ خىرىلداپ ھىجىيىپ تۇردى .

مىجىت قارىھاجىم ئۇندىمەستىن نىياز كۇڭزىغا بىردەم تىكىلىپ جامائەتكە قارىدى . شاگىرتى پالەچ ھارۋىسىنى ئالدىراپ ئىتتىرىپ كېلىپ قارىھاجىمنى ئولتۇرغۇزۇپ ، نىياز كۇڭزى چېقىۋەتكەن ھاراقنىڭ يېنىدىن يانداپ تېز ئۆتۈپ كەتتى . مىجىت قارىھاجىم باشلىق پۈتۈن جامائەت ئۆلۈك توڭگۇزنىڭ تاپىدىن يانداپ ئۆتكەندەك ئېغىز - بۇرنىنى يۆگەپ ، نىياز كۇڭزىغا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ ئۆزئارا غوتۇلدىشىپ ئۆتۈپ كەتتى .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ، مىجىت قارىھاجىم ئېغىر يېتىپ قالدى . توقسانىدىن ئاشقان خىزىر سۈپەت بوۋاي ئەمدى بولالمايۋاتقىنىغا كۆزى يەتتى . يۇرت - مەھەللە ، پۈتكۈل ناھىيە ، غۇلجا تەۋەرەپ كەتكەندەك توپ - توپ كىشىلەر قارىھاجىمنى يوقلاپ ئۆيىگە ، ھويلىغا ، ھەتتا يولغا پاتماي قالدى . ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ، يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن موللا - ئۆلىما ، ئىمام ئاخۇنۇم ، مەزىنلەرمۇ كەلدى . ئۇلار قارىھاجىمغا بولغان ھۆرمەت - ئىخلاس سەۋەبىدىن قارىھاجىمدىن تەۋەررۈك تىلەپ ، بىرلىرى

سەللىسىنى سورىسا، بىرلىرى ھاسىسىنى سوراشتى، يىغلاپ تۇرۇپ ۋىدالاشتى. ئاخىر قارىھاجىمنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى ئىخلاسمەنلىرىگە تارقىتىپ ھېچ نەرسىسى قالماي، ئىخلاسمەنلەر ئېشىپ قالدى. قارىھاجىمغا يۇغۇچى بولۇپ كىرىشنى تالىشىپ بىرمۇنچە ئىخلاسمەنلەر قىزىرىشىپ، چىڭقىلىشىپ يۇغۇچىغا ئادەتتىن تاشقىرى يىگىرمىدەك ئادەم كىرىدىغان، جىنازىسىنى ئىككى يۈزدەك ئادەم كۆتۈرىدىغان، سەپنىڭ ئالدىدا قانچىنچى رەتتە ھازا ئېچىپ ماڭىدىغان، يەرلىكىدە قويىدىغان ئادەملەرگىچە تاللاپ بېكىتىلدى. ئەڭ يامان نازۇك ئىش ئون بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئارىسىدا كىم مىجىت قارىھاجىمنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش مەسىلىسىگە كېلىپ توختىدى. كىم مىجىت قارىھاجىمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسە، يۇرت ـ جامائەت ئارىسىدا شۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئاشىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى مىجىت قارىھاجىم كىمنى ئۆزىنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش سالاھىيىتى بار دەپ ھۆرمەت قىلسا شۇ ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئاشاتتى. شۇڭا ئون بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى نەچچە كۈنلەردىن بېرى كېچىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم كېلىپ سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەزىلەتلىرىنى مىجىت قارىھاجىمغا سۆزلەپ، ھەربىرى ئۆزىنى مېيىت نامىزى چۈشۈرۈشكە بېكىتىشنى مىجىت قارىھاجىمغا ئىلتىماس قىلغان، مىجىت قارىھاجىم كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۈندىمەستىن ياتقانىدى. مانا ئەمدى ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ئېغىزىدا يول قويۇشسىمۇ، قارىھاجىم قايسىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتار دېگەن ئۈمىدتە بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ ئولتۇراتتى. چۈنكى كىمنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشنى ھازىر ۋەسىيەت قىلماقچىدى.

— مېنى ھويلىغا ئاچىقىڭلار، ئىچىم سىقىلىۋاتىدۇ، مەن ھەممە جامائەت بىلەن ۋىدالىشىۋالاي، — دېدى بوۋاي ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا. ھويلىدىكى تال باراڭنىڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتقا ئاچىقىپ يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇشتى. ئىمام ئاخۇنۇملار ئەتراپىدا تۇرۇپ ئۈزۈلدۈرمەي ياسىن ئوقۇشتى. ھويلا قويۇق ئورمانزاردەك

لىقىدە ئەر - ئايال قىستىلىشىپ تۇرغانىدى . باللار تامغا ، ئۆگزىگە ، دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋېلىشقان . ئادەملەر كۆزلىرىدە ياش ، بەزى ئايالىلار ئۆكسۈپ يىغلايتتى . مىجىت قارىھاجىم ھەممەيلەنگە بىرمۇ بىر كۆز يۈگۈرتۈپ كۆز ئىشارىسى بىلەن خوشلاشتى . كۆزى بىردىن جامائەت ئارىسىدا دۈگدىيىپ قول باغلاپ تۇرغان نىياز كۆڭزىغا چۈشتى . ئۇ رەتلىك كىيىنگەن ، پاكىز كۆرۈنەتتى . مىجىت قارىھاجىم نىياز كۆڭزىنى يېنىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى . نىياز كۆڭزى ئەيمىنىپ ، تارتىنىپ ئاران يېنىغا كەلدى .

— سەن … سەنمۇ … كەلدىڭمۇ ؟

— ھەئە … ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراپ كەلگەن ئۇستازىم .

— سەن … جامائەتكە …

— مەن ھاراقنى تاشلاپ جامائەتكە قوشۇلۇپ ناماز ئوقۇۋاتىمەن ئۇستاز .

— قاچان ؟

— ھېلىقى چاغدا سىلى قىلغان دۇئانىڭ بەرىكىتى بولدى ئۇستاز ، شۇ كۈندىن باشلاپ تاشلىدىم .

— ھە… ماشائاللا… مېنى بەكرەك يۆلەڭلار ، جامائەتكە سۆزلەيمەن… جامائەت… مەندىن ئۆتكەن ، دىلىڭلارنى چىگكەن… رەنجىتكەن يەرلىرىم بولسا… كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار ، ماڭا رازىلىق بېرىڭلار…

— بىز رازى ، ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا رازى .

— مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەسىيىتىم بار …

مىجىت قارىھاجىم بىردىنلا ساقىيىپ قالغاندەك جانلىنىپ ، ساق ئادەمدەكلا سۆزلەپ كەتتى .

— مېنىڭ مېيىت نامىزىمنى … شاگىرتىم نىيازئاخۇن چۈشۈرسۇن !

— نىياز كۆڭزى .

— زابوي .

— ئەللىك يىل هاراق ئىچكەن مەست ؟

بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە داغ قېتىپ قالدى .

— هۆرمەتلىك ... تەقسىر ...

— دادا ... ئەس ـ هوشىڭىز .

مىجىت قارىھاجىم ئوغلىنىڭ گېپىدىن تىترىكتى .

— مېنىڭ ئەقىل ـ هوشۇم جايىدا ... ناماز چۈشۈرۈش دېگەن ئەل ـ جامائەتنىڭ ئۆلگۈچىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىدىغان بىر رەسمىيەتى . مۇسۇلمان بولسا بولدى . ئۆلگۈچىنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ھېسابىنى خۇدايىم ئۆزى قىلىدۇ . ناماز چۈشۈرگۈچىنىڭ گېپى بىلەن گۇناھى كەملەپ ياكى ئېشىپ قالمايدۇ ... كۆڭلۈڭلەرگە كەلسىمۇ مېنى كەچۈرۈۋېتەرسىلەر ، مۇشۇ سۆيدۈك تەۋەسىدە مەن ئەڭ هۆرمەتلەيدىغان ئادەم مۇشۇ نىيازئاخۇن . چۈنكى ئۇ هۆكۈمەتتە تىلماچلىق قىلىش جەريانىدا ، هۆكۈمەتنىڭ ھەممە هۆججەت ـ سىياسەتلىرىنى زىر ـ زەۋەرىگىچە بىلىۋېلىپ ، ئۆمۈر بويى ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز ئون بىر كىشىنىڭ ناھەق دېلوسىنى ئاغدۇرۇپ تۈرمىدىن چىقىشىغا يول ئاچتى . بەش مىڭدىن ئارتۇق ئىشتىن ھەيدەلگەن ، ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ سۈرگۈن بولغان ئادەمنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم قىلدى . ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان مىڭدىن ئارتۇق بالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا سەۋەب بولدى . ئەگەر ئۇ هۆكۈمەتنىڭ هۆججەتلىرىنى كۆرمىسە ، كۆرسىمۇ بىزدەك كۆزى ئوچۇق قارىغۇلاردەك بىلمىگەن بولسا ، كۆرسىمۇ ، بىلسىمۇ ، كۆرمەسكە ، بىلمەسكە سالغان بولسا شۇنچە ئادەمنى قۇتقۇزامتى . ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىزنىڭ ئىبادەتتىن ئاشسا ئاشىدۇكى ، كەم ئەمەس . ساۋابىنىڭ ئەڭ كاتتىسى دىشۋارچىلىقتا قالغان جاننى قۇتقۇزۇشتۇر . شۇڭا نىيازئاخۇن مېنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئەڭ سالاھىيەتلىك كىشىدۇر . چۈنكى ئۇ ئەلنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا ھەممىمىزدىن ئارتۇقتۇر ، ئامىن .

ھەممە جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈردى. نىياز كۈڭزى ھودۇقۇپ، كىپكەچلەپ، كىچىكلەپ كەتكەندەك بولدى.

— ئۇ ... ئۇستازىم ... مەن بىلمەيمەن.

— نىيازئاخۇن بالام، بىلمىسەڭ، مانا ئۆگىتىدىغانلار يېنىڭدا بار. تەس ئەمەس، بىردەمدە ئۆگىنىسەن، جامائەت رازىمۇ سىلە.

— رازى ... بىز رازى.

نىياز كۈڭزىنىڭ ئېغىزىدا كۈلكە، كۆزى ياش ھالدا جامائەتنىڭ يەنە بىر دۇئاسىنى ئالدى.

2004 - يىل 1 - ئاي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# غازاڭ خالتىسى

ئەزان چىقىشى بىلەن چوڭلار بامداتقا تاھارەت ئېلىپ ئاتىلار مەسچىتكە ، ئانىلار بىلەن باللار ئۆيدە ناماز ئوقۇپ بولۇپ ، ئانىلار ناشتىلىققا تۇتۇش قىلدى . باللار سىڭا زاغرىنى غاجىلىشىپ ئانىنىڭ ناشتىلىق تامىقى پىشقۇچە ئارىلىقتا ، ئېغىلدىكى مال - كالىنى ناشتا - ناۋا قىلدۇرۇش ئۇچۇن ئۆي - ئۆيلەردىن قوي - كالا ھەيدەپ ، بەزىسى ئېشەكلەرگە يايداق مىنىپ ، چارۋىلىرنى مۆرىتىپ جاڭگالغا ھەيدەپ ماڭدى . مانا بۇ ساي مەھەللىسىنىڭ سۇبھىسى بىلەن تەڭ ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى . سەھەردىلا مەھەللە يوللىرى قوي - كاللارنىڭ مەرەش - مۆرەشلىرى ، باللارنىڭ ماللىرنى توسۇپ ۋارقىرىغان ، ئىسقىرتقان ، تىلللىغان ، بىر - بىرىنى تووۋلاشقان ئاۋازلىرى بىلەن تولدى . ئۇنىڭغا يەنە خورازنىڭ چىلللىشى ، تۇغۇت قىستاپ كەتكەن مېكىيانىنىڭ سايراشلىرى ، دەمدەرلەرنىڭ دەم تارتىشلىرى ، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى قوشۇلۇپ ، قاينام بازار غوۋغىغا تولدى . شامالسىز سەھەردە ئاشۇنداق غوۋغالارنىڭ ئاۋازلىرىدىن باش - ئۇچى غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ ، چوغى تاز بولۇپ بولغان تېرەكلەرنىڭ چوققىسىدىكى يوپۇرماقلار باھانە تاپالماي ئاران تۇرغاندەك لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇۋىگە ياكى تۇۋىدىن سەل نېرىغا تۆكۈلەتتى . مەيلى ئېشەككە مىنىۋالغان ، مەيلى پىيادە يالاڭ ئاياغ ئوشۇقىغا كەلگۈدەك يۇمشاق توپىنى بولامدۇ ، بەزلەشكەن قاتتىق يەر ، ئەخلەت - چاۋا ، چەرەندە - پەرەندىلەرنى بولامدۇ ، پەرۋاسىز دەسسەپ مېڭىۋېرىدىغان

بالىلارنىڭ ھەممىسى بىردىن غازاڭ خالتىسى ، بىردىن كۆتمەك سوپۇرگە كۆتۈرۈۋالغانىدى . ھەر يىلى كەچ كۈز كىلىشى بىلەنلا ساي مەھەللىسىنىڭ بىرىنچى يىللىقتىن ئۈچىنچى يىللىقىغىچە بىرلا قوشما سىنىپلىق مەكتىپىنىڭ ئورۇق ، قارامتۇل كەلگەن خەيرىنىسا ئىسىملىك مۇئەللىمى باللارغا مەكتەپتىن يېنىش ئالدىدا سۆزلەيتتى .

— ھە باللار كۈز كەلدى ، دەرەخلەر غازاڭ تاشلايدىغان چاغ بولدى . ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەرنىڭ باش - ئۈچىدىكى ياپراقلىرى سارغىيىپ غازاڭ بولۇپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ئەمىسە ئاتا - بوۋىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان نەسىھىتى بويىچە يازدا يېپىنچا ، قىشتا نېمە غەملەيتتۇق ؟

— ئوزۇقلۇق ، — دەپ تەڭ چۇرقىرىشىپ كىتىشتى باللار .

— ھەر يىلى كەچ كۈزدىكى غازاڭ پەسلىدە نېمە ئىش قىلاتتۇق ؟

— ھەربىر بالا ھەر كۈنى بىر خالتىدىن غازاڭ سۈپۈرۈپ مەكتەپكە ئەكىلىپ مۇئەللىمگە تاپشۇرىمىز ، — يەنە چۇرقىراشتى باللار .

— غازاڭنى مەكتەپكە يىغىپ قانداق قىلاتتۇق ؟

— سۇلايمان بوداقچىغا ساتىمىز .

— ساتقان پۇلىنى قانداق قىلىمىز ؟

— قىشىچە مەكتەپكە نان ئەكىلىپ يېيەلمەيدىغان ساۋاقداشلىرىمىزغا چۇشلۇك بىر ۋاخ نان ئېلىپ تارقىتىپ بېرىپ ، چۈشتە بىللە چاي قاينىتىپ چاي ئىچىپ قورساق باقىمىز ، — دەپ دەرس يادلىغاندەك يادقا توۋلايتتى باللار . شۇڭا ، باللار مال - كالىنىڭ كەينىدىن ھەيدەپ كېتىۋېتىپ قويلار بىر چىشلىۋېلىپ ، كالا بىر يالمىۋېلىپ ئاندىن يېتىقلاپ قاچقان دەرەخ تۈۋىدىكى غازاڭلارنىڭ جىقراق يىغىلغانلىرىنى سۈپۈرۈپ خالتىسىغا قاچىلاپ مال باقىدىغان جاڭگالغا بارغۇچە غازاڭ خالتىسىنىڭ يېرىمىنى ، يانغۇچە يېرىمىنى توشقۇزاتتى ، مالنى جاڭگالغا ئاپىرىپ ئانىسىنىڭ ئېشى پىشقۇچە چۈشكىچە قورسىقى ئاچمىغۇدەك تويغۇزۇپ ، مالنى

جاڭگالدىن قوغلاپ ئۆيگە ئەكېۋېلىپ ئانىسىنىڭ پىشقان ئاشلىرىنى ئالدىراپ خولۇپلىتىپ ئىچەتتى. تەللىسى بىلەن بىر خالتىدىن غازاڭلىرىنى يۇدۇپ، بىر سىنىپلىق مەكتەپنىڭ دەرس باشلاش دېگىنىنى ئاڭلىغاچ، مەكتەپكە يۈگۈرەيتتى. ئۇلار يولدا ماڭغاچ تايچاقلار يۈگۈرۈشۈپ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرگەندەك، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈشەتتى. بىر ـ بىرىنى تۇۋلىشىپ مەكتەپكە ئالدىرىشاتتى. ئانىسىنىڭ ئېشى پىشمىغان بالىلار قازان بېشىغا كېلىۋېلىپ، ئانىسىنى ئالدىرىتىپ يىغلايتتى.

— ناننى ئېلىپ ماڭىمەن، ھازىرغىچە پىشمىغان ئېشىڭنى ئۆزۈڭ ئىچىۋال، — دەپ قېيداپ، يامانلاپ ماڭاتتى.

— ۋاي ئوبدان بالام، پوندەك بالام، جىنىدەك تۇرۇپ تۇر، ئېشىڭنى ئىچىۋېلىپ ماڭ. ئىسسىقراق ئىچىۋالمىساڭ كەچكىچە ئىسسىمايسەن. ئەتىگەندىمۇ، چۈشتىمۇ نانلا يېسەڭ تاماق يېگەندەك بولمايسەن، — دەپ قازىنى قايىنىمىغان ئانىلار ئوتنى پۈۋلەپ، ئوتنى ئۇلغايتىپ، تۇۋاقنى تولا ئېچىپ ئاۋارە بولاتتى. غوتۇلداپ مىڭ تەستە قازىنىنى قايىنىتىپ ئاشنى ئىتتىك سوۋۇسۇن دەپ نەچچە پىيالىگە ئازدىن بۆلۈپ، بىرىنى ئىچىپ بولغۇچە پۈۋلەپ سوۋۇتۇپ تەڭلەپ تۇرۇپ ئىچكۈزەتتى. ۋاق قالغان بالا سوۋۇغان، ئەمما ھورى چىقىپ تۇرغان ئاشنى زاغرا چىلاپ تۇرۇپ غولدۇر ـ غولدۇر ئىچىۋالاتتى. ئىشىك ئالدىدا دۈۋىلىشىپ ساۋاقدىشىنى ساقلاپ تۇرغان ئۆشنىسىدە بىر خالتىدىن غازاڭ يۇدۇۋالغان، دەپتەر ـ كىتاب تەللىسى بوينىدىن كىندىكىگىچە ساڭگىلىغان بالىلار دوستىنى ئېلىپ مەكتىپىگە قاراپ ھۇقۇيتۇشۇپ يۈگۈرۈشەتتى. ئۇھ دېگەن ئانىسى پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتۈم دەپ قولىدىكى ئوچاقنىڭ قارىسىنى پېشانىسىگە سۇۋاپ بالىسىنىڭ كەينىدىن كۈلۈمسىرەپ ھۇزۇر ـ ھەۋەس بىلەن قاراپ قالاتتى.

ساي مەھەللىسىنىڭ بىرىنچى يىللىقتىن ئۈچىنچى يىللىققىچە بولغان بالىلىرى ئۆششاق ساي دۆڭ مەركىزي باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ كېلەلمەيدىغان، ئارىلىقتا بىر ئېقىن جىلغا سۇيى بولغاچقا، بالىلار ئۈچىنچى يىللىقنى تۈگەتكۈچە ساي مەھەللىسىدە بىر

سىنىپلىق قوشما سىنىپتا ئوقۇپ ، تۆتىنچى يىللىققا چىققاندا ئاندىن ساي دۆڭ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيتتى . شۇنىڭغىچە ساي مەھەللىسىدىكى سىنىپتا تاكى ئۈچىنچى يىللىققىچە ئوقۇمىغان بىرمۇ ساي مەھەللىلىك بالا يوق ئىدى . خەيرىنىسا مۇئەللىم ساي مەھەللىلىك بولۇپ ، يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى مۇشۇ بىرلەشمە سىنىپنىڭ ئىزچىل سىنىپ مۇدىرى ئىدى . بۇ مەھەللىدە خەيرىنىسا مۇئەللىمدە ئوقۇمىغان بىرمۇ بالا يوق ئىدى . مۇئەللىم ساي مەھەللىسىدىكى ھەممە ئائىلە بىلەن ئۆز ئۆيىدىكىلەرنى بىلگەندەك تونۇش ئىدى . ئۇ مەھەللىدىكى سۇلايمان قاسساپ بىلەن پۈتۈشۈپ ھەر يىلى كەچ كۈزدە بالىلارغا غازاڭ يىغدۇرۇپ ، يىغىلغان غازاڭلارنى سۇلايمان قاسساپقا بىر تاغىرىنى بىر كويدىن سېتىپ چۈشكەن پۇلنى ساقلاپ قوياتتى . بۇنىڭ بىلەن قىشچە ئەتىگىنى بىرلا ۋاخ تاماق يەپ ، چۈشتە تاماق يېمەي چۈشلەپ ، كەچتە سارغىيىپ ، بوشاپ ، گەپكە كۈچى يەتمەس بولۇپ ئاران مېڭىپ كېتىدىغان نامراتنىڭ بالىلىرىغا تاماق بېرەتتى . چۈشتە ، ساي دۆڭ بازىرىدىكى مۇسا ناۋاينىڭ شاگىرتى سېۋەتكە سېلىپ ، ۋېلىسىپىتكە ئارتىپ ئەكېلىدىغان گىردىدىن ھەر كۈنى ئون بەشنى ئېلىپ سىنىپتا داستىخان سېلىپ ، پاتاس قالاپ ئۆزلىرى قايناتقان چاي بىلە بىللە بالىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كەچكە ئۇلايتتى . شۇنداق قىلىپ ، قىشنى چىقىرىپ ئەتىيازغا ئۇلىۋالسا ، ئەتىيازدا بالىلار يەنە مال باققاچ ئېتىز - ئېرىق قىرلىرىدىن بىر خالتىدىن ئوت ئەكېلىپ ، ئۇنى سۇلايمان قاسساپنىڭ شاگىرتلىرىغا بىر خالتىسىنى بىر كويدىن ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ ، سۇلايمان قاسساپنىڭ بورداققا سېلىۋاتقان ماللىرىغا يېگۈزۈشكە ئۆتكۈزۈپ ، يازنى قىشقا ئۇلايتتى . مۇشۇنداق قىلىپ چۈشتە نان ئەكېلەلمەيدىغان بالىلارنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ھەل قىلىپ كۆندۈرگەنىدى . بالىلار ئەتىگەندە غازاڭلارنى خەيرىنىسا مۇئەللىم بەلگىلەپ بەرگەن سىنىپنىڭ بۇلۇڭىدىكى غازاڭ دۆۋىلەيدىغان غازاڭ خامانچىسىغا تۆكۈپ ، خالتىلىرىنى سىنىپ ئىشىكىنىڭ كەينىگە دۆۋىلەپ ، كەچتە بالىلار مەكتەپتىن ئۆيىگە ياندىغاندا

www.uyghurkitap.com

خالتىلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى . بالىلار كەتكەندىن كېيىن ، سۇلايمان قاسساپنىڭ شاگىرتلىرى سوپەك تراكتورىنى ھەيدەپ كېلىپ غازاڭلارنى ئۆز تاغىرىغا قاچىلاپ ، سوپەككە بېسىپ ، پۇلىنى ھېسابلاپ ، خەيرىنىسا خانىمغا بەزىدە نەخ پۇل بېرىپ ، بەزىدە دەپتەرگە يازدۇرۇپ قويۇپ ئەكېتەتتى . كەچ كۈزدە غازاڭ ، قىشتا تېزەك ، يازدا ئوت ئەكېلىش خەيرىنىسا خانىمدا ئوقۇغان بارلىق ساي مەھەللىلىك بالىلار ئۈچۈن ياد بولۇپ كەتكەن ئىشلار ئىدى . قىشتىكى بالىلار تېرىپ دۆڭ قىلىۋەتكەن تېزەكنى يېرى جىق ياكى قوغۇن تېرىيدىغان دېھقانلار تالىشىپ سېتىۋېلىپ ئەكېتەتتى . شۇنداق قىلىپ ، خەيرىنىسا خانىم ساي مەھەللىسىنىڭ بالىلىرىنى قىشنى يازغا ، يازنى قىشقا ئۇلاپ ، قىشتا ئوزۇقىنى ، يازدا ئۇزۇن - قىسقا يېپىنچىلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ، يازدا ساغرىسى ، يىرتقى ئېچىلىپ قالىدىغان ، قىشتا يالاڭ ئاياغ قالىدىغان بالىلارنى ئىشتانسىز ، كەش - پايپاقسىز قويماي ئوقۇتۇپ كەلگەنىدى .

بۈگۈن بالىلارنىڭ ھەممىسى سىنىپ ئىشىكى كەينىدىكى غازاڭ خالتىلىرىنى ئېلىپ چۇرقىرىشىپ ، سىنىپنىڭ ئىشىكىگە پاتماي ئىتتىرىشىپ ، كۈلۈشۈپ ، ۋارقىرىشىپ ، قىقاس چىقىرىشىپ كەتتى . سىنىپتا خەيرىنىسا خانىم يالغۇز بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى رەتلەپ ، ئۆيگە ئەكېتىپ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆيدە تەكشۈرۈش ئۈچۈن سومكىسىغا سېلىۋاتقانىدى . ئىشىكنىڭ كەينىدىن غىقىلداپ يىغلىغان ، مىشىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . خەيرىنىساخان ئەندىكىپ ، چۆچۈپ ، يۈرىكى ئاسىققان ھالدا كۆكسىنى تۇتۇپ ، ئەنسىز ۋارقىرىدى .

— كىمۇ - ھە؟ ئىشىكنىڭ كەينىدە كىم بار؟

— مەن ، — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ، قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . خەيرىنىساخان ئىشىكنى قايرىۋىدى ، ئىشىك كەينىدىن ئېسەدەپ ھۆ تارتىپ ، تۈگۈلۈپ يىغلاۋاتقان ، سىنىپنىڭ ئوڭ تەرەپ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرىدىغان ، ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كېتىپ ، دادىسىنىڭ يالغۇز ئانىسى بىلەن بىر ئېغىزلىق ئۆيدە

تۇرىدىغان خەلىچىخاننى كۆردى . خەلىچىخان قاپقارا قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ چىرقىراپ يىغلاۋاتقانىدى .

— قىزىم خەلىچىخان نېمە بولدى ؟ تاغارلار ئارىسىدىن سېرىق ئېشەك ياكى ھەرە چىقىپ چېقىۋالدىمۇ ؟

— ياق … ياق … خانىم .

— ئەمىسە نېمە بولدى ؟

— مېنى … مېنى … مېنىڭ … خالتام يوق تۇرىدۇ .

— ھە… ئۇھ… مۇنداق دەڭ . شۇڭا يىغلىدىڭىزمۇ قىزىم… مانا ، پۇتىڭىزدا بىر خالتا تۇرىدىغۇ .

— بۇ … بۇ … مېنىڭ ئەمەس .

خەيرىنىسا خالتىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ :

— بالام بۇ يېڭى خالتا ئىكەن . ھېچ يېرىدە يىرتىق ياكى تۆشۈك يوق . سىزنىڭ خالتىڭىز بۇنىڭدىنمۇ يېڭىمىدى ؟

— ياق … مېنىڭ خالتامنىڭ يەتتە يېرىدە ياماق بار . چوڭ ئانام ياماپ بەرگەن .

— ۋۇي ، ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسىز ؟ كونا ياماق خالتىڭىز يېڭى خالتىغا ئالمىشىپ قالسا خۇش بولماي يىغلامسىز ؟

— چوڭ ئانام «ئۆزىمىزنىڭ خالتىسى كونا ، ياماق بولسىمۇ ، خەقنىڭ يېڭىسىدىن ياخشى ، ئۆز خالتاڭغا ھېرى بول ، خەقنىڭ يېڭىكەن دەپ خەقنىڭ نەرسىسىگە ھەۋەس قىلما . ياماق بولسىمۇ ، يىرتىق بولسىمۇ ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە ياخشى . ھەرگىز خەقنىڭ مېنىڭكىدىن ئوبدان ئىكەن دەپ تۇتقۇچى ، ئالغۇچى ، ھەتتا ھەۋەس بىلەن قارىغۇچى بولما . ھامان ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئەسقاتىدۇ . خەقنىڭ دېگەن ھامان خەقنىڭ ، خەقنىڭكىگە كۆز قىرىڭنى سالغۇچى بولما» دېگەن .

— ئوبدان قىزىم ، تاتلىق قىزىم ، ئوماق قىزىم ، — خەيرىنىسا خانىم خەلىچەمنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ، باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى .

— قىزىم ساۋاقداشلىرىڭىزدىن بىرەرى قورسىقى ئېچىپ كېتىپ ، ئۆيگە ئالدىراپ قولىغا چىققاننى ئېلىپلا كەتكەن

ئوخشايدۇ. بۇگۇنچە بوپتۇ، ئەتە كەلگەندە ئۆزىڭىزنىڭكىنى تونۇۋېلىڭ بولامدۇ؟ بۇنچىلىك ئىشقا بۇنچىۋالا يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ.

— ياق ... چوڭ ئانام تىللايدۇ.

— نېمە دەپ تىللايدۇ؟

— قىلچىلىك ئىشتا بىخەستەلىك قىلىپ، ناننىڭ ئۈۋىقى چاغلىق نەرسەڭنى خەققە تاشلاپ بەرسەڭمۇ، خەقنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە بوپتۇ قىلساڭمۇ ياكى سەن خەقنىڭ نېنىنىڭ ئۈۋىقىچىلىك نەرسىسىنى ئېلىۋالساڭمۇ، ئالغىنىڭدا بىر تىنىق، بىر ئاش پىشىم تۇتۇپ تۇرساڭمۇ مەن سەندىن رازى ئەمەس. خەققىمۇ ئالغۇزما، خەقنىڭكىنىمۇ ئالما دېگەن. شۇڭا ...

— بولدى، چوڭ ئانىڭىزنىڭ ئالدىدىن مەن ئۆتەي قىزىم، يۈرۈڭە.

— ياق، چوڭ ئانام سىزگە يۈز كېلەلمەي گەپ قىلمىغان بىلەن سىز كەتكەندىن كېيىن مېنى ئېغىلغا سولاپ قويىدۇ.

— نېمە دەپ؟

— ئېشەكمۇ بىر قېتىم پۇتى سىيىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچىلەپ ئۆتمەيدۇ. سەن ئېشەكچىلىك بولماپسەن، سەن ئېشەك بىلەن ئېغىلدا تۇرۇپ، ئېشەكتىن ئۆگەن، دەپ سولاپ قويىدۇ.

— دائىم شۇنداق قىلامدۇ؟

— ياق، بىخەستەلىك قىلغاندا.

— چوڭ ئانىڭىز مېنىڭ يۈز - خاتىرەمنى قىلماسما؟

— چوڭ ئانام جاھىل. سىزگە ھە دەپ قويغان بىلەن مېنىڭ بىخەستەلىكىمگە ھەرگىز بوپتۇ دېمەيدۇ.

— ئۇھ، راست چوڭ ئانىڭىز بەك جاھىل ئىكەن. ئەمما ئۇ سۆيۈملۈك جاھىل موماي ئىكەن، يۈرۈڭ.

خەيرىنىساخان خەلىچخانىنى ئېلىپ ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ، بىر يىللىقتىكى ئۈچ سىنىپ ئوتتۇز توققۇز بالىنىڭ ئۆيىنى ئايلىنىپ، ئاخىر ئوتتۇز يەتتىنچى بالىنىڭ ئۆيىدىن

خەلچىخانىنىڭ غازاڭ خالتىسىنى تاپتى . ئۇلار خالتىنى تاپقاندا يېرىم كېچىگە خوراز چىللىدى . خەلچىخان ۋېلىسىپىتتا ئۆزىنىڭ غازاڭ خالتىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ مۆگدەپ قالغاندا ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى . سۇتتەڭ ئايدىڭدا موماي دەرۋازىغا يۆلىنىپ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغانىدى . خەيرىنىساخان مۇئەللىمنى كۆرۈپ ، موماي ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ :

— نەۋرەم قانداق بىخەستەلىك قىلدى ؟ — دەپ سورىدى .

— نەۋرىلىرى بىخەستەلىك قىلمىدى . قۇددۇس دەيدىغان ساۋاقدىشى بىخەستەلىك قىلىپ ، ئۆزىنىڭ غازاڭ خالتىسىنى ئالماي ، خەلچىخانىنىڭكىنى ئېلىپ كېتىپتۇ . شۇنى تېپىپ بولغۇچە مۇشۇ كەم بولۇپ كەتتى .

— بىخەستەلىك يالغۇز ئۇ بالىدا ئەمەس ، نەۋرەمدىمۇ بار . ئادەم ئۆزىگە ھېزى بولمىسا ، خەقتىن ئۆتكەن بىخەستەلىكمۇ ئادەمنى كاشال قىلىدۇ . مانا سىزنى مۇشۇ چاغقىچە ئاۋارە قىلغىنى ئازمۇ ؟

— ھېچقىسى يوق ھەمشىرىخان ئاچا ، بالىنى مۇشۇنداق تۇتقىنىمىز ياخشى . ئەمما ئادەم بىر تۆشۈكتىن چىقىپ يەنە بىر تۆشۈككە كىرىپ جىمىققۇچە نى - نى ئىشلار بولىدۇ .

— دېگىنىڭىز بەرھەق خانىم قىزىم . ئەمما بىخەستە ئادەمنى خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ . سەگەك ئادەمگە قارىغاندا ، ئۇچرايدىغان پالاكىتى تولا بولىدۇ .

— بۇ تاتلىق نەۋرىڭىزنى ئەمدى ئېشەك ئېغىلىغا سولاپ قويماسلىقىڭىزنى ئالاھىدە سوراپ كەلدىم .

— ھە ؟ شۇنىمۇ دېدىمۇ ؟ بولدى ، بىر نۆۋەت شۇنداق قىلساق بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايدۇ ،— دەپ كۈلدى ھەمشىرىخان موماي .

خەيرىنىساخان بالىنى ھەمشىرىخان مومايىنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى . موماي نەۋرىسىنى قوش قوللاپ ئېلىپ :

— خانىم بالام ، ھەرقانچە ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ئىش بولسىمۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن يېرىم كېچىگىچە ئېرىڭىزدىن بىسوراق مۇنداق يالغۇز قاتراپ يۈرمەڭ ، ئايال كىشى كېچىدە يالغۇز يۈرسە

يامان بولىدۇ، — دېدى.

خەيرىنىساخان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا ھەمشىرىخان ئاچا، مەن ئەللىككە تاقاي دەپ قالغان قېرى خوتۇننى جىن ئېلىپ قاچامتى؟

— مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن، كېچىدە يالغۇز يول ماڭغان خوتۇن كىشى ئالەمنىڭ كۆزىگە ئوبدان كۆرۈنمەيدۇ. خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى، ئەردە بولمىسا گۆردە ياخشى. بۇنىڭدىن كېيىن كېچىسى يول ماڭار بولسىڭىز، ئېرىڭىز بىلەن مېڭىڭ. بولمىسا تۆشۈك مارجان يېپىسىز قالسا، تۆشۈكىگە توپا كىرىۋالىدۇ، توپا باسىدۇ. مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي خېنىم بالام.

— ۋاي رەھمەت، بولدى ھەمشىرىخان ئاچا. كېچىچە بىر-بىرىمىزنى ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ يۈرمەيلى. بولمىسا مەن ئۆيلىرىدە سىلى بىلەن مۇڭدىشىپ قونۇپ قالاي.

— ئەرلىرىدىن سوراپ كەلسىلە، خانىم بالام. بولمىسىغۇ ئۆيدە تېخى يېپىنمىغان ئاۋار يوتقىنىم بار. نەۋرەمنى ياتلىق قىلغاندا سوۋغا قىلىشقا تەييارلاپ قويغان. ئىلدام كەتسىلە، ئەرلىرى، باللىرى سىلىدىن ئەنسىرەپ نېمە كويلاردا كۆزلىرى تېشىلگەندۇ.

ئۇلار شۇنداق خوشلاشتى.

2006 - يىل 5 - ئاي، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com

# سۆيگۈ قەدرى

ئاۋغۇست ئېيى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان كېلىدىكەن ، ھېلىلا بىر توپ قارا بۇلۇت ھۇۋلاپ كېلىپ شارقىراپ يامغۇر ياغسا ، بىردە خېلىدىن بېرى قارا پەردە كەينىدە گىرىم قىلغان قۇياش ئۆتكۈر نۇرىنى چاقماقتا ئىدى . كىشىلەر يامغۇردا كىيىۋېلىشقان قېلىن چاپانلىرىنى سېلىۋېتىشتى .

«ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش» يىغىنىدىن تارقاپ چىقىۋاتقان پروفېسسورلار ، ئىنژېنېرلار زالدىن چىقىۋېتىپ ، ھاۋارايى ھەققىدە پاراڭ سېلىشاتتى . ئۆتكۈر كۈن نۇرى يامغۇردا يۇيۇلۇپ ياپيېشىل بولۇپ پارقىراپ كەتكەن مەجنۇنتال يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە كۆزنى قاماشتۇرۇپ مېھمان بولماقتا ئىدى .

— ئەكېلىڭ ، مەن ئېلىۋالاي ، — پەرىدە نۇردۇننىڭ يامغۇر سوغۇقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان چوڭ ياقىلىق چاپىنىنى ۋە قولىدىكى كىتاب ، خاتىرە قاچىلانغان كىچىك سومكىسىنى ئېلىۋالدى .

— سىز شەھەرلىك ئىلمىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى تۇرسىڭىز ، مەن بىر توك ئىشچىسى تۇرسام ، چاپىنىمنى كۆتۈرۈۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ — دېدى نۇردۇن ئوڭايسىزلىق بىلەن .

— ياق ، ئەمدى سىز نامى چىققان ئىلمىي تەتقىقاتچى بولۇپ قالدىڭىز .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق دېمەڭ، مەن «تەتقىقاتچى» دېگەن بۇ نامغا تېخى لايىق ئەمەس. چۈنكى مەن ئەمەلىي ساۋاتلىق بولۇۋاتقان ھەۋەسكارمەن. ھازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى، تويى قىلدىڭىزمۇ؟

— ياق، — پەرىدە بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. نۇردۇننۇ بۇ گەپنى قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى.

پەرىدە زىلۋا بوي، ئەگمە قاشلىق، تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن مېھىر بىلەن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆز قىز ئىدى. ئۇنى ھەممىدىن گۈزەل قىلىپ يېقىملىق كۆرسىتىدىغىنى، تولپۇز زىلۋا بويى ئىدى. ئۇ نۇردۇنغا پات ـ پاتلا يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى. يىغىن باشلانغان خېلى كۈندىن بېرى پەرىدە بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، ئەركىن سۆزلىشىپ كەلگەن نۇردۇن بايىقى بىر ئېغىز سۆز بىلەن پەرىدەگە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

— نۇردۇن، ئىلمىي ماقالىڭىز ھەممىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتتى. سىز ئوتتۇرىغا قويغان ئېنېرگىيە تەڭشىگۈچ لايىھىسى ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئاز ئېنېرگىيە بىلەن كۆپ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەن قايىل قىلارلىق مەسىلە، — دېدى ئۇ يېقىملىق ھېسسىياتچان ئاۋاز بىلەن، نۇردۇنغا ياندىشىپ ماڭغاچ. ئۇ خۇش چاقچاق، شوخ قىز ئىدى. بىراق ھازىر ئۇ نۇردۇنغا شوخلۇق بىلەن ئەمەس، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەيتتى. نۇردۇن بۇ ماختاشتىن خىجىل بولغاندەك ھە دەپ باش چايقايتتى. پەرىدە گېپىنى داۋام قىلدى:

— سىزنىڭ ئېنېرگىيىنى تېجەش ھەققىدىكى جاپالىق تەتقىقاتىڭىز، ئىزدىنىشىڭىز مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر يېڭىلىق.

— ھە ... ھە ... ئۇنچە ئەمەس.

— ئۇنچىۋالا كەمتەر بولۇپ كەتمەڭ، گەرچە مەن بىر

تەتقىقاتچى بولسامۇ ، ياق ، مېنىڭ تەتقىقاتچى بولۇش لاياقىتىم بولمىسىمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ، دادامنىڭ يۈزىدىن بولغانمەن . ئەمەلىيەت جەريانىدىلا ئۆگەندىم ، لېكىن قابىلىيىتىم تۆۋەن ، ئىلىم ـ پەنگە ناھايىتى قىزىقىدىغان ياش ھەۋەسكارمەن . كۆپلەپ ياردەمدە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

— ئەگەر قولۇمدىن كەلسىلا .

ئۇلار ئايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە توختاشتى .

— نۇردۇن ، ئەگەر خالىسىڭىز ، بۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرساق ... قانداق ، سىزچە بولارمۇ ؟ — قىز شوخلۇق بىلەن نۇردۇنغا تىكىلدى .

— بولىدۇ ، ئۇچرىشىپ تۇرايلى ، — دېدى نۇردۇن دۇدۇقلاپ ، ھاپىلا ـ شاپىلا .

— ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى ، مەن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە «بۇلبۇل» باغچىسىدا سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن . ئۇ يەردە كۇتۇپخانا بار ئەمەسمۇ ، سىزمۇ بارامسىز ؟ — سورىدى پەرىدە .

— ئەلۋەتتە .

— ناھايىتى ياخشى ، شۇ يەردە كۆرۈشەيلى ، خەير ـ خوش .

ئۇلار خوشلاشتى . نۇردۇن ، تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى . ئۇ چاققان قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان پەرىدەگە قاراپ قالغانىدى . ئۇ بەك ھەيران ئىدى . ئۆزىگە بۇنداق ئېسىل ئائىلىدىن بولغان بىر ساھىبجامال تەتقىقاتچى قىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلىششىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇنىڭ شۇنچە يېقىنلاشقىنىغا قارىغاندا ، ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالغىنى چوقۇم . ياق ، مەن بىر ئاددىي خىزمەتچى ئائىلىسىدىن بولغان ئاددىي خىزمەتچى . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئابرۇيلۇق چوڭ باشلىق . ئۆزىمۇ تەتقىقاتچى . بۇنداق بولۇشى ناتايىن ... ياق ، ئاسماندىكى كاككۇكمۇ يەرگە قونىدۇ . كونىلاردا «ئەرنىڭ بىر گەز پايتىمىسى سۆرىلىپ تۇرسىمۇ ، شاھ مەلىكىسىنى ئالىمەن دېسە ئالىدۇ» دېگەن گەپ بار . بۇ ئەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىرادىسىگە باغلىق . توغرا مېنىڭ ئىرادەمگە باغلىق . ئۇ ئۆزىگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرىشكىمۇ ماھىر . بىراق ، بەش يىلدىن بۇيانقى ئىزدىنىش يولىدا ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ، ئۈمىدسىزلەنگەندە ، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ ، ئاخىر مانا بۇ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىگىسى بولۇشقا زور تۈرتكە بولغان ، ئۆزىگە بەكمۇ كۆيۈمچان سۆيگىنى ئانارگۈل بار ئەمەسمۇ ؟ «ئېنېرگىيە ۋە ئۇنى تېجەش» مانا بۇ ھەقىقىي ياردەمچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قولغا كەلگەنغۇ ؟ ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىككى قىزنىڭ سىيماسىدىن تارتىپ ، مىجەز ـ خۇلقى ، ئاتا ـ ئانىسى ، ئائىلە ئەھۋالىغىچە سېلىشتۇرما بولۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى ، ئانارگۈل قارامتۇلراق ، ئوقۇتقۇچى . پەرىدە ئاقپىشماق ، تەتقىقاتچى . ھە راست ، ئانارگۈلنىڭ ئىككى ئۇدۇل چىشى سېرىق ، پەرىدەنىڭ چىشلىرى ئۈنچىدەك . پەرىدەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چوڭ باشلىق ، ئۆيلىرى ئازادە ، سافا ، گىلەم ، تېلېۋىزور ، ئۈنئالغۇ ، ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك ئەينەكلىك ئىشكاپ ، چامادان ، يەنە تېخى يېتىپ ئاشقۇچە ھوقۇق ... ئانارگۈلنىڭ دادىسى مېيىپ بولۇپ ياتقان كان ئىشچىسى ، ئانىسى ئائىلە ئايالى . ئۆيلىرى تار ھەم ئاددىي ، ئانىسىنىڭ ۋات ـ ۋات ، جالداڭ ، دادىسىنىڭ بېخىللىقچۇ تېخى . ئاكىسىمۇ ئانىسىنىڭ ئۇششاق سۆزلۈكىدىن تېخىچە ئۆيلەنمەي قېرىپ كېتىپتۇ . راست ، كونىلاردا «خوتۇن ئالساڭ ئانىسىنى بىلىپ ئال» دېگەن گەپ بار . جەمئىيەتتە بۇ ئىشلاردىن خالىي بولۇش قىيىن . ئىش راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ياق چوقۇم شۇنداق ، پەرىدە بىلەن ...

ئۇ ئەنە شۇلارنى تاتلىققىنا خىيال قىلدى . بىراق يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئانارگۈل سەيلە قىلاتتى . بەربىر يۈرەكتىن چىقىرىش كېرەك ـ تە ! ...

ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ، سادىقلىقى بىلەن ھۆرمەت قوزغاپ كېلىۋاتقان ، مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى يانغىنغا

ئايلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان سۆيگىنى ئانارگۇل بارا ـ بارا كۇز شامىلى ئۇچۇرۇپ كېتىپ بارغان چىڭگىلىك ئۇرۇقىدەك ئۇچۇپ كېتىشكە باشلىدى . ئۆزىنىڭ ياشلىق گۇلى بىر كېپىنەك بىلەن ھەسەل ھەرىسى ئارىسىدا قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئاخىر ئاددىي ، ئەمما ئۆزىگە سادىق مۇھەببىتىنىڭ كەشىنى توغرىلاپ قويۇش قارارىغا كەلدى . بىراق پەرىدە بىلەن يەكشەنبە كۇنى باغچىدا ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاشۇنداق قىلىش كېرەك . ئۇ خېلى ئەتراپلىق ئويلىشىپ كۆردى .

* * *

لەرزان دولقۇنلاۋاتقان زۇمرەتتەك سۇزۇك كۆل سۇيىدە ئەكس ئېتىۋاتقان ھەرخىل گۇللەر تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەندە ، ھەربىر بەرگىلىرى شەلپەردەك تىترەيتتى ، كۆلنىڭ نېرىقى تەرىپىدە باراقسانلاپ ئۆسكەن ۋە ئۆزىنى كۆتۇرەلمەي قالغان سۇت ئالما ئاستىدىكى يۆلەنچۇكلۇك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ، پەرىدە بىر يىگىت بىلەن خۇشال مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى . پەرىدە يېڭى تويى بولغان قىزدەك ، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىيىملىرىنى كىيگەنىدى . ئۇ بېشىغا چىمەن دوپپا ، ئۇچىسىغا قىزىل گۇللۇك نىلون ئارىلاش كوپتا ، زەيتۇن يوپكا ، پۇتىغا ئاق توپلەي كىيىۋالغان بولۇپ ، خۇددى پەرىدەك بولۇپ كەتكەنىدى . يېنىدىكى يىگىت بولسا ئاددىي شوپۇرلۇق كىيىم بىلەنلا ئىدى . پەقەت بېشىدىكى دوپپىسىلا يېڭى ئىدى .

نۇردۇن باغچىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپمۇ پەرىدەنى ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن ، كۆل تەرەپكە كەلدى . ئۇ كېلىپلا پەرىدە بىلەن ھېلىقى يىگىتنى كۆرۇپ ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئەينى چاغدا ئۇ ھاياجان ئىچىدە يۇزلىرى قىزىپ ئوت ئالغان بولسا ، ئەمدى ھودۇقۇپ تاتىرىپ كەتتى .

— ھە ، كېلىڭ نېمانداق قاراپ تۇرىسىز؟ — دېدى پەرىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، يىگىتمۇ پەرىدە بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ نۇردۇن بىلەن كۆرۈشتى .

— ۋوي ، مەن تونۇشتۇراي دېگۈچە كۆرۈشۈپ بولدۇڭلارمۇ ؟ سىلەر تونۇشامتىڭلار ؟ — سورىدى پەرىدە ھەيران بولۇپ، نۇردۇننىڭ تىلى تۇتۇلۇپ زۇۋان سۇرەلمىدى . ھېلىقى يىگىت سەل تارتىنىش ئىچىدە سۆزلىدى .

— نۇردۇن دېسىڭىز ، مەن تېخى كىمكىن دەپ قاپتىمەن . بۇ بىزنىڭ ئانارگۇلنىڭ... كەل... كەلگۈسى يولدىشى... مېنىڭ ھە... مەن نېمە دېسەم بولار...

— ھە ، مۇنداق دەڭ ، — پەرىدەنىڭ خۇشال كۇلكىسى ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ، ئۇزۇنغىچە ياڭراپ كەتتى ۋە قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى .

— نېمىشقا بۇرۇنراق ئۇقمىغاندىمەن؟ ئانارگۇل بىلەن ئىككىڭلار مەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭلار ؟ خەپ ، ئانارگۇلنىڭ بۇرنىنى ئۇۋۇلىۋالمىسام ... ھە راست ، ئانارگۇل قېنى؟ نېمىشقا بىرگە كەلمىدىڭلار ...

نۇردۇننى تەر بېسىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى .

— ھەي ، نۇردۇن ، نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ بۇياقنى ئانارگۇلنىڭ ئاكىسى دەپ خىجىل بولۇۋاتامسىز ؟ خىجىل بولىدىغان گەپ يوق . بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت ، مەن سىزگە تونۇشتۇراي ، بۇ ياق...

— بىز ئوبدان تونۇشىمىز ، — دېدى يىگىت .

— ياق ، — دېدى پەرىدە كۇلكىسىنى بېسىپ ، — ئارىلىقتىكى تارتىنىش تۇگىسۇن ، مەن بىر تونۇشتۇرۇۋېتەي ، بۇ ياق ئانارگۇلنىڭ ئاكىسى ئابىت بولىدۇ . مېنىڭ ساۋاقدىشىم ھەم مۇھەببىتىم ، كۆمۈر كان ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى . دادىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشقان ، دادىسى مېيىپ ، ئەمدى ئانارگۇلنى

تونۇشتۇرامدىمەن ؟ ... ها ... ها ... ها... «پەرىدە ، سەن نېمىدېگەن شوخ ھەم ئوماق . مېنىڭ قەلبىمدە ، سەن بىلەن ئۇچراشقاندىن تارتىپ قانداق ئارزۇلار ھۆكۈم سۈرمىدى . سەن شۇنچە ئېسىل ئائىلىنىڭ پەرزەنتى تۇرۇپ ، مەن خوتۇن چىقماي ئولتۇرىدۇ دېگەن ئاددىي شوپۇر ئابىتقا كۆڭلۈڭنى بېرىپسەن . سەن نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە ؟ »

نۇردۇننىڭ قەلبىنى خىجىللىق ، پۇشايمان ئۆرتىدى . ئۇنىڭ ئۆزىدىن نەپرەتلەنگۈسى كېلەتتى . چۈنكى ئانارگۈلنىڭ ياردىمىدە قولغا كەلگەن شان ـ شەرەپتىن مەست بولۇپ ، ئانارگۈلگە ۋاپاسىزلىق قىلماقچى بولغىنىغا نەپرەتلىنەتتى . ئۇ ئانارگۈلنى سېغىندى . پەرىدە نۇردۇننىڭ ئۆزىگە تۇغقان چىقىپ قالغىنىغا بەكمۇ شادلاندى .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# خەير - خوش ، ئاپتاپپەرەسلىك

ئاپتاپپەرەس ئېچىلىپتۇ ،
گازىر بولىمەن دەپ .
چوكان - قىزلار ياسىنىپتۇ ،
ئەرگە تېگىمەن دەپ .

رىسالەت ھازىر تازا ياسىنىپ ئەگرى - بۈگرى ، ئېگىز - پەس يولدا توپا باسقان يېڭى ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ كېتىۋاتىدۇ . يېشىل تۈكلۈك يوپۇرماقلىرى شەبنەمدە پارقىراپ ، ساپسېرىق ئېچىلغان ئاپتاپپەرەس گۈللىرى سەھەردىكى قۇياشقا تەلمۈرۈپ پارقىراپ كەتكەندەك . يول بويىدىكى ئورمان بەلبېغى ئاپتاپپەرەسلەر بىلەن تولغان . ئەتىگەندە مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرى قوي ، كاللىرىنى باقىدىغان دېھقان باللىرى قارا قىل قومۇش ئۈنۈپ كەتكەن ئېگىز دۆڭگە چىقىۋېلىپ ئىسقىرتىشىپ ، ناخشا ئېيتىپ ، بىر - بىرىنى ئەتتىرىشىپ ، قوغلىشىپ يۈرۈشىدۇ . يول بويى ئېچىلىپ كەتكەن ساناقسىز ئاپتاپپەرەس گۈللىرى ئۈستىدە ، ھەسەل ھەرىسى ، كېپىنەك ، گۈلگە ئامراق قۇشقاچلار ئېگىز - پەس ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ . پادىچى باللار رىسالەتنى يىراقتىن كۆرۈپلا چۇرقىرىشىپ ، بەس - بەستە يۇقىرىقى قوشاقنى تولىشىپ كۈلۈشتى .

رىسالەت راست ئەرگە تەگكىلى ياسىنىۋالدىمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ ئېرى بار، ئەمما ئۇنىڭ نەزىرىدە يوق. ئۇ ئەرگە پەقەت مەجبۇرىيەت ئاستىدىلا تەگكەن. ئۇ ئالدىنقى يىلى پېداگوگىكا مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنىدى. يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىغا بولغان ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن جىگدىلىك يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولدى. يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئۈزۈنتۈرا، تارىشا يۈز، ھەم ئورۇق، ھەم قورۇق مۇدىرى چىرايىغا كۈلكە ئۈلاشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتىكىچە كۆرۈشتى. قىز - چوكان مۇئەللىملەر ھەسەت قىلغاندەك قىلىشتى، ياش مۇئەللىملەر بۇ چىرايلىق قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىشىپ سالاملاشتى. رىسالەت ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قول ئېلىشىپ مەڭزىلىرىنى يېقىشىپ كۆرۈشۈۋاتقاندا «ئىچى كۆيەك، قارا بۇس مۇدىرنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگىنىنى بۇگۈن كۆرۈپتىمەن، سەت قورۇقنىڭ كۆزى پارقىراپ كېتىپتىغۇ تېخى» دېگەن پىچىرلاشلارنى، ئاندىن «ۋاي خۇدايىم، قىز بالا تۇرۇپ سەتلىشىۋاتقىنىنى، ئەرلەر بىلەنمۇ قول ئېلىشىۋاتىدۇ. ئەرلەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتىن نومۇس قىلسا، ئۇنىڭ غەم تارتماي قول ئۇزىتىۋاتقىنىنى، ۋاي ئۆلەي، تازا بىر كۆرسەم خۇمار ئوخشىمامدۇ، ھەممىدىن يامىنى چېچىنى كېسىپ بىر سەت سولتەك بولۇۋاپتۇ. ئاتا - ئانىسى يوق بىر نېمىمىكىن، ئۆز مىللىتىنى ئۇنتۇغانلاردىن بىرى كەپتۇ - دە، قاراپ تۇرۇڭلار، سىنىپتا باللار بېشىغا چالما ئاتمىغىنىنى كۆرەي، بۇ يەردىكى ھەممە خەق قارغايدۇ» دېگەن گەپلەرمۇ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى.

رىسالەت دەسلەپتە سىنىپقا كىرگەندە باللار «ئەردەك خانىم» دەپ دەرسىنى ئاڭلىماي خاپا قىلدى. مۇز قاپاق، قارا بۇس مۇدىر باللارغا تولا سۆزلەپ دەشنام بېرىپ، باللارنىڭ ئۆپكىسىنى باستى. كېيىنچە باللار رىسالەتكە كۆنۈپ قېلىشتى. ھەتتا ئۇنىڭغا

نۇرغۇنلىرى ئامراق بولۇپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇ باللارغا ئەدەبىيات دەرسى بەرگەندىن باشقا، يەنە رەسىم سىزىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، بەل تولغاش ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىپ قويدى. بۇ ئىشلار مۇدىردىن تارتىپ پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلارغا قەدەر ياقمىدى. يېڭى كەلگەن بۇ مۇئەللىمنىڭ ئىشلىرى يېزىلارغىچە تارقىلىپ خەقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. مۇئەللىمنىڭ كىيىنىش - ياسىنىشلىرى، ئەرلەر بىلەنمۇ ئەركىن سۆزلىشىپ، كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىشلىرى، چېچىنى كېسىۋېتىپ، بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، بەدىنىگە لىق كېلىدىغان كۆڭلەكنى كىيىپ يۈرۈشلىرى كىشىلەرگە غەلىتە تۇيۇلدى. رىسالەتنى قارغاپ يۈرۈشكەن يېزىلىقلار باللارغا رەسىم سىزىشنى، بەل تولغاش ئۇسسۇلىنى ئۆگەتكەن بۇ خانىمنى ئەيىبلەشتى. ئۇلار بامداتتىن كېيىن قارغىش ئاچچىقلىرىغا پايلىيالماي بۇ «ھاياسىز» خانىمغا ئەدەپ - قائىدە ئۆگىتىش ئۈچۈن ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىشتى. ۋەكىللەر غەزەپ بىلەن كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىشىپ بۇ خانىمنىڭ بىرىنچىدىن، بېشىغا ياغلىق ئارتىپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرىدەك يۈرۈشىنى، ئىككىنچىدىن، ئەتىگەندە يېزىنىڭ ئاپتاپپەرەسلىكىدە كېپىنەكتەك ئېگىز - پەس ئەگىپ يۈرمەي ناماز ئوقۇشىنى، ئۈچىنچىدىن، گۆدەكلەرگە رەسىم سىزىشتەك خۇدا راۋا كۆرمەيدىغان گۇناھلىق ئىشنى ئۆگەتمەسلىكىنى، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرىغا يات ئۇسسۇلنى ئۆزىمۇ ئويىنماسلىقىنى، باللارغىمۇ قەتئىي ئۆگەتمەسلىكىنى، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلسا يېزىلىقلارنىڭ يۈز - خاتىر قىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. قارا بۇس مۇدىر بىلەن باشقا ئوقۇتقۇچىلار جامائەت ۋەكىللىرىنىڭ بۇ پىكىرلىرىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ تىزلىرىغا شاپىلاقلىشىپ كېتىشتى. مۇدىر ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا يۇقىرىقى ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رىسالەتكە يۇمشاق تەلەپپۇزدا پەند - نەسىھەت بەردى. ئۆپكىسىنى باسالماي تۇرغان خانىملار، خوتۇنلۇق، خوتۇنسىز ياش يىگىتلەر،

www.uyghurkitap.com

سوپى مىجەز پىشقەدەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىغىز ئىچىشىپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇشقانلىرىنى رىسالەتنىڭ ئۈستىگە تاش ئورنىدا ئاتتى، بەزىلىرى يۈك توقماق ئورنىدا سوقتى. يەنە بەزىلىرى نەشتەر ئورنىدا سانجىدى. تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن دىگەنلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدىن كىيىن رىسالەت بىر ھەپتىگىچە جىمىپ كەتتى. شوخلۇقىمۇ خېلىلا بېسىقىپ قالدى. بېشىغا ياغلىق چىقتى. لېكىن، ئۇ ئاپتاپپەرەسلىكتە ئەگىپ يۈرۈشتىن قالمىدى. شۇڭا يېزىلىقلار ئۇنىڭغا ئاپتاپپەرەس خانىم دەپ لەقەم قويدى. بۇنى ئەلۋەتتە ئۇلار چوڭقۇر مەسخىرە مەنىسىدە پەخىرلىنىپ دېيىشەتتى. مانا شۇ مەزگىلدە قارا بۇس مۇدىرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا نەچچە قېتىم قاتلاپ ئوقۇپ يەنىلا لاياقەتسىز بولۇپ قېلىپ مەكتەپتىن قايتۇرۇلغان مەرۇپ ئىسىملىك ئۈزۈنتۇرا ئويۇنچى ئوغلى كەلدى. بىتەلەي ستۇدېنت بولۇپ قايتىپ كەلگىنى بىلەن يۇرتىدا رىزقى كەڭرى بولدى. نەج ئۇنىڭ قايتۇرۇلۇشى دادىسىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى باشلىق ساۋاقدىشىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن چاغقا توغرا كەلدى. ناھىيىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىچە ھەممىسى بۇ بالىنى ئۆزلىرىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىپ بېرىش ھەققىدە ئىدارە باشلىقىغا ئىلتىماس يېزىشتى. ئەمما بۇ شەرەپ ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە مەنسۇپ بولدى. قارا بۇس مۇدىر مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق بولغاندىن كېيىنمۇ جىگدە يېزىسىدا يىللاردىن بېرى تېرىپ يەۋاتقان ئون نەچچە مو يېرى، ئىككى مو بېغى بار، يېقىندىن ياسانقان ھەشەمەتلىك ئۆيىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي ئۆيىنى جىگدە يېزىسىدىن كۆچۈرمىدى ھەم ئۆزىنىڭ كونا مەكتىپىنى نۇقتا قىلىپ تۇتتى. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جىپ ماشىنىسى ھەر كۈنى ئون بىر كىلومېتىر توپىلىق كاتاڭ يولنى بېسىپ قارا بۇس مۇدىرنى ئەتىگىنى ئىدارىگە ئاپىرىپ ئاخشىمى

ئۆيگە ئەكېلىدۇ . قارا بۇس مۇدىر ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە جىگدە يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پارتىيە ياچېيكا يىغىنىغا قاتنىشىپ ، يەتتە نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە تۇرمۇشىدىن دەرس ئۆتۈشنى قەتئىي تاشلىمىدى . بۇ ئىش يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان رىسالەتتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ئۇ ئاپتاپپەرەسلىككە بېرىپ ، ئاشۇ خۇشپۇراقلار ئىچىدە ھەسەل ھەرىسى ۋە كېپىنەكلەرنىڭ ئۇچۇشىغا قاراپ ئولتۇرۇپ يازىدىغانلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ، خىيال سۈرۈشكە ، بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا كۆنۈپ قالدى . بۇ يەرگە كەلسىلا يازغۇسى كېلىپ تۇرىدۇ . قەلەمنى تاشلىغۇسى كەلمەيدۇ . ئۇ جىگدە يېزىسىغا كەلگەندىن كېيىن خېلى كۆپ ھېكايە يازدى ، بەزىدە شېئىرلارنىمۇ يازدى . يازغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئېلان قىلىندى . ئۇ ئەمگەكىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى . يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن جىگدە يېزىسى ھەققىدە رومان يېزىشنى ، مانا مۇشۇ ئاپتاپپەرەسلىكنى چوقۇم ئەڭ ئېسىل تىل بىلەن گۈزەل جەننەت قىلىپ تەسۋىرلەشنى كۆڭلىگە پۈكتى . رىسالەت بىلەن مەرۇپىنىڭ خېلى كۆپ ئوخشاشلىقى بار ئىكەن . مەرۇپمۇ ناخشا - ئۇسسۇلغا ، بولۇپمۇ بەل تولغاش ئۇسسۇلىنى ئويناشقا ئامراقكەن . بۇرۇن ئۇ مۇشۇ يېزىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇغان ، رامزاندا روزا تۇتقان بولسىمۇ ، ھازىر يېزىدىكى ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ، كىرپە تىكىنىدەك چاچلىرىنى ئۆستۈرۈپ يالاڭباش يۈرىدىغان ، قوينىڭ ئاچچىق ئۈچىيىدەك تار شىم كىيىۋېلىپ ، ئالا - بۇلىماچ تار كۆينەك كىيىۋالىدىغان بولدى . مەرۇپمۇ شېئىر يازىدىغان بولغاچقا ، رىسالەت بىلەن جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلىشەتتى . ئۇلار ئىككىسى يېزىلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا قارىتا تۇتقان مۇئامىلىسى ھەققىدە دەرد تۆكۈشەتتى . ئەدەبىيات توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرىلەشتى . ئۇنىئالغۇنى قويۇپ تانسا ئويناشتى . خاراكتېردىكى ئوخشاشلىق ئۇلارنى يېقىنلاشتۇردى ، باردى -

كەلدىسى قويۇقلاشتى، ئاستا ـ ئاستا ئامراقلىشىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، رىسالەتتە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ، مىجەزى غەلىتىلەشتى، چىرايى سۇندى، ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى سېزىپ، قورققىنىدىن ئۆزىنى يوقاتتى. ئۆزىدىنمۇ، مەرۇپتىنمۇ قاتتىق نەپرەتلەندى. رىسالەت مەرۇپنى كۆرسىلا كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ غەزىپى ئۆرلەپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىدىغان بولدى. رىسالەتنىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىدا بولۇپ، ئاتىسى مىسكەر ئىدى. بۇ سەتچىلىك پەقەت ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىش بىلەنلا ھەل بولدى. قارا بۇس مۇدىرنىڭ بۇ قېتىم ئوغلىغا تازا غەزىپى كەلدى. ئوغلى ئۈنىۋېرسىتېتتىن قوغلانغاندىمۇ بۇنچىۋالا غەزەپلەنمىگەنىدى. بۇ قېتىم رەسمىي غەزەپلەندى. ئاچچىق يۇتۇپ، قار ـ مۇز يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى تېخىمۇ بەتتەرلەشكەن ھالدا تويىنى تۈگەتتى. ئەسلىدە ئۇ ھاكىم بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغانىدى. ھاكىم بىلەن سافادا كېرىلىپ ئولتۇرۇشۇپ، بالىلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە، ھاكىم ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى پۇرىتىپ بېشارەت بەرگەنىدى. بۇ ئىشتىن ئۇ تەمە قىلىپ كەلگەن ئامەتنىڭ ئەمدى ئۆز قولىغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئوغلى دېگەن بەتبەختنىڭ بۇنداق ئىش چىقىرىپ ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆكۈشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. تويدىن كېيىن ھاكىم ئۇنىڭغا سۆرۈن قاراۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. مەرۇپ ئاتىسىنىڭ بۇ غەرىزىنى ئانىسى ئارقىلىق ئۇققان بولۇپ، كالپۇكىنى چىشلەپ تۇرۇپ، رىسالەت بىلەن ئەسلىدىمۇ توي قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدە رىسالەتكە بولغان مۇئامىلە بارغانچە سوغۇقلاشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە رىسالەت مەجبۇرىيەت ئاستىدىلا بۇ ئۆيگە كىرەلىگەن ئون بەش كۈنلۈك كېلىن ھەم خوتۇن بولۇپ قالدى. قېينانىسى ئۇنى قول ئورنىدا ئىشلەتسە، ئېرى ئۇنى ئەسكى چاپان ئورنىدا كۆردى. رىسالەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈنسىز يىغا، چەكسىز ھەسرەت

بىلەن كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەدەبىيات، يېزىش دېگەنلەر ھازىر ئۇنىڭ نەزىرىدە شېرىن چۈشكە ئايلىنىپ قالدى. ئېرىنىڭ ھازىر ھاكىمنىڭ قىزىنىڭ كەينىدىن كۆيدۈم - پىشتىم دەپ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىرىنى، چاكىنا قىلىقلىرىنى، خۇشامەتلىرىنى كۆرۈپ، يازغۇسى كېلىدۇ، پۇرسەت ئىزدەيدۇ. بۇنداق بۇرۇقتۇملۇقتىن قۇتۇلۇشنى، پاتراق ئەركىن بولۇشنى كۈتىدۇ. مۇشۇنداق بىر چاغدا رىسالەتنىڭ بىر ھېكايىسى ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. بۇ خەۋەر بىردەمدە يېزىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. ھېكايىنىڭ مەزمۇنى يېزا باشلىقىنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ كەتكەچكە «ھەتتا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ قورقمايمەن، ئۆيىنى چېقىۋېتىمەن، كۆچۈرۈۋېتىمەن» دەپ داۋراڭ سالدى. تېرىپ يەۋاتقان ئۇن مو يېرىنى تارتىۋالدى. بۇ ھېكايىدە يېزا باشلىقىنىڭ ئىنىسىنىڭ تويى بولغاندا پۈتۈن يېزىدىكى ئوتتۇز يەتتە كەنتتىكى توقسان بىر مەسچىت جامائىتىنىڭ ھەربىرىدىن بەش يۈەندىن پۇل يىغقانلىقى، پۇل بېرەلمىگەن نامراتلارغا ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئارىلىششى ئارقىلىق كۈزدە كېۋەز ساتقاندا پۇلنى قايتۇرۇشنى شەرت قىلىپ پۇل يىغقانلىقى، بۇنداق پۇل يىغىشنىڭ پۈتۈن يېزىدا ھەممە كەنت مەسچىتلىرىدە ئوخشاش بولغانلىقى، تويغا ھەر بىر مەسچىتنىڭ ئىماملىرىنىڭ باشچىلىقىدا يىغىلغان پۇلغا ئۇن سەككىز كالا، قىرىق توققۇز قوي سېتىۋېلىنغانلىقى، يېزا باشلىقىنىڭ ھەربىر ئىمامغا بىر كىيىملىكتىن سارجا قويغانلىقى قاتارلىقلار يېزىلغانىدى. بىرمۇنچە يېزىلىقلار «بۇ ئىش راست، ئەمما بۇنىڭ يالغان يېرى، بۇ ئىش بۇلتۇر بولغان ئەمەس، بۇ يىل ئەتىيازدا بولغان، بىزنىڭ يېزىنىڭ ئېتى جىگدە تۇرسا، سۆگەت دەپ يېزىلىپتۇ. يېزا باشلىقىنىڭ ئېتى مۇھەممەت تۇرسا، ئەيسا دەپتۇ، بۇنى يازمىسىمۇ بولاتتى، يېزىپ نېمە قىلىدۇ، ھۆكۈمەت ئۇ خېنىمنى مۇكاپاتلاپ ئاۋۇ غوجامنىڭ ئەملىنى ئېلىۋېتەرمىدى؟»

دېيىشتى . بۇ خاپىلىق بىلەن مەرۇپ رىسالەتنى ئۇرۇپ كەتكۈزۈ-
ۋەتتى . رىسالەت يامانلاپ كەتكەننىڭ ئەتىسى ئۇنىڭ يەنە بىر ھېكا-
يىسى گېزىتتە ئېلان قىلىندى . بۇنى كۆرۈپ خەلق ساغرىسىغا
شاپىلاقلاپ كۈلۈشتى . رىسالەتنىڭ قېينانىسى رەڭگىرويى تېخىمۇ
قارايغان ھالدا كەيپى بۇزۇلۇپ ، گېزىتنى يۇرلەپ ئوغلىنىڭ يۈزىگە
ئاتتى . «ئۇ سېسىق پاسكىنىنىڭ خېتىنى ھازىرلا بېرىۋەت ! ئۇنداق
ئالۋاستى مېنىڭ كېلىنىم ئەمەس . خەپ ، مەن ئۇنى پاشلىق زەي-
لىككە ھەيدىۋەتمەيدىغان بولسام ، ئەمدى يازمىغان مەن قالدىمما ؟...
خەپ » دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى . بۇ ھېكايىدە ، بىر مەكتەپ
مۇدىرىنىڭ دائىم پارتىيە ئەزالىرىغا يىغىن ئېچىشقا ئامراقلىقى ،
يىغىندا سۆزلىگەن ھەر بەش ئېغىز سۆزىنىڭ ئىككى ئېغىزىدا
پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىستىل مەسىلىسى سۆزلىنىدىغانلىقى ، پارتىيە
ئەزالىرىنىڭ خەلق مەنپەئىتى ، كوللېكتىپ مەنپەئىتى ، دۆلەت
مەنپەئىتىنى جان تىكىپ قوغداش كېرەكلىكى ، ئالاھىدە
بولۇۋالماسلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىدىغانلىقى ؛ بىر قېتىم
كىچىك بالىسى ئوينايدىغان كونا بىر ۋاسكېتبول تېشىلىپ
كېرەكتىن چىققاندا ، ئۇنى بىر ئوقۇتقۇچىغا كۆتۈرتۈپ ، مەكتەپنىڭ
خوجىلىق خادىمىغا ئاپىرىپ توپنى مەكتەپنىڭ سېتىۋالغان توپى
ھېسابىدا قىلىپ ئۆزىگە يېڭى ۋاسكېتبولنىڭ يىگىرمە سەككىز كوي
نەچچە مو پۇلىنى بېرىشنى دېگەنلىكى ، خوجىلىق خادىمى
تەڭقىسلىقتا بىردەم قىزىرىپ ، بىردەم تاتىرىپ بىر ھازا تۇرغاندىن
كېيىن ، توپنى ماگىزىندىن سېتىۋالغان ھۆججەت بولمىسا
ھېسابتىن ئۆتمەيدىغانلىقىنى دېگەندە ، مۇدىرنىڭ قارىداپ كېتىپ
بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن بىردىن چىرايى ئېچىلىپ ، ئاتىسى
ماگىزىندا ئىشلەيدىغان يەنە بىر ئوقۇتقۇچىغا ئاتىسىدىن بىر توپنىڭ
ھۆججىتىنى ئەكەلدۈرۈپ ، ھۆججەتنى ئۆتكۈزۈپ ، پۇلنى
ئېلىۋالغانلىقى ، بۇلتۇر ئاشۇ كونا توپنى مۇدىرنىڭ «بالام
ئوينىسۇن » دەپ خوجىلىق مۇدىرىدىن ئاچىقىپ كەتكەنلىكى ، بۇ

ئـــش ئۇچۇن خـوجـلـىق خادىمنىڭ قاتتىق ئەجەبلەنگەنلىكى قاتارلىقلار يېزىلغانىدى . قارابۇس مۇدىر يەنە ۋارقىراپ كەتتى :

— بۇ ئىشلارنى ئۇ ئالۋاستى نەدىن بىلىدۇ ؟ بۇنى چوقۇم ئاشۇ خوجىلىقتىكى قانجۇق دەپ بەرگەن گەپ . ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغان بىلەن بىلمەي قالامتىم… ئۇ لالمىنىمۇ يىراق سازلىققا يۆتكىۋەتمەيدىغان بولسام خەپ ، ھېسابىنى تەكشۈرۈپ بويىنىغا توقۇناق چىقىرىپ ، نوخلىسىنى ئېلىۋەتمەيدىغان بولسام …

رىسالەت نېمىشقا ياساندى ؟ ئەركىن بولغانلىقى ئۈچۈن ياساندى . كۆڭلىدىكى بارلىق غەم - قايغۇ تۇمانلىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى ، يۈرىكىنى سىقىۋالغان تۆمۈر بارماقتىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ ياساندى . ھاياتىنىڭ تۇنجى قەدىمىدە ئېرىشكەن بەختسىزلىكتىن قۇتۇلغانلىقى ، يىراق يېزىدىكى يېڭى مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ياساندى . ئۇ ئاپتاپپەرەسلىككە تىكىلىپ تۇرۇپ ، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن دېدى :

«خەير - خوش ، ئاپتاپپەرەسلىك» .



www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ ئۆرۈك

مېنىڭ بۇ يېزىغا كەلگىنىمگە ئىككى ئايدىن ئاشتى . يېزىنىڭ ساپ ھاۋالىق باغلىرى ، تېرەك ـ بوستانلىق يوللىرى ، ئاق كۆكۈل ساددا ، چاقچاقچى دېھقانلىرى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى . ئەمما ئۆيۈمنى سېغىندىم ، ئۆيۈمدىكى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا قالغان پاقلاندەك ئوغلۇمنى سېغىندىم . مانا بۈگۈن ئانىسى ئۇنىڭ يالىڭاچ ھالەتتە چۈشۈرۈلگەن سۈرىتى بىلەن بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ . ئوغلۇم ھەيران بولغان ھالدا سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىغا قارىغان بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى تەبىئىي چىقىپتۇ ، تولىمۇ سۆيۈندۈم . ئۇنىڭ يۇملاق يۈزى ، بوغۇم ـ بوغۇم بولۇپ كەتكەن تېنىگە قاراپ ، خۇشاللىقىمدىن كۆزۈمگە ياش كېلىپ قالدى . بىر چاغلاردا تورۇسقا ئېسىلغان ، بەدىنىمگە تۆمۈر قىزىتىپ ياغقان ، تاغارغا سولاپ كالتەكلىگەن چاغدىمۇ كۆزۈمدىن مىت قىلىپ بىر تامچە ياش چىقمىغانىدى . ئاتىلىق مېھرىدىن تامچىغان سېغىنىش شەربىتىنى قانداقمۇ كۆز يېشى دېگىلى بولسۇن . تېخى تىلى چىقمىغان ئوغلۇم يېنىمدا بولغان بولسا قانچىلىك سۆيۈپ باغاشلاپ كېتەتتىم ـ ھە ؟ مۇشۇ كۈنلەردە كىچىك بالىنى كۆرسەملا يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆتۈرۈۋېلىپ ، چاتىرىقىغا سۆيگۈملا كېلىدۇ . مەن ئوغلۇمنىڭ سۈرىتىگە تويماي سۆيۈپ كەتتىم . يۈرىكىمگە ، يۈزلىرىمگە سۈركەپ كەتتىم . ئايالىم خېتىدە ، «بالىمىزغا تۇنجى

www.uyghurkitap.com

قېتىم دادا دەپ تىل چىقتى» دەپ يېزىپتۇ. ھازىر ئوغلۇمنىڭ مېنى «دادا» دەپ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. گەرچە ئۇنىڭ ئاۋازىنى قىياس قىلالمىساممۇ، لېكىن بۇ يەردىكى يېڭى تىلى چىققان بوۋاقلارنىڭ ئاشۇ ئاۋازىنى ئوغلۇمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاتتىم. «دادا» دەپ چاقىرغان ئاۋازى مېنىڭ ئاتىلىق غۇرۇرۇمنى قانچىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بۇ مېنىڭ تۇنجى پەرزەنتىم. يېشىم خېلى بىر يەرگە بارغاندا پەرزەنتلىك بولدۇم، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بوسۇغىدىن بىر پۈتۈمنى ئالا ـ ئالمايلا، ئاۋۋال تەنقىد ـ كۈرەشكە يولۇقتۇم، ئاندىن كېيىن گوندىخانىغا كىرىپ قېلىپ، ھاياتتا ئىز قالدۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدۇم. ھەتتا ھاياتىمدىنمۇ ئۈمىد ئۈزدۇم. ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى تۈگەپ، قىران مەزگىلىم كېتىپ، قىرىق مەزگىلىمدە تاسادىپىي «سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىنغان» مەندەك «قەبىھ جىنايەتچى» كەچۈرۈم قىلىنىپ، قەپەستىن ئۇچۇقچىلىققا، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقتىم. ياشاشقا يەنە ئۈمىد تۇغۇلدى. بەختلىك ئائىلىگە، مانا ئەمدى بولسا تۇنجى پەرزەنتكە ئىگە بولدۇم. ئاشۇ بالامدەك نەۋرە كۆرىدىغان چېغىمدا مۇشۇنداق ئىش بولدى. ھەرھالدا ئاشۇ نۇرغۇنلىغان شوكۇركەش بەندىلىرىمىزدەك ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن. ئوبدان ياشايمەن، بەلكى ئىز قالدۇرۇپ ياشايمەن...

ئايالىمغا جاۋاب خەت يېزىۋاتقىنىمدا، ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر دېھقان بالىسى كەيپىمنى بۇزۇپ ئىشىكنى تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئېچىپلا ھىجىيىپ كىرىپ كەلدى. ئىمانىم قىرىق گەز ئۆچتى دېسەم بولار، ئىشقىلىپ، سەپرايىم ئۆرلەپ قەلەمنى «تاراققىدە» ئۈستەلگە تاشلىدىم. قەلەمنىڭ ئاۋازى ئىشىكنىڭ تاراقلىشىغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ھىجىيىپ كىرىپ كەلگەن بالىنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى كونا، ئەمما پاكىز ئاق شاپاق دوپپىسىغا سېلىنغان ۋىلىلداپ سۈيى تېمىپ تۇرغان جانان ئۆرۈك

يەرگە چۈشۈپ توپىدا دومىلاپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى . بالا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تۇرۇپلا قالدى . بۇنداق چاغدا چىرايىمنىڭ قانچىلىك سەت تۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلمەن . مەھەللىمىزدە ئاياللار بالىلىرى يىغلاپ كەتسە ، مېنى كېلىۋاتىدۇ دېسە بالىلىرى يىغىدىن توختايدۇ . ئەسلىدە مەن خېلى چىرايلىق يىگىت ئىدىم . چىرايلىق ۋاقتىمدا «سېسىق ئالۋاستى» بولۇپ تۇرمىگە كىردىم . مانا ئەمدى ھەقىقىي ئالۋاستى قىياپىتىگە كىرگىنىمدە «ئاق ئادەم» بولۇپ ، قايتىپ چىققانىدىم . ئاچچىقىم كەلسە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتىم .

مەن شۇئان پۇشايمان قىلىپ خىجىل بولۇپ ، كۈلۈمسىرەپ بېرىپ ھېلىقى بالىنىڭ يالاڭباشنى سىلاپ قويۇپ ، ئۆرۈكلەرنى تەرگىلى تۇردۇم . بالىمۇ تېرىشكە باشلىدى .

— ماڭا ئېلىپ كەلگەنمىدىڭ ؟

— ھەئە ، سىلىگە ئەكەلگەن .

— ئاپلا ، مەن تازىمۇ ھاماقەت ئىكەنمەن ، رىزقىمغا توپا چاچقىنىمنى ، سېنى قورقۇتۇۋەتتىم ـ ھە ! بىزنىڭ شەھەردە بىر كىم ئۆيگە كىرسە ئاۋۋال ئىشىكنى قاقىدۇ ، ئاندىن ئۆيگە كىرىدۇ .

— مەنمۇ كىنودا كۆرگەن .

— ھە ، سەنمۇ كۆرۈپتىكەنسەن ، مېنىڭچە بۇ ياخشى ، يېزىدا بولسا ئۇنداق قىلمايدۇ . پەقەت ئىشىك تۈۋىدە ئىت بولسا قورقۇپ ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىدۇ ، بولمىسا كىرىۋېرىدۇ . شۇنداققۇ ، مېنىڭ ئېسىمدە يوق ، خاپا بولمىغىن .

— ياق ، خاپا بولمايمەن ، — دېدى بالا كۈلۈپ تۇرۇپ ، ئۇ دوپپىسىدىكى ئۆرۈكنى ياتىقىمدىكى قاچىغا تۆكۈپ بۇدى ، ئاندىن ئالدىمغا قويۇپ :

— قېنى يەپ باقسىلا ، بىزنىڭ يېزىنىڭ بۇ ئۆرۈكى بەكلا تاتلىق ، مەن بەك ئامراق . ھېچقانداق يەرنىڭ ئۆرۈكى بىزنىڭ يېزىنىڭ ئۆرۈكىگە يەتمەيدۇ ، — دېدى باشلىرىنى ئىككى تەرەپكە

ئوينىتىپ .

— بۇ ئۆرۈك ھەقىقەتەن تاتلىقكەن ، ئەمما سەن باشقا يەرگە بېرىپ ، ئۇ يەرنىڭ ئۆرۈكىنى يەپ باققانمۇ ؟

— ھىم ... ياق .

بالا دۇدۇقلاپ قىزىرىپ كەتتى . مەن كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— بۇ دېگىنىڭ بولمىدى . سەن بىزنىڭ ھازىرقى ئادەملىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ھاماقەتلەرگە ئوخشاش گەپنى قىلىۋاتىسەن . سەن باشقا يەرنى كۆرۈپ باقماي ، ئۇ يەرنىڭ ئۆرۈكىنى تېتىپ باقماي تۇرۇپ بۇ يەرنىڭ ياخشىمۇ ، ئۇ يەرنىڭ ياخشىمۇ نېمە بىلىسەن ؟ مۇشۇ ئالىقانچىلىك يەردىن چىقماي ، ئۆزۈڭنىڭكىنى ماختاۋەرسەڭ ئەخمەقلىق قىلغان بولىسەن . توغرا ، بۇرۇن باشقا ھەرقانداق يەرنىڭ ئۆرۈكىدىن بىزنىڭ ئۆرۈكىمىز ياخشى ئىدى ، ئەمما كېيىن باشقا يەرلەر بىزنىڭ ئېسىل سورتلۇق ئۆرۈكلىرىمىزنى ئاپىرىپ ئۆز يېزىلىرىدا ئۆستۈردى . ياخشى پەرۋىش قىلىپ ، ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشىلىۋەتتى . بىز ئاشۇ كونىراپ ، قېرىپ ، بۇزۇلۇپ كەتكەن كونا سورتىمىزنى داڭلاپ ، ھېچكىمنىڭ بىزنىڭكىگە يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئېغىزىنى تاتلىق ئېتىپ يۈردۇق ، ھېچكىمنى ئۆزىمىزگە تەڭ قىلمىدۇق . بۇنى كۆرگەنلەر ئېغىزىنى تۇتۇپ كۈلۈشۈپلا قويىدى . بەزىلىرى «ماۋۇ خەق قايسى زاماننىڭ مۇقامىنى توۋلاۋاتىدۇ . بەلكىم كاللىسى جايىدا بولمىسا كېرەك» دېيىشىپ كەتتى . ئەگەر بىزنىڭ بۇ قىياپىتىمىزنى سۈرەتكە ئېلىپ ، ئۆزىمىزگە كۆرسەتسە ، ياق ، بۇ بىز ئەمەس ، بۇ بىزگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قېلىشىمىز مۇمكىن . ئۇھ ... — مەن سۆزلەپ نەلەرگە كەتتىم ... كاللام قىزىپ ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى . قان بېسىمىمنىڭ ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە مەلۇم بولدى . دورامنى دەرھال چىقىرىپ ئېغىزىمغا سالدىم . بالىغا قارىدىم ، ئۇنىڭ سۆزلىرىمنى يېرىم -

ياتا ھەتتا پۈتۈنلەي چۈشەنمەي ھاڭقىيىپ تۇرغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى . مەن بۇ بالىغا سۆزلىمەي دېدىميۇ ، لېكىن يەنىلا ئۆزۈمنى باسالمىدىم . چۈنكى مەن گۈندىخانىدىن چىققاندا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم . كېيىن دوختۇرخانىدا يېتىپ شىپا تاپقان بولسامۇ ، يەنە بىرئاز دەردىم بارلىقى ئۆزۈمگە ۋە مېنى بىلىدىغانلارغا ئايان ئىدى .

— ئوغلۇم ، تەقدىرىمىز ئۆرۈكىمىزگە ئەجەب ئوخشايدىكەن - ھە ؟ مەن تەقدىرىمىزنى ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئوخشىتالماي يۈرگەنىدىم .بۈگۈن تاسادىپىي ئۆرۈكىمىزگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم .

بالا «شۈنداق» دېدى گېپىمنى چۈشەنمەي ، ماڭا ھېسداشلىق قىلىش يۈزىسىدىنلا دەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى . مەن كۈلۈپ كەتتىم .

— ھە ، سېنىڭ يەنە دەيدىغان گېپىڭ باردەك قىلىدۇ ، دېگىنە ، — دېدىم مەن . بالا تارتىنماستىن سۆزلىدى :

— ئاكا ، مەن گېزىتكە بىر ئەرز سۇنغان ، بۇ ئەرزىمنى كۆپەيتىپ ، ناھىيە ، ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايونغىچە ئەۋەتتىم . ھېچقايسىسىدىن ئۈچۈر بولمىدى . تەگمىدىمىكىن دېسەم قايتىپ كەلمىدى ياكى مېنى دېھقان كۆرۈپ ، گېپىمنى قىلىدىغان ئادەم چىقماي باسۇرۇلۇپ قالدىمىكىن . سىز يۇقىرىدىن كەلگەن ئادەم بولغاندىكىن سوراپ باقاي دېۋىدىم .

— ئوھۇ ، بالاغەتكە يەتمىگەن بالا تۇرۇپ ، شۇنچە يەرگە ئەرز سۇنغۇدەك قانداق ئېغىر دەردكە قالدىڭ ؟

— مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتىم . ئاتا - ئانام بولسا بۇرۇنمۇ ، ھازىرمۇ مېنىڭ رەسىم سىزىشىمنى قاتتىق چەكلەيدۇ ··· قىيامەت كۈنى سەن سىزغان ھەممە رەسىملەر سەندىن جان تەلەپ قىلىدۇ . سەن بىر جېنىڭنى ئەلۋەتتە بېرەلمەيسەن ، شۇنىڭ بىلەن دوزاختا كۆيسەن دېيىشىدۇ .

كىچىكىمدىمۇ دوزاختىن قورقماي كېچىسى ھەممىسى ئۇخلىغاندا ، جىن چىراغ يورۇقىدا ، كۇندۇزى باغ ، قوناقلىق ، مال باققان جاڭگال ، مەكتەپ ، ئىشقىلىپ ، ھەممە يەردە توختىماي رەسىم سىزاتتىم . تۇز يەر ۋە ئېرىقنىڭ سېغىز ئورناپ قالغان تەسكەيلىرىمۇ قالمايتتى . ھازىرمۇ شۇنداق ، ئاتا ـ ئانام «ھەرقانچە ئوقۇساڭمۇ ، دېھقان بالىسى نېمە بولماقچىدى ، يەنىلا دېھقان بولىسەن . ئۇنىڭدىن كۆرە ئوقۇمايلا قويغىن !» دەپ تۇرۇۋالدى .

مەن چوقۇم ئوقۇشقا بارالايمەن دەپ ، ئۇلارغا كۆپ قېتىم ۋەدە بېرىپ ئاران ماقۇل كەلتۇردۇم . بۇلتۇر گۇزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىغا رەسىمدىن ئىمتىھان بەرسەم ، ئىمتىھان ئالغانلار مېنى بىرمۇنچە ماختاپ ، مېنىڭ چوقۇم ئۆتەلەيدىغانلىقىم توغرىسىدا بىرمۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ كەتتى . كېيىن مەن ئۆتمىدىم . بۇ يىل يەنە ئىمتىھان بېرىۋىدىم ، يەنە ياخشى بەردىم . ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىمتىھان مەيدانى ئالدىغا چاپلانغانىدى . قارىسام ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر قاتارىدا ، يەنە كېلىپ ئۈچىنچى رەتتە مېنىڭ ئىسمىم تۇرۇپتۇ ، خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ ھەممىگە «مەن ئۆتۈپتىمەن» دەپتىمەن ، ھەتتا ئۆيگىمۇ تېلېگرامما ئارقىلىق بۇ خۇش خەۋەرنى يوللىۋەتتىم . ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ تۇرغان چېغىمدا سېمىز ، دوگىلەك كەلگەن بىرى : «ھەي بۇ يەرگە كەل» دېدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرسەم بىر كارىدورغا كەلگەندە ئۇ توختاپ «سەنمۇ ئۆتۈپسەنما ؟» دەپ سورىدى . مەن خۇشاللىقىمدا «ھەئە» دېدىم . ئۇ «ئەكېلە كىنىشكەڭنى» دېدى . بەردىم ، ئۇ شۇ ھامان قولىغا قەلەم ئېلىپ كىنىشكا نومۇرۇمنى ئۆچۈرۈۋېتىپ «ئالمىشىپ قاپتۇ» دەپلا كېتىپ قالدى . كاللامدا چاقماق چاقتى . بارمىغان يېرىم ، ھال ئېيتمىغان ئادىمىم قالمىدى . بەزىلەر پەرۋا قىلمىدى . بەزىلەر ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ ياردەم قىلماقچىمۇ بولدى . بىراق ، ھېلىقى دەيۈز سېمىز ئوغرىنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالمىدىم ، يىغلىدىم ، قاقشىدىم ، ئىمتىھان بېرىشكە كەلگەنلەر

هەممىسى دېگۈدەك كادىر بالىلىرى ئىكەن . ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە بىرقانچە كىشى هەمراھ بولۇپ ئېلىپ كېلىدىكەن . مەن دېهقان بالىسى ، ئاتا ـ ئانام ۋە باشقا هەمراهلىرىم يوق . ئۇلار بولسىمۇ گېپىمنى كىم ئاڭلايدۇ دەيلا . مېنىڭ گېپىمنى قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا مېنى بوزەك قىلدى...

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى . مەن ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم . هازىر كۆلگۈم كېلىدۇ . تۇرۇپ كەتكىنىم بىلەن مەن نېمە قىلالايمەن ياكى قولۇمدا زىغىردەك هوقۇق بولمىسا ، مەن پەقەت كىشىلەر رەسمىيەت ئۈچۈن مۇشتەرى بولۇپ تاماكا قەغىزى قىلىدىغان بىر گېزىتنىڭ سولتەك مۇخبىرى ، ياق ، ياق ، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالايمەن . كىچە ـ كۈندۈز جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ ئىشلەپ ، جەمئىيەت ئۈچۈن ماددىي بايلىق يارىتىدىغان ، پايدا ـ مەنپەئەتكە ئاز ئېرىشىدىغان ئاق كۆڭۈل دېهقان ئۈچۈن ، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشنى تەييارغا هەييار بولىدىغان ، يېڭىدىن بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقان ياش كۆچەتلەرنى دەسسەپ ـ چەيلىۋېتىدىغان هاماقەتلەرگە لەنەت تىغىنى قارىتىشنى راۋا كۆرىمەن ! هېلىقى دېهقان بالىسىنىڭ غەزەپ بىلەن دەرد تۆكۈپ ، يانچۇقىدىن قارا قەلەم بىلەن قەغەزنى چىقىرىپ ، هەش ـ پەش دېگۈچە مېنىڭ رەسىمىمنى شۇنداق ئوخشىتىپ سىزىپ ، كۆرسەتكەن ماهارىتى هەققىدە سۆزلەيمەن .

هەي ! بىزنىڭ هاماقەت ، شەخسىيەتچى ئادەملىرىمىز ، هەممىڭلار ئېغىزىڭلاردا «راۋاجلىنالمىدۇق ، راۋاجلاندۇرىمىز» دەپ جار سالىسىلەر ، سىلەر نېمىنى راۋاجلاندۇرىسىلەر ؟ نېمىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتىسىلەر ؟ ئەخمەقلىق ۋە نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈڭلەرنى ئالدىماقچىمۇ ؟ ياۋاشلارنى ئالدىماقچىمۇ ؟ بولدى قويۇڭلار ، ۋىجدان يولىدا بۇنداق بىر ئۈمىدلىك بالىنىڭ دەردىگە يېتىڭلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆلۈم تەھدىتى

ھاشىم ئۆيگە كىرگەن پېتى كىر بېسىپ كەتكەن داكا سەللىسىنى ئېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئۆزىنى توپا رەڭ دىلون پەرىجىسىنى سېلىۋەتمەيلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى - دە، تورۇسقا تىكىلگىنىچە خۇددى قېتىپ قالغاندەك ھالەتتە ياتتى. ئۇ بارماقلىرىغىچە تۆك بېسىپ كەتكەن يىرىك قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ، بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا تىترەيتتى. ئۇنىڭ نەپىسى بارغانچە سىقىلىپ، ئېغىزى قۇرۇپ، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ، تېنى جۇغۇلداپ تۇراتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنى گويا بىر نېمە كارنىيى تەرەپكە تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئىچىگە بىر پارچە ئوت كىرىۋالغاندەك پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ قىزىشقا باشلىدى. چىرايى تاتىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە سەللىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، پەرىجىسىنى سېلىۋېتىپ دالان ئۆيگە دەلدۈگىنىپ چىقىپ، ئەمدىگىنە قايماق باغلاپ ئۇيۇشقا باشلىغان بىر چىنە قېتىقنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. ئاندىن چوڭ بىرنى تىنىۋېتىپ، چىنىنى تەكچىگە تاراققىدە قويۇپ ئارقىسىغا ياندى. شۇئان، سىرتتىن ئۇنىڭ جاۋىلداق ئايالى ھېنىپخان قويلىرىنى قارغىغان پېتى كىرىپ كەلدى.

— ھوي، نېمە بولۇلا؟ چىرايلىرى تاتىرىپ مۆردىدەك بولۇپ كېتىپتىغۇ، — ئۇنىڭ كۆزى ھاشىمنىڭ بۇرۇتىدىكى قېتىق

يۇقۇندىسىغا چۈشتى، — ھە مۇسۇلمان، قېنى تۇتقان روزاڭ؟ ساقاللىرىڭدا قېتىق يۇقى تۇرىدىغۇ؟ ھەي دوزىخى! سېنى خۇدا ئۇدۇل دوزاخقا بۇيرۇسۇن.

— ھە؟!… — ھاشىم، قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتكەن ئادەمدەك ۋارقىرىۋەتتى. راستىنلا ئۇ روزى تۇتمىغانىدى. ئۇ ئەمدى ئېسىنى يىغدى، ئۇنىڭ مېڭىسىدىن بايا كىرگەن ئوت ئېسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانىدى. ھېنىپىخان ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. ئۇ ئېغىزىنى ئېچىپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە ئىختىيارسىز كىچىككىنە كۆتمەك ساقىلىنى سىقىمداپ قالدى. ھېنىپىخان ئۇنى قارغىغان پېتى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ۋاتىلدىغىلى تۇردى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى تۆت - بەش قېتىم ئوت ئۇرۇپ كېلىپ، كالا، قويلارغا سېلىپمۇ تويغۇزالمىدى.

ئۇ مۇسابىقىلەشكەندەك مەرەۋاتقان قويلارنىڭ زۇۋانىغا بالا تىلىسە، ئاز ئوتقا تويمىغان كالىنى قارغايتتى. ئاندىن ھۆددە كېۋەزگە ئوغۇت بەرمەي تۇرۇپ، سۇ قۇيۇشقا بولمايدۇ، دەپ سۇ قۇيغىلى قويمىغان ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاشۇ ئېچىق بېشىدىلا بوينى قاتىلىشىپ سۇغا موللاق ئېتىپ ئۆلۈشىنى تىلەيتتى. ئېرىنىڭ چىۋىنىنى قورۇپ، يۇندىسىنى تۆكۈپ يۇرسىمۇ كۆڭلىدە بىر ئەھۋالىنى سوراپ تۇرمىغانلىقىدىن، كىچىك ئوغۇللىرىنىڭ ئوقۇغىلى كېتىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بولالمىغىنىدىن زارلايتتى. ئۇ چالۋاقاپ ئوچاقتىكى يۇزى كۆيۈپ كەتكەن ناندىن تارتىپ قارغىدى، ئاخىرىدا گېپىنى يەنە ھاشىمغا يۆتكىدى.

— ھۇ! بەتبەخت كاپىر، ئەللىك ياشتىن ئېشىپ بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراۋاتقاندا ئۇلۇغ روزىنى تولۇق تۇتۇپ، خۇدا ئالدىدا گۇناھى كەبىرىنى يۇياي دېمەي، روزىنى بۇزۇپ، خۇددى پىچىۋەتكەن بۇقىدەك تۇرغىنىنى! جاجاڭنى يەپ دوزاختا كۆيۈپ كۈل بولارسەن!

«دوزاخ» — ھاشىمنىڭ كۆزىگە غايەت زور تۆمۈر قەپەس

ئىچىدىكى ئوتتا كۆيۈۋاتقان گۇناھكارلارنى چىقىرۋاتقان يىلان - چايانلار، دۈگىشىپ تېگمۇۋاتقان تۆمۈر توقماقلار. دەھشەتلىك چىرقىراشلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆيگە كىرىپ ياتقانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچسىمۇ، چىڭ يۇمسىمۇ دوزاختىكى ئاشۇ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق مەنزىرە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن زادى ئۆچمىدى. ھاشىم ئەللىك - ئەللىك بەش ياشلارغا بارغان ئادەم بولسىمۇ، ئۆزىنى يىگىتلەردەك ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، نەۋرە كۆرگەن بۇ دېھقان ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا پات - پات كۈندەشلىك جېدىلى بولۇپ تۇراتتى. بولغاندىمۇ قىزىقارلىق، كۈلكىلىك دەرىجىدە بولاتتى. ئۆلۈم كۆلەڭگۈسى ھاشىمنىڭ جېنىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى. ئەنە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدىن بىر سۇرلۇك تۆگە كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋاتىدۇ. بۇ جەبرائىلنىڭ سۈرىتى. ئەنە، تۆگىلۈكتىن كىرىۋاتقاندەك، قايسى بىر كىتابتا، جەبرائىل تەڭرىنىڭ بىراۋنىڭ جېنىنى ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، تۆگىلۈكتىن ياكى مورىدىن كىرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئۇ شۇ خىيال بىلەن «لاپ» قىلىپ ئوچاق تەرەپكە قارىدى. ئۇزۇندىن بېرى ئوت قالانمىغان مورىدا ئۆمۈچۈك تور باغلىۋەتكەنىدى، ھاشىمنىڭ كۆزىگە تور كەينىدە بىر قارا يۈز كۆرۈندى. ئاھ ... بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمىگەن ئالىقاندىكى جان، ئەمدى ئەجەبمۇ تاتلىق بىلىنگىلى تۇردى. «ئورۇق جاننى پاچاقتىن ئالىدۇ دەۋاتاتتى، پاچىقىم تارتىشىۋاتىدۇ...» ئۇ ئاستا پۇتىنى مىدىرلىتىپ باقتى. ياق، ياق، جەبرائىلغا تېخى ھاشىمنىڭ جېنىنى ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق بارمىدى، يا ئىمامىلىرىمنىڭ يېلىمى تېخى ئوتقا تاشلانمىدى، بىراق تاشلانماقچى. «ئاھ ... بۇ مەرەز قىلمىشلارنىڭ تەكتىنى نېمىشقىمۇ بىلمىگەن بولغىيتتىم...»

ھاشىمنىڭ كۆز ئالدىدا بايا مەسچىتتە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار

كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە، ھەربىر سۈرەت ئۆتكەندە يۈرىكى يوغىناپ ئىچىگە سىغمايۋاتقاندەك، بەدىنى يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

* * *

جامائەت بامدات نامىزىدىن كېيىن، كۈندىكى ئادەتلىرى بويىچە ئىمامنىڭ تەپسىرىسىنى ئاڭلاشقا تەرەددۇتلىنىپ، بىر - بىرىگە يېقىن سىغدىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئوتتۇز يەتتە - ئوتتۇز سەككىز ياشلاردىكى قارا ساقاللىق ئىمامنىڭ چىرايىدىن بىرخىل خۇشخۇيلۇق چىقىپ تۇرسىمۇ، روزى - رامزاندا گۇناھى كەبىرنى ھەر ھالدا ئەپۇ قىلمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. جامائەت بۇ ياش ئىمامغا بەك ھۆرمەت قىلاتتى ۋە چوقۇناتتى. ياش تۇرۇپلا دىنىي ئىلىمدا كامال تاپقان بۇ ئاخۇنۇم ھەر كۈنى مەسچىتتىن ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، پەيغەمبەرنىڭ سادىق ئۈممەتلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى.

— جامائەت، — دەپ سۆز باشلىدى ئىمام، سەل كاكىراپ قالغان ئاۋازىنى ئوڭشاش ئۈچۈن كانىيىنى قىرىپ، — مەن ئاللادىن، بەندىلىرىنىڭ دىلىغا ئىمان، ئىنساپ - دىيانەت، خەلققە بەخت - سائادەت، يۇرتقا ئامانلىق تىلەشنى شۇ غاپىل ئۆزۈمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپەم دەپ بىلىمەن، — ئىمام سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ، ئۇزۇن قارا پەرىجىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن رەڭگى ئۆچۈپ، مۇقاۋىسىنىڭ گىرۋەكلىرى ھەرە چىشىدەك قىرچىلىپ كەتكەن بىر كىتابنى ئېچىپ، ھەر بەتنى ئۆرۈگەندە بىگىز بارمىقىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ ئېچىپ يۇرۇپ، بىر ھازادىن كېيىن ئۆزى ھازىر دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ مەزمۇنىنى تاپقاندەك، يېنىك بىر يۆتىلىپ قويۇپ، ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام شۇنداق ئېيتىدۇرلەركى ، بىرەر كىم شەيتاننىڭ ۋەس - ۋەسىسى بىلەن غاپىللىقتا ئوغرىلىق ، خىيانەت ، پارىخور- لۇق ، زىناھ - ھاراملار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، مۆمىن ، ئاق كۆڭۈل مىسكىنلەرگە چېقىلسا ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلسا ، بۇ ئېغىر گۇناھى كەبىرنى ئاللا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ ، سۇبھانالللا ، — ئىمامنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ، جامائەت ياقىلىرىنى تۇتۇپ تۇۋا - ئىستىغپار قىلىشتى . جامائەت ئوتتۇرىسىدا سىغدىلىپ ئول- تۇرغان ھاشىم بۇ سۆز گويا ئۆزى توغرىسىدا ئېيتىلغاندەك يۈرىكى «جىغ» قىلىپ يەر تېگىدىن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويدى .

— ئەگەرچەندە ، — ئىمام كىتابنى ئەرەب تىلى بويىچە بىر ھازا ئوقۇغاندىن كېيىن ، يەنە تەپسىر قىلىشقا باشلىدى ، — شۇل ئاجىز مىسكىن بەندە خورلۇق دەستىدىن ، ئاشۇ ئۆزىگە زىيان سالغۇچى مۇخلىسنىڭ شەرمەندە ھالىتىنى كۆرمەك بولسا ، ئول بەندە «ئىمامىلىرىم يىلىمى» نى پاك تاھارەت بىلەن «ئىبارا خۇدايا ، شۇل ئىبلىس مۇخلىسىنى كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، جاجىسىنى بەرگەيسەن» دەپ كۆيۈۋاتقان ئاتەشكە تاشلىسالەركى ، ئول خىيانەتكار ، دەرھال زۇۋانى تۇتۇلۇپ گېلىدىن تامچە سۇ ئۆتمەي ، پۇت - قولى شۇئان بەنتى - بېغىشلىرىدىن تارتىپ مۇنجۇ بولۇپ ، قولى تۇتماس ، پۇتى باسماس بولۇپ ، ياغاچتەك قۇرۇپ ، ساماندەك سارغىيىپ ، بىئەجەل ئۆلگەي ... تەڭرى جامالىنى مەڭگۇ كۆرەلمىگەي ...

ئىمامنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ، ھاشىمنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ ئۆپكىسى ئېغىزىغا تىقىلىپ ، ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى . ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەزايىدىن سوغۇق تەر چىقىپ ، خۇدىنى يوقاتقىلى ئازلا قالدى . ئۇ جامائەت ئارىسىدا سىزىلىپ رەسۋا بولۇپ قېلىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيتتى ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تېخىمۇ تىرىشاتتى . ئىمام كىتابنى قويىنىغا سېلىپ قويۇپ ، دۇئاغا قول

كۆتۈرۈپ بىرھازادىن كېيىن دۇئانى تاماملىدى :
— ھەممىزگە ئايانكى ، ئۇلۇغ روزا ـ رامزاندا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئابدۇرېشىت ئاخۇننىڭ ئوغلى ئابدۇراخماننى ئۆيلەش ئۈچۈن سېتىۋالغان ئىككى مىڭ سوملۇق تويلۇق ھەم ئۇنىئالغۇ ئۈچ كۈن ئەۋسىلىدىكى بىر كېچە ئوغرىلىنىپ كەتتى . ئەل ـ جامائەتنىڭ گۇمانچە ئوغرى يىراقتا ئەمەستەك .

«بىلىنىپ قالدىمۇ نېمە ؟ » ، ھاشىمنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . بىراق ، ھەربىر ئىش چاتاق ـ تە ، ئۇ يەنە ئۆزىنى كارىۋاتقا ئەسلىدىكىدەك ئوڭدا تاشلاپ ياتتى . ئۇ بايا مەسچىتتىمۇ شۇ خىيالدا بولغانىدى . بىراق ئۇ چاغدا قوپۇپ كەتسە تۇگەشكىنى شۇ ـ دە . ئۇنىڭ خىيالى يەنە ئاخىرىغا قاراپ ئۆزمەكتە .

— شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ، — دېدى ئىمام ، — ئېزىپ قېلىپ ئېلىپ سالغان ھەرقانداق مۇسۇلمان بەندە ئۇ ئالەمگە بىئەجەل ، بىئىمان كەتمەكلەركى ، جان تاتلىقمۇ ، پۇل ـ ۋەجمۇ ، ئەڭ مۇھىمى ئىمان . بۇنى ئوبدان ئويلاڭلار . ئويلىغاندا شەيتاننى رېجىمغا ئېلىپ ئويلاڭلار ، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىر تەرەپتە قايغۇ بىلەن قاراپ تۇرغان ئابدۇرېشىت ئاخۇننى ئىشارەت قىلىپ يېنىغا چاقىردى .

ئابدۇرېشىت ئاخۇن ئاتمىش بەش ياشلاردىكى سەل كوسىراق ، يۇمىلاق قىزىل يۈزلۈك ، چار ساقال كىشى ئىدى . ئۇ ئىمامئاخۇنۇمنىڭ ئىشارىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك ، كۆك پەشمىتىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن كىچىك بىر تۇگۇنچەكنى ئېلىپ ئىمامغا بەردى . ئىمام تۇگۇنچەكنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاچتى . ئۇنىڭ ئىچىدە راستىنلا سارغۇچ ، قوي مايىقىدەك ئۈچ تال يېلىم تۇراتتى . ئىمام بۇنى ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ كۆرسەتتى . ھاشىم بۇ ھايات «جەبرائىل» غا قاراشنى بەك ئېغىر كۆرسىمۇ ، بىر قاراپ قويماي بولمايدۇ ـ دە ، ئەنە ئاشۇ نەرسە

www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئوتقا تاشلانسا ھاشىمنىڭ تەقدىرى شۇئان شەرمەندە ھالدا ھەل بولىدۇ. ئۇ چىرايىدىن بىلىندۇرمەسكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ بەكمۇ گۇمانخور، ھېسسىياتچانلىشىپ كەتتى.

— مانا بۇنى، — دېدى ئابدۇرېشىت ئاخۇن ئىمام قايتۇرۇپ بەرگەن تۇگۇنچەكنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — ئاخۇنۇمنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن بىر يۈز توقسان سومغا سېتىۋالدىم، ئورنىنى دېمەيمەن. ئاشۇ ئوغرىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن، مەيلى قانچىلىك پۇلۇم كەتسە چىدايمەن، — دېدى كۆرەڭ ئاۋازدا غۇدۇراپ ۋە يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئىمامئاخۇنۇمنىڭ ھاي بېرىشى بىلەن كۈتۈپ، ئەگەر ئەتە ئەتىگەن ئوغرىلانغان نەرسە مۇشۇ مەسچىتتە پەيدا بولمىسا، ئوتقا تاشلىغىنىم تاشلىغان. ئەگەر جېنىڭ، ئىمانىڭ، ئائىلەڭ ۋە ئەۋلادىڭنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرۈشنى خالىمىساڭ، غىپپىدە مەسچىتكە ئەكېلىپ قويساڭ بولىدۇ.

ھاشىم تۇگۇلۈپ چاپىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سىرتتىن قارىغاندا دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

*　　*　　*

«قاۋان قۇم» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كەنت ئاساسەن، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ كەنتتىكى تۆت يۈزگە يېقىن ئائىلە تارقاقراق ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىرى كۈچلۈك، بوز توپراق، دېھقانلىرى ئىشچان ئىدى. قۇم باغرىدا ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئاشقۇدەك باغلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ كەنت دېھقانلىرىنىڭ ئۈزۈم تېلى قويمىغانلىرى يوق ئىدى. بۇ يەرگە يىراقتىن نەزەر سالىدىغان بولسا، قۇم دۆۋىسى ئىچىدىكى ياپيېشىل چىمەنزارلىق كىشىنىڭ زوقىنى

قوزغىماي قالمايتتى . بۇ خۇددى «ئۇستىدە قۇم تاغلىرى ، ئاستىدا گۇل باغلىرى» دېگەندەك ئىدى . بۇ يۇرت ئەڭ يىراق ، چەت يېزا بولغىنى بىلەن ، ئاشلىق ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ كانى ئىدى . دېھقانلارنىڭ قوتاندا چارۋىسى ، زاپاس ئېشى تولۇقى بىلەن تۇراتتى . بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ يۇرت تېخىمۇ مەمۇرچىلىق بولۇپ ، دېھقانلار بېيىشتا ئۆزلۈكىدىن بەسلىشىدىغان بولۇشتى . دەسلەپتە بىرى ئات سېتىۋېلىۋىدى ، ھەممىسى بىردىن ئېسىل ئات سېتىۋالدى . ئەتىگىنى ۋە ئاخشاملىرى بولسا يۇرتنىڭ شىمالىدىكى مال سۇغىرىدىغان چوڭ كۆلگە ئاتلىرىنى پىشىپ قويۇپ ، توپ بولۇشۇپ ئولتۇرۇپ ئاتلىرى توغرىسىدا قىزغىن سۆزلىشىپ كېتەتتى . كەچقۇرۇنلۇقى كۆل بويىدا قىزىق ھېكايە ئېيتىش ، دولان مەشرەپى قىزىپ كېتەتتى . قىش كۈنلىكى بولسا ئوغلاق تارتىشىشلار كەينى ـ كەينىدىن بولۇپ تۇراتتى ، ئەتىيازدىن بىرى قاۋانلىقلار بازارغا بارسىمۇ ئاتلىق ئەسكەرلەردەك سەپ تۈزۈپ مېڭىشاتتى . ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا دېھقانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاتتىن ئايرىلىپ ، موتسىكلىت ياكى قول تراكتورى سېتىۋېلىشتى .

قاۋانلىقلار ، بولۇپمۇ ياشلار ناھىيە بازىرىغا بېرىپ قالسا كىنو كۆرمەي قالمايتتى . شەرقىي مەھەللىدىكى داڭلىق قوغۇنچى ئابدۇرېشىتئاخۇننىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان مۇشۇ يېزىدىكى ياشلارنى ئالدى بىلەن كىنوغا قىزىقتۇرغانىدى . قاۋان يېزىسى ناھىيىگە يىراق بىر جاي بولغاچقا ، بۇ كەنت ياشلىرىنىڭ تولىسى مۇشۇ كەنت مەكتىپىدە باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپلا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ياكى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە بارمايتتى . بارسىمۇ ئۈچ ـ تۆت ئاي ياكى يېرىم يىلدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن مەكتەپتىن چېكىنىۋالاتتى . ئابدۇراخمان بولسا ، ناھىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ ئاندىن قايتىپ كەلدى . شۇڭا ئۇنى بۇ يېزىدا بىردىنبىر سەۋىيىلىك ياش دېيىشكە بولاتتى . مەكتەپتىكى قىزغىن كۆڭۈللۈك

تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ئابدۇراخمان يېزىغا كەلگەندىن كېيىن ، بىر نەرسە كەمدەك ، يەنى ھەر ئاخشىمى كۆرىدىغان كىنو بولمىسا بولمايدىغاندەك تۇيۇلدى . كەچ تەرەپلەردە كىتاب ئوقۇش ، رادىئو ئاڭلاش كۇپايە قىلمايدىغان ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش توغرىسىدىكى باش ئاغرىق سۆزلىرى قۇلاققا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «ياشلار تۇرمۇشى» پروگراممىسىدىن مەلۇم ناھىيىدىكى بىر دېھقان ياشنىڭ كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ ، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى ، كۆپ پۇل تاپقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ، دەرھال دادىسىغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئېيتتى .

— دادا ، بىزنىڭ بۇ مەھەللىدە كىشىلەر تۈگمەن چۆرۈدى ، ياغ زاۋۇتى ، پاختا زاۋۇتلىرى قۇردى . بىزمۇ بىر ئىش قىلساق بولاتتى .

— نېمە ئىش قىلىمىز ؟ دېگىنە قېنى ، — دېدى دادىسى ئۇنىڭ بىر خىل خۇشاللىق نۇرى چاقناپ تۇرغان چېھرىگە تىكىلىپ ، — سوپەك ئالدۇق ، شۇنى باشقۇرغاندىكىن بىزمۇ بىر ئىش قىلدۇق دېسەك شۇكۇر قىلغان بولىمىز .

— مېنىڭچە ، — دېدى ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ پەرۋاسىز كەيپىياتىغا نارازى بولۇپ ، — بىز بىر كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ كىنو قويساق ، تۈگمەنچى ، ياغچىلاردىن كىرىمىمىز ئېشىپ كېتىدۇ . يېرىم يولدا قالمايمىز ، يېرىم يىلدىلا كىنو ئاپپاراتى بىكارغا قالىدۇ .

— ھە ، ئۇ نەرسىنىڭ زۇۋانىنى سەن بىلەمسەن ؟ خىيالىڭغا كەلگەن گەپنى قىلىدىكەنسەن . ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماي ئولتۇر ، — دېدى دادىسى پاچىقىنى قاشلاپ .

— ناھىيىگە بېرىپ ئۆگەنسەم ، ئۈچ ئايغا قالماي ئۆگىنىۋالىمەن . ئەگەر سەن قوشۇلساڭ ، ئاغىنىلىرىمدىن پۇل

قەرز ئېلىپ بولسىمۇ كىنو ئاپپاراتى سېتىۋالىمەن، — دېدى ئابدۇراخمان زەردە بىلەن.
— ئاله، ئال، ئوغۇل بالىكەنسەن، پۇل تاپالىساڭ ئال، مېنىڭ ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشقا تەييارلاپ قويغان پۇلۇم يوق، — ئابدۇرېشىتئاخۇن زەردە بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.
ئابدۇراخمان بىر ئىشنى قىلىمەن دېسە ئۇنى ئالدىراپ رايىدىن قايتۇرغىلى بولمايدىغان، ئىرادىلىك يىگىت ئىدى. شۇڭا دادىسى بالىسىنىڭ قىلىمەن دېگىنىنى قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇ گېپى ئابدۇرېشىتئاخۇننىڭ كۆڭلىدە تازىمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشتەك قىلاتتى.
ئابدۇراخمان ئۆيدىن چىققانچە ئۇدۇل ساۋۇر سېكرېتارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سېكرېتار هويلىسىدىكى شىرداق سېلىنغان چوڭ كارىۋات ئۈستىدە قانداقتۇر بىر جەدۋەلنى ھەجىلەپ ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە يېرىم تۇكى چۈشۈپ پارقىراپ كەتكەن بېشىنى قاشلاپ قوياتتى. ئابدۇراخمان ئۇنىسىزلا كارىۋاتقا كېلىپ ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى. سېكرېتار جەدۋەلدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بېشىنى ئابدۇراخمان تەرەپكە بۇراپلا:
— ھە ئاغىنە، چىرايىڭلار غورا يېگەن تازدەك بولۇپ قاپتىغۇ؟ ھەجەرخان دېگەن يەرگە كەلمەيۋاتامدۇ؟ — دېدى.
سېكرېتارنىڭ چاقچىقى ئۆزىگە قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ قانداق، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. خاپىلىقتا خۇيى تۇتۇپ قالغان ئابدۇراخمان سېكرېتارنىڭ قىزىقچىلىقى بىلەن تەڭ كۆڭلى شادلاندى ۋە ئۆزىنىڭ پىلانىنى، دادىسى بىلەن بولۇنغان گەپلەرنى سېكرېتارغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپ سېكرېتارنى گولدەك ئېچىلدۇرۇۋەتتى. ئۇ ئادەتتە خۇش پېئىل، ئويۇن - چاقچاققا ئامراق قىزىقچى ئادەم ئىدى. ئۇ ئابدۇراخمانغا بەكمۇ ئامراق بولۇپ، سىرداش دوستى بىلەتتى ھەم بەك چاقچاق قىلىشاتتى. يېزىغا يوللايدىغان دوكلات ماتېرىياللىرىنى تەييارلاشتا

سېكرېتار ئابدۇراخمانغا ھاجەتمەن ئىدى . ئۇمۇجان ـ دىلى بىلەن ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلايتتى .

— ۋاي ـ ۋۇي ، بۇ ئىشنى كۆرۈڭ ، مانا مۇشۇ چاقماق سىزنىڭ قا باي ئائىلە ، كەسپىي ئائىلە دېگەن تۇر بويىچە تولدۇرسىڭىز دەپ بۇيرۇۋىدى ، بىر سائەت بولدى ھېچ نەرسە قىلالمىدىم . ئەتە ئەتىگەندە ئېلىپ بارماقچىدىم . بۇرۇن كەمبەغەلنى تولدۇرۇپلا ھەر گرافىغا يوق دەپ سىزىپ قويسام ئىش تاماملىناتتى . ئەمدى ھۆكۈمەت كەمبەغەلدىن زېرىكتى ··· ئەمدى سېنىڭ گېپىڭگە نۆۋەت كەلدى . يېزىلىق ھۆكۈمەت يېقىندا چوڭ كىنو ئاپپارات سېتىۋالدى . كىچىكتىنمۇ بىرنى قوشۇپ سېتىپ بېرىپتىكەن . ئۇنى ساتماقچى بولۇۋاتىدۇ . مېنىڭچە سەن ئالساڭ بولىدۇ . كەنتنىڭ چوڭ يىغىن زالى كىنو قويۇشقا تازا باب كېلىدۇ . پەقەت زال ھەققى تۆلىسەڭ بولىدۇ . جوزىسىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ . پۇلنىڭ كارى چاغلىق ، كېيىن بەرسەڭمۇ بولىدۇ . ئەگەر ئۇنىمىسا پۇل دېگەن مەندە بار . بېيىماقچى بولغانلار كۆپرەك چىقسا ياخشى . سەن بىر يېڭىلىق ياراتقىن . سەن ئۆگىنىۋالغۇچە يېزا كىنوخانىسىدىن بىرى بۇ يەرگە كېلىدۇ . يېزىلىق ھۆكۈمەت ھازىر سەندەك بىر ياشنىڭ چىقىشىغا مەدەت بېرىدۇ . چۈنكى يېقىندا ناھىيە بىزنى باي ۋە كەسپىي ئائىلىنى قوللىمىدى دەپ تەنقىدلىدى . ناھىيە قوشۇلسىلا بولغىنى .

سېكرېتارنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن ئابدۇراخمان خۇشاللىقىدىن سەكرىۋېتىشكە تاسلا قالدى .

ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى تەدبىرگە باغلىق ئوخشايدۇ . مانا ئابدۇراخماننىڭ كىنو ئاپپاراتى سېتىۋالغىنىغا بىر يىلچە بولدى . ئۇ ھازىر يېتىشكەن كىنوچى بولۇپ قالدى . دادىسى ئابدۇرېشىتئاخۇن شاراقلاپ كىرىۋاتقان كىرىمدىن كىنونى «پۇل زاۋۇتى» دەۋالدى ھەم ئابدۇراخماننى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن بىر بۆلەك تويلۇق كىيىم ۋە كىنوغا كەملىك قىلىۋاتقان بىر ئۈنئالغۇ



www.uygburkitap.com

سىتىۋالدى . لېكىن ، تېخى ئۈچ كۈن بولماي تۇرۇپ ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك بىر ۋەقە يۈز بەردى .

ئابدۇرېشىتئاخۇن ئابدۇراخماننى ئۆيلەش ئۈچۈن ، قۇدا بولغۇچى بىلەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن بولىدىغان روزا ھېيتتىن كېيىن تويلىشىشقا قارار قىلىشقانىدى . ئۆيلىمىغان يەردىن ، ئەتە تويلۇق تاشلايمىز دېگەن كېچىسى بىر مىڭ بەش يۈز سوملۇق كىيىم ـ كېچەك ، تويدا قويۇلىدىغان رەخت ، يېقىندىلا سېتىۋالغان تۆت يۈز سەكسەن سوملۇق قوش كانايلىق ئۈنئالغۇنى ئوغرى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇرېشىتئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئۆيدىكىلەر ھويلىسىدىكى چوڭ سۇپىدا يېتىپتۇ . ئوغرى بولسا ئۆينىڭ ئارقىسىدىن تېشىپتۇ . ئادەمنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىدىغىنى ، بۇ نەس ئوغرى تەشكەن كامار ئالدىغا تازا كەلتۇرۇپ تاھارەت سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ . ئابدۇرېشىتئاخۇن ئوغرىنىڭ بۇ مەسخىرىسىدىن بەكمۇ تېرىكتى . ساقچى چاقىرىش ئۈچۈن يېزىغا ئادەم ئەۋەتتى . ساقچى ھەرقانچە ئىزدىسىمۇ ، ئوغرىنىڭ قاياققا قاچقانلىقىنى بىلەلمىدى . ئابدۇرېشىتئاخۇن ئۆزىنىڭ ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ شۇنچە قاتتىق ئۇخلاپ قالغىنىغا كايىپ كەتتى . بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئىتىنىڭ «ھاۋ» قىلىپ قاۋاپ سالمىغىنىغا ئىتنى بىرمۇنچە ئۇرۇپ ، دەردىنى چىقارماقچى بولدى . شۇ چاغدا ئىمام ئۇنى توسۇۋالدى . ئابدۇرېشىتئاخۇن ئىمام بىلەن زورىغا كۆلۈمسىرەپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ، ئوغرى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى :

— ئۇلۇغ ئاي ، ئۇلۇغ كۈنلەردە ، بۇ تازىمۇ بەتبەختلىك ، بۇ بەتبەخت تازىمۇ ھىيلىگەركەن ، — دېدى ئىمام سۇرلۇك تەلەپپۇزدا . ئاندىن ئابدۇرېشىتئاخۇننى خالىي ئۆيگە باشلاپ كىردى ـ دە ، ئىماملىرىمنىڭ يىلىمىنىڭ ھېكمىتىنى بىر ھازا سۆزلەپ ، خۇراپاتلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدە قۇل بولۇپ قالغان ئاتمىش بەش ياشلىق ئابدۇرېشىتئاخۇنغا تېخى يۈز ـ خاتىر قىلغان ھەم ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

باشقا ئادەم بولسا ھەرگىز بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىدىن ئالغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق شەرتى بىلەن، ئابدۇرېشىتاخۇنغا چاشقان مايىقىدەك ئۈچ تال يىلمىنى بىر يۈز توقسان سومغا بەرگەنىدى.

* * *

ۋەقە ئەنە شۇنداق ئىدى.

— ئىماملىرىمىنىڭ يىلمى توغرىسىدا سۆزلىگىلى بۇگۈن توپتوغرا ئۈچ كۈن بولدى، — دېدى ئابدۇرېشىتئاخۇن مەسچىتتىن يېنىپ چىقىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، ئوغرى تېخىچە نەرسىلەرنى مەسچىتكە تاشلاپ قويمىدى. ئابدۇرېشىتئاخۇننىڭ ئوغرىغا بەكلا ئۆچلۈكى كەلدى. ئەگەر تاشلىغۇسى بولسا، ئۆلۈمدىن قورققان بولسا بۇ كەمگىچە تاشلىغان بولاتتى. مېنىڭچە ئوغرى بۇ يېقىندا بولمىسا كېرەك. ئاڭلىغان بولسا بۇ چاغقىچە تاشلايتتى ...

راست، ئۇ كەچكىچە ئەنە شۇنداق خىياللار ئىچىدە بىر قارارغا كېلەلمەي، كۈننى كەچ قىلىۋەتتى. ئۇ شام نامىزىنى ئۆيدىلا ئوقۇپ، كاللىسى قىزىغان ھالدا سىرتقا چىقتى. ئالا ئىت بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ تۈۋىگە تاھارەت قىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇرېشتاخۇن ھېلىقى ئوغرى تەشكەن كامار ئالدىدىكى ئوغرى سۇندۇرۇپ قويغان تاھارەت ئېسىگە كەلدى - دە، ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئىتنى ھەيدىۋېتىپ، ئۆيگە كىرگەن پېتى تۈگۈنچەكنى ئالدى - دە، ئوچاقتا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپلا: «ئىبارا، ئاللاتائالا مۇشۇ بوي بېرىپ، مەندەك مۆمىن بەندىنىڭ ھالال مېھنىتىمگە خىيانەت قىلغان مۇخلىسىنىڭ پۇت - قولىدىن ئالغايسەن، مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە، شول نىجىسنى شەرمەندە ھالدا كۆزۈمگە كۆرسەتكەيسەن. ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېدى. ئۇ دۇئانى تۈگىتىپ،

پىژىلداپ بىر خىل سىسىق بۇس چىقىۋاتقان يېلىمغا ۋە ئۇنى كۆيدۇرۇۋاتقان ئوتقا قارىغانچە قېتىپ قالدى. ئۇنى سەل تەر باسقاندەك قىلاتتى.

*　　*　　*

كەچ كىرگەنسېرى ھاشىمنىڭ كۆزىگە ھەرخىل غەلىتە نەرسىلەر ئۆي ئىچىدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ تېخى بايىلا بىر چۈش كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ چۈشىدە: ئابدۇرېشىتئاخۇن ھاشىمنىڭ ئۆز نەرسىلىرىنى ئوغرىلىۋالغىنىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىراۋاتقۇدەك، ئەتراپىدا پۈتكۈل ئەل ـ جامائەت ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن ھەممىسى مۇشت تەڭلەۋاتقۇدەك، ساقچىلار ئۇلارنى ھەدەپ توسۇۋاتقۇدەك. شۇ ئارىدا، بىر قىمارۋاز «ھەي ھاشىم سەن ماڭا ھەممە نەرسەڭنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ كىنوچى ئابدۇراخماننىڭ ئۇنئالغۇسىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىقىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنغۇ؟ قېنى! ياكى پۇلنى بەر ياكى ئۇنئالغۇنى، بولمىسا مۇنۇ پىچاق بىلەن تېرەڭنى سويىمەن...» دېگۈدەك. شۇ ئەسنادا ئابدۇرېشىتئاخۇن ئىمامىلىرىمنىڭ يېلىمىنى ئوتقا تاشلىدى. شۇئان پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ، زۇۋانى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ ئورنىغا تاھارەت قىلىپ ياتقۇدەك، خوتۇنى بولسا ئۇنى تىللاپ ھاقارەتلەپ «يا ئۆلۈپ تۈگەشمەيسەن، مۇردا بولۇپ يېتىپ» دەۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئېغىزىنى كېرىپ قىزىق ئاشنى سۇ قۇيغاندەك قۇيۇۋاتقۇدەك. كانىيى قورۇلۇپ كۆيۈپ قالغۇدەك. شۇ ئەسنادا، خوتۇنى بىردىنلا قانات چىقىرىپ جەبرائىلغا ئايلانغانمىش. ئۇ ھاشىمنىڭ جېنىنى ئېلىپ دوزاخقا ئېلىپ ماڭغانمىش، ئۇ دۇنيادا ئۇنى ئىككى جاللات دوزاخقا سۆرەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغان قىزى جەننەتتە تۇرۇپ «ھۇ مۇناپىق، سەن مېنىڭ دادام ئەمەس. سەن مېنى ناھەق ھالدا ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر

www.uyghurkitap.com

قىلغان . سەن مېنى قىمارۋازغا بېرىمەن دەپ ، ئۆز يىگىتىمگە تېگىشكە قويمىغان . دوزاختا چۆچۈلە بول» دەۋاتقۇدەك . ئۇ مەجبۇرەن سۆرەپ كېلىنىپ دوزاخقا تاشلانغانمىش ، بىر ياۋايى هايۋان دەهشەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەنمىش .

هاشىم ئېچىنىشلىق بىر ۋارقىراپلا ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ سەل قاراڭغۇ چۆشكەندە ، نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ كېلىپ ، مەسچىتكە قەتئىي ئاپىرىپ قويۇش قارارىغا كەلدى .

*　　　*　　　*

ئەتىسى ئابدۇرېشىتئاخۇن ئوغرىلانغان ماللىرىنى مەسچىتتىن ساق - سالامەت ئالدى . ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى . ئىمام بولسا تەكەببۇرانە هالدا ئۆز كارامىتىدىن مەغرۇر سۆزلىمەكتە . لېكىن ئابدۇرېشىتئاخۇن ئۆزىنىڭ ئالدىراپ ئىماملىرىم يېلىمىنى ئوتقا سالغىنىغا بەكلا ئېچىندى . ئوتقا سالغىنىنى هېچكىم بىلمەيدۇ . يەنە ئىككى كۈندە بىچارە ئوغرى ئېچىنىشلىق هالدا قالىدۇ . ئىمام ئابدۇرېشىتئاخۇندىن «ئىماملىرىم يېلىمى باردۇ ؟» دەپ سورىدى .

— ياق ، — ئابدۇرېشىتاخۇن گەپنى دەپلا قېتىپ قالدى .

— هە ؟ ! — ئىمامئاخۇنۇم ۋارقىرىۋەتتى ، — ئوتقا سالدىلىمۇ ؟ — ئابدۇرېشىتئاخۇن ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى . لېكىن هاشىم بۈگۈن مەسچىتتە بولمىغىنى ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىدى . پۈتكۈل جامائەت بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى .

ئۈچ كۈن ئۆتتى ، ئوتتۇز كۈن ئۆتتى . هەممە كىشى بۇ يۇرتتا بىر - بىرىگە كۆز - قۇلاق بولغان بولسىمۇ ، هېچكىم ، جۈملىدىن هاشىم هېچنېمە بولمىدى . ئۇ قەتئىي قىمار ئوينىماسلىققا ، ئوغرىلىق قىلماسلىققا نىيەت قىلدى . ئەمەلىيەتتە ، ئوغرىنىڭ كىملىكىنى هېچكىم بىلمىدى . ئىمام بۇ ئىش توغرىسىدا هېچ ئېغىز

ئاچماي ، ھەتتا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك يۈرىۋەردى . لېكىن ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ يۇرتتىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى . چۈنكى ، ئابدۇرېشىتئاخۇن «ئىماملىرىم يېلىمى» دەپ ئۆزىنىڭ بىر يۈز توقسان سوم پۇلىنى ئىمامنىڭ ئېلىۋالغانلىقىنى ، ئەمەلىيەتتە يالغان ئىكەنلىكىنى ، لېكىن ئوغرىلانغان نەرسىلىرىنىڭ تېپىلىپ قالغىنىغا خۇش ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ ھازىر ئاشۇ ئىمامنى ئوغرىمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتقانلىقىنى پۈتۈن يۇرتقا يېيىۋەتكەندى …



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# گىلاس لەۋ

كۆرۈشمىگىلى مانا ساق سەككىز يىل بولغان ساۋاقدىشىم بىلەن بۈگۈن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەگەر مەن يادلاپ كېلىۋاتقان گىلاس لەۋ كۆزۈمگە چوغدەك كۆرۈنمىگەن بولسا مەن ئۇنى ھەرگىز تونۇماس ئىدىم. ئۇ سەمرىپ ئەتلىك ئايالغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن كۆيگەن كۆزلىرىنى قارامتۇل قوڭۇر كۆز ئەينەك توسۇپتۇ. قوشۇقتەك ئورۇق يۈزلىرىگە ئەت قونۇپ سەمرىپ قاپتۇ. ياسىنىشلىرىمۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن ھالقىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە يىراقتىنلا قاراپ تۇرغىنىمنى پەقەت ياقتۇرمىدى بولغاي، كۆرمىگەندەك ماڭدى. چۈنكى مېنىڭ ئېغىزىمدىمۇ ھوردىغان مۇز دانىچىلىرى قېتىپ قالغان ماسكا بار ئىدى.

— گىلاس لەۋلىرىدىن ئۆرگىلەي، — مەكتەپتىكى كونا تىلىمىز بويىچە ئۇ يېنىمدىن ئۆتۈۋاتقاندا پەس ئاۋازدا دېدىم.

ئۇ شاپپىدە توختاپلا قارىدى. مەنمۇ ماسكىنى ئېلىۋېتىشكە ئۈلگۈرگەنىدىم.

— ۋۇي ئىلھام تۇران، تىنچلىقمۇ سەن، نەدىتتىڭ شەيتان ھارامزادە، سالامەتمۇ سەن؟

— مانا قاراپ باقە، قانداق تۇرۇپتىمەن، ماڭساڭ كونا مېڭىشىڭ بويىچە ماڭىدىكەنسەن، مېڭىشىڭ بىلەن لېۋىڭدىن تونۇۋالدىم ـ دە، ئۆزۈڭمۇ سالامەتمۇ؟

— سالامەت ، ۋاي خۇدايىم ، سەت قورساق سىلىپ سەمرىپ كەتكىنىڭنى ، يۇزۇڭنىڭ تېرىسىمۇ يېتىشمەي قاپتۇ . يەنە ، شۇ كوسىلىقىڭ ئۆزگەرمەپتۇ . ساڭا ساقالمۇ چىقمايدىغان ئوخشايدۇ . ئاناڭ قۇرۇق ئۇندا ئاش ئېتىپ باققان بولغىيمىتتى سېنى ، قانداق ، بالىلىرىڭ سالامەتمۇ ؟

— سالامەت ئەلۋەتتە ، بىز تېخى بالا تۇرساق ساقال دېگەن سەندەك قېرىغاندا چىقامدۇ .

— ها ... ها ... ها ! ۋاي سەن قېرى كۆسەينىڭ قىلغان گەپلىرىڭنى قارا . بەك توڭۇپ كەتتىم ، هازىرلا ئايروپىلاندىن چۈشۈشۈم .

— يۇرە ئەمىسە ئىسسىتىپ قوياي ، دېمىسىمۇ كۆكىرىپ كەتكەندەك تۇرىسەن .

ئۇنىڭ قولىدىكى خورما رەڭ سەپەر چامادانىنى ئالدىم . بازار ئارىلاپ ئادەم ئازراق بىر كىچىك ئاشخانىغا كىردۇق . بىز كىرىشىمىزگە ئاتمىش ياشلاردىكى تۇكۇچ ساقال خوجايىن بىلەن ئون بەش ياشلاردىكى قارامتۇل ، يۇزلىرى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن بالا تەڭلا كۇتۇۋالدى .

— كەلسىلە ، مېهمانلار .

— نېمە تاماق بار ؟

بالا قاشلىرىنى ئېگىز كۆتۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— هەممىسى بار ، چۆچۇرە ، ئاش مانتا ، لەڭمەن ، سومەن ، خۇيمەن ، شورپا .

بىز گەپنى ئاڭلىغاچ تارچىلىقتا قىستىلىپ يۇرۇپ جايلاشتۇق . بىز ئولتۇرۇشىمىزغا چاي ئېچىپ تەرلىشىپ ئولتۇرغان ئىككى ياش دەرهال چىقىپ كەتتى .

— هە نېمە يەيسەن ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن .

— سەن دە ، ماڭا نېمە بولسا بولىۋېرىدۇ ، — دېدى ئۇ كولكە تۆكۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ .

— ۋاي هالىڭ ئۇستۇن ، تاماق يارىماس تاۋى نازۇكنىڭ ، —

گېپىمنىڭ ئايىغى تۈگىمەستىنلا ئاشپەز بوۋاي چاي قۇيغاچ گەپكە ئارىلاشتى .

— ھەممىسى خۇدا بەندىلىرىگە بەرگەن نېمەتلەر ، يارىماس دېسە يامان بولىدۇ بالام ، كۆپۈرلۈق بولىدۇ . سىلەر ياشلار جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى كۆرمىگەن . ھەممىسى خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ئوخشاش ئېسىل نېمەتلىرى …

ئۇ تەڭلىگەن چاينى ئالغاچ ھەر ئىككىمىز زۇۋان سۈرەلمەي خىجىل بولغان ھالدا كۆز قىسىشۋالدۇق .

— ھە ، گەپ قىلمامسەن ؟ — دېدىم مەن پىيالىدىكى چاينى پۈۋلەپ تۇرۇپ .

— ئۇ نازۇكلۇقىمىز ئەمدى ئۇن تاغنىڭ ئۇياقىغا كەتتى . تۈگمەن مىجەز بولۇپ قالدۇق ، سەن دېمىسەڭ سېنىڭ ئامراق تاماقىڭنى مەن دەي . ئاش مانتىدىن ئىككى تەخسە بەرسىلە .

— پۈتۈنمۇ ؟

— ھەئە .

— ياق ، مەن يېرىمىنى يەيمەن ، مېنىڭ قورسىقىم بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش ، ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق ، — دېدى خۇرشىدە نازلىق ئالىيىپ .

— ھا … ھا … ھا … ئەپتىڭگە قاراپ ئۆزگەردىمىكىن دەپتىمەن .

— ئۇنداقتىمىزە ، سەن جىق يەپ سەمرىگەن ئوخشايسەن .

— چېقىشۋالدىڭ ـ دە ، گىلاس لەۋ .

تاماق كەلتۈرۈلدى .

— ھەي راست ، ئاشۇ گۈلباھار بىلەن توي قىلدى دەپ ئاڭلىغىنىم راستما ؟

— ھەئە ، قانداق ، ئىشەنمەيۋاتامسەن ؟ — دېدىم مەن ئاش مانتىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ .

— ھەي تۇۋا ، رىزقى ـ پېشانە دېگەنگە ئىشەنسە بولغۇدەك ، — ياقىسىنى تۇتقان بولۇپ ئالايدى خۇرشىدە .



www.uyghurkitap.com

— نېمىگە توۋا دەيسەن ، سەنمۇ بىر سېرىق بىلەن توي قىلمىۋاپسەن .
— شۇ چاغلاردا سەن ئۇنى ئانچە ياراتمايتتىڭ ، شۇنداقمۇ ؟
— كېيىن ياراتسام نېمە بوپتۇ ، سەن ياراتمىغاندىكىن .
— يوغان ئىش بوپتۇ ، — يەنە ئالايدى خۇرشىدە ، — ھەي چاقچاق قىلماي راست گەپ قىلساڭچۇ ، ئۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىپ توي قىلىپ قالدىڭ ؟
— بىر ئىدارىگە كىرىپ قالدۇق ، قالغىنىنى ئىدارىدىكىلەر ۋاي ساۋاقداشكەنسىلەرەي ، ئاقىلەي - كۆكىلەي دەپ چېتىپ قويىمىدۇ .
— ھە ! سەنمۇ ، ئۇمۇ گېزىتخانىدىما ؟
— ئەلۋەتتە ، قانداق كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ ؟
— نېمە ئىش قىلىدۇ ؟
— ماڭا ئوخشاش مۇھەررىر .
— ۋاي خۇدايىم ، شۇ گۈلباھار مۇھەررىر بولدى ؟ مەن باش لىڭشىتتىم . ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى .
— مەكتەپ باشقا دۇنيا ، جەمئىيەت باشقا دۇنيا - دە ، بۇ كۆرگۈلۈكنى ، ھە مۇناسىۋەتىڭلار قانداق ؟
— ناھايىتى ئوبدان ، گۈلباھارنى ھازىر كۆرۈپ باقە ، بۇرۇنقى گۈلباھار شۇ دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيسەن ، ھازىر ئۇ باشقا بىر دۇنيا ، گەپدان بولۇپ كەتتى . مىسمىسلىقى مەكتەپتىلا قاپتىكەن ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى كارامەت چاققان دەيمەن .
— توي قىلىسىغۇ قىزلار ئاسانلا ئۆزگىرىدىكەن . ھەم ، ھەرقانچە ئۆزگەرگەن بىلەن ھەم قارا ، ھەم سەتلىكى ئۆزگەرمىگەندۇ تايىنلىق .
— ئاقىرىپ ، چىرايلىقلىشىپ رەڭ تۇزەپ قالدى .
— مەندىن چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟
— چىرايلىق بولۇپ كەتمەي ئەمىسە .
— ساڭا تېگىپ پەرىزاتقا ئايلىنىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ،

داڭلاپ كېتىشلىرىنى تېخى .

— سەت قىز بالا چىرايلىق يىگىتكە تەگسە يۇقىدىغان ئوخشايدۇ .

— ئاتە پورۇڭنى ھە .

خۇرشىدە گىلاس لەۋلىرىنى پۈرۈپ ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قويدى .

— بالاڭلار بولدىما ؟

— بولمامتىكى .

— ھەي پوچى ، قانچە ؟

— قانچە بولاتتى ، بىر بولدى .

— قىزمۇ ، ئوغۇل ؟

— قىز .

خۇرشىدەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

— ئىسمىنى نېمە قويدۇڭلار ؟

— خۇرشىدە .

— ماڭە نېرى ، چاقچاق قىلماي ، — خۇرشىدەنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ ، كۆزىگە ياللىدە بىر ھەسرەت ئۇچقۇنى چاچراپ يەنە يوقالدى .

— راست ، خۇرشىدە قويدۇق .

— گۈلباھار ئۇنىدىما ؟

— بىر - بىرىمىزنىڭ كېپىنى يىرىپ باقمىدۇق ، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە دەيتتى . مەن يەنىلا ئۇنىڭ تۇرسام .

— ئىشەنمەيمەن ، ھېچبولمىسا خۇرشىدە قويمىز دېسەڭ قاپىقى تۈرۈلگەندۇ ؟

— ئۇنچىلىك بولىدۇ - دە ، دادام ، ئاچام ، ئۇنىڭ ئاپىسى ، دادىسى داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغاندۇق . قېرىلار : بىز ئات قويۇپ بەرسەك سىلەرگە يارىمايدۇ ، سىلەر دەڭلار ، بىز ئەزان چىللاپ بېرەيلى ، دېدى . مەن ئۇنىڭغا بالىمىز قىزكەن ، ھازىر سىز دەڭ ، ئوغۇل تۇغۇلغاندا مەن دەي دېسەم ، ئۇ كۈلۈپ كەتتى .

ئېغىزىمدا شۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلۇمدە ئۇ ئۆزى بىلگەنچە ئات قويۇۋالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ تۇرسام ، ئۇ : سىز دادىسى بولغاندىكىن سىز دەڭ ، دېدى . چوڭلارمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى . شۇنىڭ بىلەن مەن : خۇرشىدەم بولسۇن ، دېيىشىم بىلەن تەڭلا لاپ قىلىپ شۇنداق تېز قارىدىكى ، تېنىم جۇغ قىلىپ قالدى . چوڭلار ۋاي بەلەن ئات بولدى ، چىرايلىق ئاتنى تاپتى ، دېيىشىپ كەتتى . ئەممازە ، ئۇ بىر مىنۇتچە بالىغا قاراپ جىم تۇرۇپ قالدى . شۇ چاغدا يۈرىكىم سىيلىپ ، تېنىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى . قارىسام بىر كەمدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ، كۈلۈمسىرەپ : مەنمۇ شۇنى ئويلىغان دېمەمدا ، بارغانچە بېرىپ شۇ يەردىلا قۇچاقلاپ سۆيگۈم كېپكەتتى ، دېگىنە .

— سەتلىكىنى ، كونا قېلىنلىقنىڭ قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ . تۇۋا ، گۇلباھارنىڭ ئورنىدا مەن بولىدىغان بولسام شۇ يەردىلا رەسۋا قىلىۋېتەتتىم سەندەك ئادەمنى ، بالا قايسىڭلارغا ئوخشايدۇ ؟

— ماڭا ئوخشايدۇ ـ دە ، ئەلۋەتتە .

— ئىسىت ئوغلۇم بولغان بولسا چوقۇم ئەپبەرمەي قويمايتتىم . مەن گۇلباھار بولۇپ قالسام خۇرشىدە دېگەن ئىسمنى قىزىمغا قويۇش ئەمەس ، ئېغىزىڭدىن ئاڭلىساملا يۈزۈڭگە تۈكۈرەتتىم .

— ياپىر ، سېنى ئېلىشتىن خۇدا ساقلاپ خېلى ئادىل ئىش قىپتىكەن ـ دە .

— ئادەمنىڭ ئەسكىسىمۇ بەزىدە ئېزىپ ـ تېزىپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ سالىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— ھە ئەمدى گەپ سوراش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندۇ ؟ ئۆزۈڭ نەدىن كېلىۋاتىسەن ؟ قارىمايدىنمۇ ، قەشقەردىنمۇ ؟ ئەگەر قەشقەردىن كەلگەن بولساڭ ھازىرلا ، مەشەدە مەكتەپتىكىدەك ئوڭدا يېتىپ ، ئېغىزىمغا ئانار سۈيى تېمىتقىلى سالاتتىم سېنى ، قەشقەرنىڭ ئانىرىنى بەك سېغىندىم دېگىنە .

— ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدىمۇ جىقكەن ، ئېلىپ گۇلباھارغا سىقتۇرساڭ بولمامدۇ ؟

— غەرەز ئۇقمايسەن ـ دە، سىنى سىناپ باقتىم، قەيەردىن كەلدىڭ؟ تېزرەك گەپ قىلە.

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ. سەن كاززاپ ئەمدى مېنى ئالدىيالمايسەن، قەشقەردىن كەلدىم، قانداق؟ ساڭا ئانار سىقىپ بېرىدىغان قولۇمنىڭ چولىسى يوق.

— سىنىڭ بالاڭ قانچە بولدى؟

— بىرى بولغان، ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن بولمىدىما؟

خۇرشىدە چايناشتىن توختاپ بىر مانتىنى چۈۋۈپ چوكا بىلەن ئاشقا ئىبلەشتۈرگەچ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ بىردەم جىمىپ قالغاندىن كېيىن:

— تېخى يەنە بولغۇدەكمىش … بوپقالار كېيىنچە، — دېدى.

— ياغ چاپان، سېرىق ئاسلان بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋاتىدىغانسەن؟

— بۇ گېپىڭ بەك ساۋاتسىز بىر بەندىنىڭ گېپى بولۇپ قالدى. ئىلھام سەن ھېسسىياتقا ھۆرمەت قىلىشنىڭ جارچىسى ئەمەسمىدىڭ؟ خەقنى تىللاپ نېمە پايدا ئالىسەن، بۇغۇ يۈرىكىڭدىكى سەممىي گېپىڭ بولدى. قانداق قىلغۇلۇق، سەن مېنى ياخشى كۆرىسەن، بىراق مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

ھەر ئىككىمىز قىزىرىپ كەتتۇق. مەن جىمىپ قالدىم، بىرئاز جىمجىت تاماق يېيىشكەندىن كېيىن يەنە جانلىنىپ قالدۇق.

— جاھان دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، — دەپ گەپ باشلىدى خۇرشىدە ئېغىر تىنىپ، — ساڭا قىسقىچە ئەھۋالىمنى دەپ بېرەي. ھېچبولمىسا دەردىڭ چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. خەۋىرىڭ بار، شۇ ئالتۇن چاچ ئەسئەتنى دەپ ئۇرۇمچىدىمۇ قالماي، قەشقەرگىمۇ كەتمەي قارىمايغا تەلەپ قىلىپ باردىم. قايسى ئاي، قايسى كۈنلۈكتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. جەرەنبۇلاقتا ئۆي تۇتتۇق، سەن بارمىغاندىن كېيىن بىلمەيسەن. قارىماي، جەرەنبۇلاق دېگەن ھازىر ئاجايىپ ئوبدان شەھەر بولۇپ

كەتتى. ناۋادا، شۇ يەرگە بېرىپ قالساڭ تۇپرىقنىڭ قانچىلىك مۇنبەتلىكىنى، ماي ساقىپ تۇرىدىغان ئېسىل تۇپراق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئەسئەت بۇرغا ئەترىتىدە ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چەتئەلدىن كەلگەن، ئەسئەتتىنمۇ بەتتەر سېرىق چاچلىقلار بار. ئىككى يىل تازا كۆڭۈللۈك ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇشتۇق. ئۇلارنىڭ ئىسمىنا ئالمىشىشى قىزىق، ئون بەش كۈندە بىر قېتىم دېگىنە. ئون بەش كۈن تالاغا بىر چىقىپ كەتسە، شۇ ئون بەش كۈننى ئۆتكۈزمەكنىڭ تەسلىكى، تانىسىغا بارىسەن، باشقىلار بىلىكىڭدىن تۇتىدۇ، كۆزۈڭگە قارايدۇ، تىلىنى چاكىلدىتىپ گەپ تاشلايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ زېرىكىسەن، تېلېۋىزورمۇ، باشقا ئىشلارمۇ زادىلا كۆڭۈلگە ياقمايدۇ. ئامالسىز كۈن سانىماقتىن باشقا ئامال يوق. ئاشۇ ئون بەش كۈننى ئۆتكۈزمەكنىڭ تەسلىكى. ئەمما تۇرمۇشمۇ تازا كۆڭۈللۈك، خۇددى تويدىن كېيىنكى شېرىن ئايدەك لەززەتلىك، بىر - بىرىگە قەدىرلىك بولىدىكەن. ئون بەش كۈن توشۇپ ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ۋىيەي، شۇ ئون بەش كۈنگىچە مايغا، چاڭ - توزانغا مىلىنىپ، بوراندا سوقۇلۇپ، يامغۇرغا چىلىنىپ، مۇشۇكتەكلا چالا - بۇلا يۇزىنى يۇيۇپ، بىرلىك كىر ئاستىدا كېلىدۇ دېگىنە. بىر قانچە توقاچ سوپۇن ئىشلىتىپ ئاندىن ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇنداق لەززەت ئىككى يىل داۋاملاشتى. ئىككى يىلدىن كېيىن قەشقەرگە ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە تۇغقىلى كەتتىم. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەترىتى شەيتانكىرىشكە كەتكەنىدى، ئۇ يەرنى ئالۋاستى شەھىرى دەپمۇ ئاتايدۇ. قارىساڭ ھەقىقەتەن قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ ئۆزى، سېپىل خۇددى ئاتلىق ئەسكەرلەر ياكى ئەجدىھا شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. ئۇ يەرگە بارساڭ چۆچەكلەردىكى دىۋىلەر پادىشاھلىقىغا كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىسەن. بۇنداق غەلىتە شەكىللەر بەك كۆپ، بەك قويۇق، ئۇنى شامال، يامغۇر يالاپ ئاشۇنداق شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويغان دېيىشىدىكەن. كېچىسى بەك قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىدۇ. ھېلى چىرقىراپ يىغلاۋاتقاندەك، ھېلى قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك، ھېلى

گۈلدۈرلەپ زەمبىرەك ئېتىلغاندەك، ھېلى ياڭراق جەڭ مۇزىكىسى چېلىنغاندەك، ھۆررا ساداسى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇرۇن كىشىلەر ئالۋاستى، جىن ـ شەيتانلار ماكانى دەپ ئاياغ باسماپتىكەن. ھازىر بىزنىڭ نېفىتچىلىرىمىز بۇ يەردىن قۇدۇق قازدى. بۇ يەردە توپىنى شۇنداق ئىتتەرسەڭلا تەبىئىي ئاسفالىت دېگەن ئۆينىڭ دۈمبىسىدەك دۈمچىيىپ چىقىدىغان گەپ، قۇملۇقتا پارقىراپ ياتقان ھەرخىل تاشلارچۇ، بۇنداق سىلىق، پارقىراق تاشنى سەن شەيتانكىرىشتىن باشقا ھېچ يەردىن ئۇچرىتالمايسەن. بىرى ئانارغا، يەنە بىرى ئۆرۈككە، بۆرەككە، جاھاندىكى ھەممە نېمىگە ئوخشايدۇ.

— شەيتانكىرىشنىڭ ھەممە نېمىسىگە قىزىقىدىكەنسەن ـ ھە؟

— راست دەيسەن ئىلھام، مېنىڭ كاللامنى شەيتانكىرىش قوچۇۋەتتى. بىزنىڭ لەززىتىمىزنى شايتانكىرىش بۇزدى، ئائىلىمىزنى شەيتانكىرىش بۇزدى، ئەسئەتنى شەيتانكىرىش بۇزدى. مەن قەشقەردە تۇغۇتلۇق ياتسام، ئۇ غوجام شەيتانكىرىشتە يەنە بىر بورىۋايدا ئىشلەيدىغان ئادالەت دەيدىغان بىرى بىلەن تېپىشىپ قېلىپ شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. بالىنىڭ يورۇق دۇنياغا سالامەت كۆز ئاچقانلىقىنى، بالىنىڭ ئالتۇندەك ئوغۇل ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلساق كەلگىنى يوق. بۇ ئىش ماڭىمۇ ھار كەلدى. ھەممىدىن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە بەك ھار كەلدى، كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى. ئەمدى ھەرقانچە ئامراق بولساممۇ ئۇنىڭ قانداق كاززاپلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، ھەر قاچان بىر ئىشنى تاپتى دېدىم، دېگىنىمدەك بولدى. تۇغۇت دەم ئېلىشىم توشۇپ ئېشىپ كەتتى. ئاخىر ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۆيدىكىلەرمۇ تاپقىنىڭ شۇ بولدىمۇ، دەپ تاپا قىلدى. ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ بارماي تۇرۇپلا ئاجراشتىم. ئاكام يول مېڭىپ يۈرۈپ، خىزمىتىمنى قەشقەرگە يۆتكەپ كەلدى. قارامايدىن تۇغقىلى كەلگەنچە قەشقەردە ئىشقا چۈشتۈم، قارامايغا بارمىدىم، ئۇ مېنىمۇ، بالىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدى. ئۇ بالا تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان

قىلغاندەك سەككىز يېرىم ئايلىق بولۇپ بۇ ئالەمدىن كەتتى .

ئۇ بالىنى ھەممىيلەن دادىسى كاززاپقا تېرىسىنى كىيگۈزۈپ قويغاندەك ئوخشايدۇ ، دەيتتى . مەن بىلەن ئاجرىشىپ تۆت ئايدىن كېيىن ئاڭلىسام ئادالەت دېگەننىڭ تۇغۇت كۈنى يېقىنلىشىپ قېلىپ توي قىلىۋاپتىمىش . شۇ چاغدا ئۇنىڭ قارنىنى پىچاق بىلەن يېرىپ تاشلىغۇم كەلدى . ئەر كىشى دېگەن نېمىدىن شۇنداق سەسكىنىپ كەتتىمكى ، جاھاندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكۈم كېلىپ كەتتى .

— مېنىمۇ كۆيدۈرەمتىڭ ؟

— ئەڭ ئالدىدا كۆيدۈرىدىغان ئادەم سەن بولماي ئەمسە ، قولۇمدىن كەلسە سېنى بالدۇر ئوتقا تاشلايتتىم . ماڭا ھەممىدىن بۇرۇن ئەر كىشى دېگەننى تونۇتقان سەن بولغاندىكىن .

— ھەممە ئەرنى كۆيدۈرۈۋەتسەڭ ئاياللار سېنى نېمە قىلىۋېتەر ؟

— ياق ھەممىنىمۇ ئەمەس ، شەيتان يولدىن چىقارغان ئاشۇ بەزى ۋىجدانسىز ئەرلەرنى دېمەكچىمەن . بىر قىسىم ئەرلەر باركى ، ئۇنداق نېمىلەرنىڭ مەن ئەر كىشى دەپ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى ، ھەقىقىي ئەر دېگەن ئاجىزنى بوزەك قىلمايدۇ . خوتۇن كىشى دېگەن ئاجىز نېمە ئەمەسمۇ ، خوتۇنغا يوغانلىق قىلىپ مەن ئەر دېگەن نېمىلەرنى مەن ھەقىقىي ئەر ھېسابلىمايمەن .

— سېنىڭ مېنى بوزەك قىلغىنىڭنى نېمە دەيمىز ؟

— ئۇنى مەندىن كۆرمە ، سەن مېنى ياخشى كۆردۇڭ ، ئەمما مەن سېنى ياخشى كۆرمىدىم . ئۆزۈمنى زورلاپ باقتىم ، مانا بۇ راست گەپ . ئەمما بۇ ئاجايىپ ئىش ئىكەن . ساڭا نىسبەتەن مەندە بىر خىل يېقىن دوستانىلىك ياكى قېرىنداشلىقتەك ھېسسىياتتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى . ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم . بۇنى مەندىن كۆرسەڭ ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسەن ، مەن بۇنداق ھېسسىياتنى ، يەنى مۇھەببەت دېگەن نەرسىنى پەقەت ئاشۇ ئەسئەت سىرىقتىنلا ھېس قىلدىم ، ئۇنىڭ نەرىنى ياخشى كۆردۈمكىن ـ تاڭ ، ئۆزۈممۇ

www.uyghurkitap.com

بىلمەيمەن .

— گۆردىن ئېچىۋالغان ئۆلۈكتەك يۈزى ، پاقماق سېرىق چېچى ، قاراياغ ھىدى كېلىدىغان تېنى ، مۈشۈكنىڭكىدەك كۆزى مەيتۈن قىلىۋالدى دەۋەرمەمسەن .

— بەلكىم شۇنداقتۇ ، سەنمۇ شۇنداق بولساڭ بولمامدۇ؟ بىچارە ھەسەتخور .

ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزگە ھومىيىپ قويۇشتۇق .

— ھە گېپىمنى ئاڭلا . ئەسئەت شۇنداق قىلىپ يىغىباشتىن ئۆي تۇتۇۋالدى . مەن پەقەت چىداپ تۇرالماي قارىمايدىكى خىزمەتدىشىمدىن بىرىگە خەت يېزىپ ، ئاشۇ شەيتانكىرىشتە ئاپىرىدە بولغان ئالۋاستى - شەيتان قانداقراق نېمە ، مەن بىر كۆرەي دېسەم ، ئۇنىڭ رەسىمىنى ئەۋەتىپتۇ . كۆرۈپ بىر تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتكۈم كەلدى ، بىر تۇرۇپ يىغلىغۇم كەلدى . ئادالەت دېگەن ئەمەلىيەتتە قانداقكىن دېسەڭ ، ئەممازە رەسىمدە تازا بىر يۇمۇق ، ئورا كۆز ، ئېغىزى ھەلەپ سېۋىتىدەك چوڭ ، يۈزى ئورۇق ، قىرىۋالغۇچە ئەت يوق بىر نېمىكەن . ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان ، ئاڭلىسام ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان بىر قېرى قىز ئىكەن ، بىر يۈتى سەل مايماقمۇ دەيدۇ . ئەر كىشى دېگەنمۇ شۇنداق كۆڭلى پەس بولامدىغاندۇ ياكى چۆلدە شۇ بىر نېمە كۆزىگە پەرىزات كۆرۈنۈپ كەتكەنمىكىن ، توۋا قىلدىم ، شەيتانكىرىشتە غەلىتە بىرەر نەرسە يەپ سېلىپ ، مېنى تاشلاپ شۇنى يارىتىپ قالغانمۇ ، ياكى مەن ئۇنىڭدىنمۇ سەتلىشىپ كەتكەندىمەنمۇ دەپ ئەينەككە قارىدىم ، تۇغۇپ قويغاندا قارا ، شۇنداق ياخشى قويغان ، شۇنداق چىرايلىق سۈزۈلۈپ كېتىپتىكەنمەن .

— بولدى ، ئىنزا تارتماي ئۆزۈڭنى داڭلاۋېرىدىكەنسەنغۇ ، سېرىق مۈشۈك ياراتماپتىغۇ سېنى .

— ئايالىڭنىڭ مەنچىلىك چىرايى بولسا ، سېنى ماڭا ئوخشاشلا ياراتمايتتى .

— ئۇ سەندىن ئون ھەسسە چىرايلىق ، راست .

— ھە شۇنداق دېمىسەڭمۇ بولمايدۇ ، كۆزۈڭگە جاھاندىكى ھەممە ئايالدىن سەت كۆرۈنمەنمۇ ؟ بولدىلا ، ئۆز گېپىمگە كېلەي .

شۇنداق قىلىپ يىغلاپ ، قاقشاپ كېيىنچە ئۇنتۇپ قالدىم . بالامنىڭ ئۆلۈمى مېنى بەك ئېزىۋەتتى دېگىنە . بىر مەزگىل ساراڭ بولۇپ كېتەيلا دېدىم . يەنە ئۇنداق قىلغىلى بولمىدى . ئىككى يىل شۇنداق ئولتۇرۇپ مەنمۇ توي قىلدىم . ئەمما توينى ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا تەقدىرگە تەن بېرىپ قىلدىم . كۆڭلۈمدە بۇ تويغا قىلىچىلىك رازىلىقىم يوق ، ئەمما ئاتا ـ ئانام قېرىپ قالدى . قېرىغاندا بەك نازۇك بولۇپ قالىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئالدىدا توي مەسىلىسىدە تىلىم كېسىك . شۇڭا ماقۇل دېمەي ئىلاج بولمىدى . بىر داردىن قاچقان خۇداگۇي ، قىمارۋاز ، سودىگەر بىلەن توي قىلدىم . ئۇ مېنى ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندۈردى . ھەر نېمە بولسا قىمار ئويناشنى ئۆگەتمىدى . تاس قالدىم پەرەنجە ئېچىگە كۆچكىلى ، ماۋۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشنى دېمەيسەن ، خوتۇننى ئېلىپ ، ئاتا ـ ئانىسىغا قۇل قىلىپ بېرىپ ، ئۆزى ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئىچكىرىدە لەيلەپ يۈرىدۇ . مۇشۇنداقمۇ ئەر بولامدۇ ، خوتۇن ئېلىپ ئۆيدە تاشلاپ قويۇپ ، ئۆزى سىرتتا . بۇ ئۆيدە مېنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ تولىلىقى ، قېينانا ، قېيناتامنىڭ تولىلىقى . ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ ، تەرەتكە سۇ ئىسسىتىۋاتقان ، ئوتتۇز ئالتە ئادەمنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسىنى يىغىپ ، سىيرىپ ـ سۈپۈرۈۋاتقان ، ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان ، ئاندىن سائەت توشۇپ قېلىپ ئالدىراپ ، قاتتىق ناننى ئېلىپ ناشتىسىز پالاقلاپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان ، چۈشتە يەنە پالاقلاپ كېلىپ تاماق ئېتىپ ، يېسەم خام ـ خۇلتا يەپ ، يېمىسەم ئالدىراپ يەنە خىزمەتكە كېتىۋاتقان . كەچتە كەلسەم يەنە شۇ ھا دەپ ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ تامىقىنى ئېتىپ ، يۇندىسىنى تۆكۈۋاتقان ، خاماندەك دۆۋىلەپ قويغان كىرنى ئالتە كېچىگىچە يۇيۇۋاتقان ، يالغۇزلا يىتىۋاتقان ، بەزىدە مەكتەپتە

يېغىلىپ پائالىيەت دېگەندەك بىر ئىشلار بىلەن سەل كېچىكىپ قالسام تېخى گەپ بولۇۋاتقان. بۇ ئۆيدە چوغىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ، تۇتسام تىكەننى تۇتۇپ، ئىچكىنىم زەھەر بولۇپ تۈگىشىپ كەتتىم. بۇ ئۆيدە راستىنىلا بىر قۇل بولدۇم. ئېرىمنىڭ قاچان سودىدىن قول ئۈزۈپ مەن بىلەن بىر ئۆينى تۇتۇشىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەۋەتىدىغان پۇلى، ئېسىل كىيىملەرنىڭ جايى گۆر بولسۇن خۇدايىم، كۆڭۈل توق بولمىسا ئۇنداق بىر نېمىلەرنىڭ نېمە كېرىكى. ئۇ ئىچكىرىسىدىن چىقىۋاتقان ئۇچمۇ ـ ئۇچ يامان گەپلەرمۇ ئاز ئەمەس. خورشىدەمنىڭ ئېرى ھېلى شاڭخەيدە خوتۇن ئېلىۋاپتۇ، ئۆي تۇتۇپتۇ، دېسە، ھېلى گۇاڭجۇدا بىر قىزنى يېتىلەپ يۈرىدۇ، دېيىشىۋاتقان. ئاخىر بولالماي ئاغرىپ ياتتىم، تەتۈر پېشانىلىكىمدىن يىغا يىغلىدىم، ئاخىر سوت ئارقىلىق بۇ قۇللۇقتىن ئازاد بولدۇم. ما قىزىق ئىشنى دېمەيسەن. دەل ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى سېرىق ياغ چاپانلىرىنى پۇرىتىپ قەشقەرگە ئۈندى، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ يەنە مېنى ئېرىتتى. مۇھەببەت دېگەن يامان نېمىكەن. توۋا دېگۈم كېلىدۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. يەنە شۇنى كۆرۈپلا، ئاۋازىنى ئاڭلاپلا غەزەپلىرىم، ئۆچمەنلىكلىرىم نەگە كەتتىكىن، ئۆگىلىرىم بوشاپلا كەتتى. ئەسلىدە چايناپ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچسەم دەردىم چىقارمىكىن دېگەن ئادەم، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە دېمەستىن شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىۋېتەلمەي ماقۇل دېدىم. مەن ماقۇل دېگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانام بۇ ۋاپاسىز كۈيئوغۇلنى قارشى ئالماي، كۈتمەي تۇرال-مىدى. بىز يەنە ياراشتۇق. مانا ھازىر قەشقەردىن يۆتكەش رەسمى-يىتىنى ئۆتەپ، يەنە شۇ ماي چاپانىنىڭ كەينىدىن قارىمايغا كېتىۋاتىمەن، قانداق نوچىكەنمەنمۇ؟

— راست نوچىكەنسەن، ماي چاپاندا قانداق سېھرىي كۈچ بارلىقىنى ئويلاپ تېپىش تەسكەن ياكى مەنمۇ قارامايغا بېرىپ ماي چاپان كىيسەم قىزلارنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان سېھىرلىك

يىگىت بولالارمەنمۇ ؟

— ناتايىن .

— ھە ، ئەسئەت سېرىق ھېلىقى ئادالەت دېگەن سەت مايماق خوتۇنغا ۋاپاسىزلىق قىپتىما ؟

— ياق ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت ئاجىزنى ئەمرىگە ئالدى دەپ قاراپ ، قارىماي شەھىرىگە يۆتكەپ قويۇپتىكەن ، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە نېسىپ بولۇشماي ، ئۇ رەھمەتلىكنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولۇپ قازا قىلىپ كېتىپتۇ . ئەمما بىر قىزنى قالدۇرۇپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مېنى يەنە تاپتى .

— ئەمدى ئەسئەتنىڭ قىزىنى قانداق قىلىسەن ؟ كۆزۈڭگە نېمە كۆرۈنەر ؟

— قىزىقكەنسەن ، بالىدا نېمە گۇناھ ، مانا مەن ئانا بولغىلى كېتىۋاتىمەن . مۇشۇ چامادانىدا ئۇنىڭغا لىققىدە كىيىم ئېلىپ ماڭدىم دېگىنە .

— گېپىڭ بەك تەسىرلىك ئىكەن ، ئېرىتىۋەتتىڭغۇ مېنى ، يول بولدى ھازىر بىزنىڭ ئۆيگە بارىمىز .

— ئىككىمىز بىللە كىرسەك گۈلباھار مېنى قوغلىۋېتەرمىكىن ؟

— ئۇ سەن ئەمەس ، سېنى قۇچاقلاپ كۆرۈشمىسە ھېساب ئەمەس .

— راست ھازىر بارالمايمەن ، ئەتە قارىمايغا ماڭىمەن ئەمەسمۇ . ھازىر نۇرباغقا بېرىپ ياتاقتا ئورۇنلىشىپ ، ئەتىنىڭ ماشىنا بېلىتىنى ئېلىپ ، كەچتە باراي .

— ھەي بىزنىڭ ئۆيگە چۈشسەڭ بولاتتى . ئۆي تار بولسىمۇ ، كۆڭلىمىز كەڭ ، قىستىلىپ ياتساق ئىسسىق ياتىمىز ـ دە .

— ئەتىگەنلىككە سوغۇق يەپ قالىمەن ، كەچتە باراي .

— ئانداقتا كەچتە تەييارلىق قىلىمىز ، سائەت نەچچىدە بارىسەن ؟ مەن ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرەي ، — دېدىم مەن .

خۇرشىدە سائىتىگە قارىۋېلىپ ، كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزىنى سەل يۇمۇپ لېۋىنى سەل يىمىرىپ :

— ئۇرۇمچى ۋاقتى ئالتىدە ، — دېدى .

— نېمە يەيسەن ؟

— مەن بارغاندىن كېيىن گۈلباھار بىلەن تاماقنى بىللە ئېتىپ ، سېنى كۈتىمىز .

— ئەكە قولۇڭنى .

— ياق نامەھرەم بولىدۇ . ئەمدى قولۇمنى تۇتمەن دەپ چۈش كۆرمە .

— ئەكە قولۇڭنى بىر تۇتۇۋالاي ، ھېلى قورۇنۇپ قالارمىز بەلكىم .

قوللار چىڭ سىقىشتى ، ھەر ئىككىسى ھۇپپىدە قىزىرىپ كېتىشتى .





www.uyghurkitap.com

# ئۆلمىگەن ئۈمەتلەر

## 1

ھايات سۈنئىي توقۇلمىدەك كۆركەم پەرداز ئىچىدە داۋام ئەتمەكتە. تەبىئەت يەنىلا پەسلىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۆزگەرمەكتە. ئالدىنقى كۈنلەردە ئادەملەر يازنىڭ تىنجىق ئىسسىقىدا ئىچى سىقىلىپ، بەتبۈي تەر پۇراپ يۈرۈشكەنىدى. مانا ئەمدى بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا يول بويىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يېتىمچىنىڭ بويىدەك قىسىلىپ ھەم سارغىيىپ كەتتى. پاكار جىگدىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ كۈمۈش رەڭ پېتى قورۇلۇپ قالدى. ئېتىزلىقلاردا ئۈزۈلمەي قالغان چىلگە قوناقلارنىڭ قىلچىتەك ياپراقلىرى مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك ساڭگىلىشىپ قالدى. كېۋەزنىڭ چالا ئېچىلغان غوزىلىرى شۈنداق دوڭغىيىپ چىقىپ قالدى. كۈزلۈك كۆكتاتلارمۇ ئېتىزلاردا شۈمشىيىپ، دېھقانلارنىڭ تارىشىدەك قوللىرىنىڭ نۆۋىتىنى كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى. ئىش ـ ئەمگەكلەرگە يارايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئېتىزلىقتا ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى.

كۆكسى شەبنەم كاۋىسىدەك پولتىيىپ كۆينىكىگە پاتماي قالغان پاشاخان كۈمىلاچ تاملىق ھويلىسىغا كىرىپ كېلىشىگە ئۈنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن قارا ئىت قاۋاپ يولدا قالدى.

پاشاخان يولغا چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدىيۇ، «ئۇھۇش، كىم بولسا بولمامدۇ، ئىشى بولسا مۆره» دەپ قولتۇقىدىكى بىشى ئۇزۇۋېلىنغان كۆك شاخنى سۆرەتكىنىچە كالا ئېغىلىغا كىردى. سېرىق باش ئاق موزاي بىلەن كۆشەپ ياتقان ئالىتاغىل ئىنەك كۆك شاخنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغالدى. موزاي كۆك شاخقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. ئىنەك بەك ئورۇق بولغاچقا سۆڭگەچ قوۋۇرغىلىرى دىردىيىپ تۇراتتى.

— كېلە كاساپەتلەر تويۇۋاله. يېرىم قاچا سۈت ئۇشۇق چىقىسىمۇ غەنىيمەت، ھېچ ئېقىڭنى بەرمەيسىنا، بۇگۇنغۇ خېلى يامان ئەمەس كۆرۈنىدۇ، — دېدى پاشاخان توپا ـ تۇمان باسقان يۇمىلاق، قىزىل يۈزىنى كەڭ ئېتەكلىك ھال رەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە ئېرتىۋېتىپ.

ھارغىنلىقتىن ئۇنىڭ سېمىز يۈزلىرى تېخىمۇ ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. پاشاخان قىرىق ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، ياش ۋاقتىدا ناھايىتى چىرايلىق دېھقان قىزى ئىدى. ئۇنىڭ شەھەرلىكلەر بىلەنمۇ خېلى باردى ـ كەلدىسى بار ئىدى. شۇڭا، نەزەربالىقلار پاشاخاننىڭ شەھەردىمۇ، يېزىدىمۇ ئاشنىسى جىق دەپ قاراشاتتى. بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، ئەمما پاشاخان بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇيالمايدۇ. ئۇ تۆت ئەرگە تەگدى. ئەڭ دەسلەپتە قىز ۋاقتىدا شەھەرگە ياتلىق بولغان، ئۇچىنچى قېتىممۇ يەنە شەھەرلىككە ياتلىق بولغانىدى. شۇڭا يېزىدا ئۆزىنىڭ چىرايى بىلەن مەغرۇرلىناتتى. مانا ھازىر بەش بالا بىلەن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى، ئوچاق بېشىنىڭ جىددىيلىكلىرى ئۇنى سۇندۇردى. ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. ئۇ كالىنىڭ ئېسىلىپ كەتكەن يېلىنىگە قاراپ خىيال قىلدى: «خۇدايىم سەككىز تاۋاق سۈت چىقسا، ئەتە سېتىپلا توكىنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتمىسەم سىمنى كېسىۋېتىشىدۇ ئەبگالار ... مەرەمنىساخاننىڭ قىزى تۇغدى، ئۇنى مۇبارەكلەيدىغان ئىشتى.

ئەجەب تويدۇمغۇ ··· يېمىسە ، ئىچمىسە تېخى ، ئۇچىسغا كىيمىسە تېخى ··· ئۇيان ـ بۇيان باردى ـ كەلدى قىلماي دېسە تېخى بولمايدۇ . كالا يوق بولۇپ ، قېتىق ساتمىغان بولسام قانداق قىلاتتىمكىن تاڭ . بۇ شۇملارنىڭ بىرىمۇ كارغا كەلمەيدۇ ··· زادى شۇم پېشانە بولمىسام دەسلەپتىكى ئەرنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتمايمەنمۇ ؟ ياش ۋاقتىمدا ئادەمنىڭ ئەقلى يوق بولىدىغان ئوخشايدۇ . ما كەمدە ئاشپەزلىكنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ كۈيتەك سەمرىپ كېتىپتۇ ئۇ لامزەللە . موتىسكلىتىنى چاپتۇرۇپ مېڭىشلىرى تېخى . ھېلىقى كۈنى ئەجەب ئىزا تارتقۇزدى ئۇ مۇناپىق . تام تۈۋىدە قېتىق كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسام ، مېنى كۆرمىگەندەك قىلىپ موتىسكلىتىنى ھۆركىرەتكىنىچە يېنىمدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . كەينىگە قاراپ سەت ھىجايغىنىچۇ تېخى··· » ئىت تېخىمۇ قاتتىق قاۋاپ كەتتى .

— ھوي پاشاخان بارمۇ سىلە ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . پاشاخان مەڭزىدە توختاپ قالغان ياشنى دەررۇ ئېتىكى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ، ئالدىراپ ئېغىلدىن چىقتى . پاشاخان ئاۋازىدىنلا تونۇدى . بۇ كەنت باشلىقى سەمەر قارىنىڭ ئاۋازى ئىدى . «ئۆلمىگۈر نېمىدەپ كەلگەندۇ ئەمدى » دېدى ئىچىدە پاشاخان ، يىغلىغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن يېشىل تاۋار تامبىلىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىك ئەينىكىنى چىقىرىپ ، يۈز ـ كۆزىنى يەنە سۈرتتى . ئاندىن ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا سەمەر قارى خونچا ئاياقتەك گۆشلۈك يۈزىنى چىلاندەك پارقىراتقان ۋە قوڭۇر كۆزىنى ئويناتقان ھالدا تۇرغانىدى . ئۇ پاشاخاننى كۆرۈش بىلەنلا سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى .

— ھە پاشاخان ، سالامەت تۇردىلىمۇ ؟ باللار ئوبدان تۇردىمۇ ؟

— خۇداغا شۈكرى ، مۇشۇنچىلىك تۇردۇق . ئاۋۋال خۇدا ، ئاندىن قالسا ھەرقايسىلىرىنىڭ سايىسىدە . سىلىنىڭ رابىيخېنىم ، باللار تىنچ تۇردىمۇ ؟

— خۇداغا شۈكرى .
— ئاڭلىسام رەناگۈل يەڭگىۋاپتۇ ، مۇبارەك بولسۇن .
— ئۆزلىرىدىن بولسۇن .
— ئوغۇلمۇ ، قىزمۇ ؟
— ئوغۇل تۇغامدىكىن دېسەم قىز تۇغۇپتۇ .
— خۇدانىڭ بەرگىنى ، خۇدا ئۆمرىنى بەرسۇن . بوۋاق ئوبدان چوڭ بولۇۋاتقاندۇ ؟
— ئوبدان ... ھە پاشاخان ئىتنى باغلايلى ، بۇ بولماپتۇ .
— بۇ گۈينىڭ ئىتى باغلاقتىن بوشىنىۋالغان چېغى . مەنمۇ تېخى شەھەرگە كىرىپ قېتىق سېتىپ ، ھازىرلا قايتىپ چىققانتىم ، ئېتىزلىقتىن كالىغا ئىككى تال شادا ئەكېلىپ تۇرۇۋاتسام كەينىمدە پەيدا بولۇپ قالدى . چاغە ـ چاغ ، بالىلار تۇرۇۋېنى قېزىۋېتىمىز دەپ ئېتىزغا چىقىپ كەتتى .
پاشاخان قاۋاۋاتقان ئىتىغا يەردىن بىر چالما ئېلىپ ئېتىۋىدى ، ئىت قاۋىغانچە ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى . پاشاخان سەمەر قارى بىلەن يالغان كۈلكە ئىچىدە ھال ـ ئەھۋال سورىشىۋېتىپ ، كۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئۈچ خەنزۇغا تىكىلىپ قالدى . ئۇلار بىر قاراشتىلا يېڭىدىن ئىچكىرىدىن چىققانلار بولۇپ ، ئىككى ئەر ، بىر ئايال ئىدى . ئۈچىلىسى ياشلار بولۇپ ، ئالدىدىكى كونا ئەسكەر چاپىنى كىيىۋالغان ، قاپقارا جوغدا چاچلىرى كۆزىنى توسۇۋالغىلى تۇرغان ، قارامتۇل بۇرنىنىڭ ئۈچى يۇقىرىسىغا تارتىپ قويۇلغاندەك ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىكى تۈپا ـ چاڭ قونغان تۈكلەر مانا مەن دەپ چىقىپ قالغاندى . ئۆشنىسىدە بامبۇك يىرىندىسىدىن ياسىۋالغان بالداق بولۇپ ، بالداقنىڭ بىر ئۈچىدا كىچىككىنە چىڭ تېڭىلغان بوغچا ، يەنە بىر ئۈچىدا قىزىل خەنزۇچە خەت بېسىلغان ماش رەڭ سەپەر سومكىسى بار ئىدى . ئۇنىڭ كەينىدىن پاكار ، ۋىجىك كەلگەن ، ھىڭگىيىپ تۇرغان بىرى ئاق ئوغۇت خالتىسىدا بىر نېمە يۈدۈۋالغاندى . ئەڭ ئارقىسىدىكى

دوغىلاق ، ساغرىسى تار ئىشتانغا پاتماي قالغان ، بوغداي ئۆڭلۈك ، بېشىغا نېپىز ئەينەك ياغلىق چىگىۋالغان چوكان بولۇپ ، كالىنىڭ بۆرە يېيمەس ئۇچىيىدەك ئۇزۇن بىر سومكىنى دولىسىغا ئارتىۋالغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈز ـ كۆزىنى توپا ـ تۇمان باسقان بولۇپ ، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان تومۇ قاپاق پىستە كۆزلىرى پاشاخاننىڭ تولغان ھۆسنىگە تىكىلگەنىدى .

— ھە ، پاشاخان بۈگۈن سىلىنىڭ ئۆيگە ئايىغى يارىشىملىق مېھمانلاردىن باشلاپ كەلدىم . قانداق خۇش بولغانلا ؟ — دېدى سەمەر قارى سېرىق شاپ بۇرۇتىنى بىگىز بارمىقىدا يۆمەپ ، پاشاخاننىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىغا تەكشى سەپسېلىپ .

— خۇش بولمامدىغان ، ئۆزلىرى باشلاپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ خىزمىتىنى قاچان قىلمىغان مەن . ياخشى مېھمان باشلاپ كەپتىلا ئەمەسمۇ ؟ !

سەمەر قارى ئارقىسىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىردى . بۇ ئۇچەيلەن ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى . سەمەر قارى تۆردە ئولتۇرۇپ ئۇلارغا كۆرپىگە ، ئۆزىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە چىقىشقا ئىشارەت قىلدى . ئۇلار گىلەمگە دەسسەپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئايىغىدا ئولتۇردى . «ۋاي خۇدايىم كەشىنى سېلىپ چىقىشنىمۇ بىلمەيدىكىنا» دەپ سەمەر قارىغا قارىدى پاشاخان . بۇ چاغدا سەمەر قارى ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە پەرۋاسىز قاراشتۇرغىلى تۇرغانىدى .

— ئەر كىشى بولمىغاندىكىن سەت بولسىمۇ ئەمدى .

پاشاخان ئاپتۇۋا ، چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارغا سۇ بەردى . ئىگىز سېرىق چاپانلىق ياش قولىنى يۇيۇپ بولۇپ يۈزىنىمۇ يۇماقچى بولۇۋىدى ، سەمەر قارىمۇ ، پاشاخانمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى . يىگىت دەرھال قىزاردىيۇ ، كۈلۈپ قولىنى تارتىۋالدى . قالغان ئىككىيلەنمۇ كۈلۈشۈپ ، ئۆزئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ بۇنىڭ پەقەت قولىنى يۇيىدىغانلا ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتى .

— قېنى مەزەگە ئىلتىپات قىلىشسىلا! — تەكلىپ قىلدى پاشاخان ھەممەيلەنگە پەتنۇستا چاي سۇنۇپ بولۇپ. ھېلىقى ئۈچەيلەن ئەمدى سەمەر قارى نېمە قىلسا شۇنى قىلدى. سەمەر قارى ئەڭ ئاۋۋال پىيالىنى ئېلىپ چاينى ئوتلىۋىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلدى. سەمەر قارى ناندىن بىر پارچىنى ئېلىپ بىر بۇردا ئۇشتۇپ چايغا تۇگۇرۇپ ئېغىزىغا سېلىۋىدى، ئۇلارمۇ خۇددى شۇنداق قىلدى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ پاشاخان يەنىمۇ خىرىلداپ كۈلدى.

— ھوي سېكرېتار بۇلار كۈلىدىن ئەمدى چىققان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە.

— ئەجەب بۇلارنى ماڭا مېھمان قىلىپ باشلاپ كەپلىغۇ، نېمىگە كەلگەنلەركەن؟

— ھە پاشاخان، بۇلار سىلىگە مېھمان ھەم ھەقەمسايە بولغىلى كەلگەنلەر. شىنجاڭنى ئاچقىلى، قەشقەرنى ئاچقىلى، بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئاچقىلى، بىز بىلەن مەھەللىمىزنى ئاۋات قىلغىلى كەلگەنلەر.

— ھە مۇنداق دېسىلە. ئاچقىلى دېگەن گەپنى رادىئودىمۇ دائىم ئاڭلايمەن. ھەممىدىن سىلىدەك كادىر خەقنىڭ ئېغىزىدىن تولا ئاڭلايمەن، ھېچ بىلمىدىم.

— ھە بۇنى سىلى چۈشەنمىسىلىمۇ بولىدۇ، مانا كەلگىنى، كېلىۋاتقىنى ھېساب. بۇ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى، بۇنى بىر دەمدە ئېزىپ ئىچۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. نەق گەپنى دېسەم، بۇ يىل يېزىمىزنى، كېلەر يىلى ناھىيىمىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مانا بۇلارغا ئوخشاش ئىچكىرىدىن چىققان يولداشلارنى يۇرتىمىزغا ئەكېلىپ ئارىمىزغا سىغدۇرۇپ، ئۇلار رەسمىي ئۆي ـ ماكانلىق بولۇۋالغۇچە كۈچى بارلار كۈچىنى، سىلەردەك ئۆيى بارلار ئۆيىنى ئايماي

ئۆزئارا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزىدىغان گەپ . بۇ قېتىم ھەر ھالدا بىزگە خېلى جىق يولداشنى تەقسىم قىلىپتۇ . كۆزدە خۇدا بۇيرۇسا نەمۇنىچى بولالارمىز دەيمەن .

— ۋاي ـ ۋۇي ، سەمەر قارى بۇ خويمۇ ئوبدان گەپكەن ، ئەمــمازە بــۇلارنى ··· مانا ئۆي ، بىرى مېھــمانــخانا ، يــەنــە بىرى يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆي ، بىرى ئامبار ، ئەمدىزە قايسىنى بېرەر-مەن . ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى بىر تۇرسا ، بۇلار ئۇچكەن تېخى .

— غــەم قــىــلــمــىــسىلا ، مەن ئويلاپ كەلدىم . سامانلىقنى بىكارلىساق بولىدۇ . كېلەر يىلى ئومىغىچە سامانىنى ئېغىلنىڭ بىر بۇلــۇڭــىغا قويىدىغان قىلىلى . ئۇ چاغقىچە بۇلارغا ئوبدان ئۆي سېلىپ بېرىپ بولىمىز .

— ئاشۇ بىر ئېغىز سامانلىق بولارمۇ ؟

— تازا بولىدۇ .

— مۇشۇ چوكانمۇ ئاشەدە ياتامدۇ ؟

— يېتىۋېرىدىكەن ، بايا دېيىشىپ بولغان .

— بۇ چوكان بىرىنىڭ خوتۇنىمۇ يا سىڭلىسىمۇ ؟

— نېمىسى ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى بىلىشىدۇ . شۇنداق قىلايلى ئەمىسە .

— بوپتۇ سىلە نېمە دېسىلە شۇ ، ۋاي ـ ۋۇي سەمەر قارى ، سىلىزە ئەجەب ئۇستا جۇمۇ . بۇلتۇر پارتىيە ئەزالىرى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ، ھۆددىگە ئېلىپ بېيىتىش سىياسىتى چىقىد-ۋىدى ، تەشكىلنىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ ، ۋاي مەن ئون بەش يالاڭتۆشنى ھۆددە ئېلىپ باي قىلىۋەتتىم دەپ بەرسىلە ، رادىئودا سىلىنى ماختاپ بىرمۇنچە سۆزلىدى . ئاڭلىسام ، گېزىتكە رەسىملىرىنى بېسىپتىمىش . شۇ ھۆددە ئالغانلار ئىچىدە مەنمۇ بار . مانا ياغ بولۇپ تېمىشىپ كەتتىمىكىن دېسەم ، ئەمەلىيەتتە ئاران ـ ئاران كــۈن كەچۈرۈۋاتىمەن . سىلى بولسىلا بىزنى باي قىلغان بولۇپ ئۈچۈرۈلۈپ باشلىرى كۆككە تاقاشقۇدەك بولدى . ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

كەلسە ۋەجلىرىگە كىلىدىغان ئۆشرە ـ زاكاتنى موللىغا بەرمەي بىزگە تارقىتىپ قويدىلا . ئەسكى ـ تۈسكىنى بىزگە بېرىپ بىرمۇنچە مۈكاپات ئالدىلا . ئانىلىرى دۇئا قىلغان ئادەمكەنلا ھا... ھا...

بۇ گەپلەرگە سەمەر قارىمۇ ، پاشاخانىنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كېتىشتى . بۇ چاغدا ئاۋۇ ئۈچەيلەن سامانلارنى ئېغىلنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېسىقتۇرۇپ بولۇپ ئۆينى تازىلاشقا چۈشكەنىدى . سەمەر قارى بىلەن پاشاخان مېھمانخانىغا يېنىپ چىقتى .

— يائاللا ، يائاللا ئامەت دېگەن سىلىگە كېلىۋېرىدىكەن . بۇ قېتىم تېخىمۇ قالتىس بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايلا ـ ھە ؟ — دېدى پاشاخان ئېغىزىنى چاكىلدىتىپ .

— سىلىگە نان تېگىدىغان گەپنى دېسەم ، سا شۇجى ماڭا «بۇ قېتىم مۇشۇ ئۆتكەل ساڭا ئاخىرقى سىناق ، كۆزدە كەنتتىكىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگار قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرەلىسەڭ ، كېلەر قېتىملىق سايلامدا سېنى يېزىغا مۇئاۋىن شاڭجاڭ قىلىپ ئۆستۈرمەكچىمىز» دەپ قويۇپ كەتتى . بۇ گەپنى ئۆزلىرى بىلىپ قالسىلا ، ھازىرچە ھېچكىم بىلمىسۇن ، — دېدى سەمەر قارى . كۆڭلىدە بولسا ئۆزىنىڭ ئۆسىدىغانلىقىنى كەنتتىكىلەر بىلىپ كەتسۇن ، شۇنىڭ بىلەن ئىناۋىتىم ھەسسىلەپ ئاشسۇن دېگەن تەمەدە دەۋاتقانىدى . چۈنكى ئۇ پاشاخانىنىڭ كەنتتە نامى بار گەپ ئانىسى ، تېرىقتەك ئىشنى ھەممە يەردە سورۇپ چوڭ خامان ياسايدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى .

— ۋايىيەي ، ۋاي راستما . ئەمدىزە قاراپ كۆز يەتمەيدىغان ، قوغلاپ تۇتقىلى بولمايدىغان ئالتۇن بېلىق بولۇپ كېتىدىكەنلە ـ ھە . ئۇ چاغدا بىزدەك پاشاخانى پۇتلىرىغا پايتىمىمۇ ئەتمەيلىغۇ دەيمەن ، — دېدى پاشاخان ئۆز يۆلەنچۈكىنىڭ چوڭىيىدىغانلىقىدىن كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ .

— ياقەي پاشاخان ، توخۇنىڭ تېرىسى تاتلىق ، ئاشنىنىڭ قېرىسى دېگەن گەپ بار . مەن سىلىنى ھېلىمۇ ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ

بۇ كەمىنىڭ قىز ـ چوكانلىرىغا تەڭ قىلمايمەن . كېلىڭلا ...
— ۋاي كۇپكۇندۇزدە ، ئىشىك ئوچۇق تۇرسا ، سەتلەشمىسىلە ، باللار كېلىپ قالىدۇ . قىرىغانسىرى ئەمدى ... ئى مېھمانلار تېخى ...
سەمەر قارى پاشاخاننى ئالدىغا تارتىپ چىڭ قۇچاقلاپ بىر قانچىنى سۆيۈۋېتىپ قويۇۋەتتى . پاشاخان ئالاقزادە بولۇپ ئىشىككە قارىۋەتكەچ ئۆزىنى تۈزۈۋالدى . ئاندىن ھجىيىپ تۇرغان سەمەر قارىغا ئالايدى :
— سەت ھجىيىشىنى ، تۇتامى يوق . ساقلىسا كەلمەيدۇ ، ئەمدى چىغ تۇۋىدىن ھۇشۇر تاز قوپقاندەك ...
— بولدى ، بۇ دائىم بار گەپلەر . سىلىگە يەنە مۇھىم بىر بېيىش يولىنى كۆرسەتمەك بولۇۋىدىم ، گەپنى گاچ ـ گۇچ قىلاي ، يەنە بىر مۇنچەيلەننى باشقا ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرمىسام بولمايدۇ .
— ھە ، قانداق بېيىش يولى ئۇ ؟ — بېيىش يولى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ پاشاخاننىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى . سەمەر قارى ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزلىدى :
— بەش بالىغا ئانا بولۇپ قالغاندا ، ئوسمان چۆچۈرىدەك بەش بالىنى ساڭا تاشلاپ قويۇپ تۇرمىگە چىرىپ كېتىپ ئاجراشتىڭلار . ئۇغۇ تۇرمىگە چىرىپ بىر جېنىنى جان ئېتىپ ئۆلۈپ تۇگەر ...
پاشاخاننىڭ گۇلدەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايى ئۆزگىرىپ ، بايا كالىغا شادا بەرگەن چاغدىكى ھالىغا ياندى .
پاشاخاننىڭ ئېرى ئوسمان تاش بۇلتۇر قىمار ئۇستىدە پۇل تالىشىپ قېلىپ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ، مۇددەتسىز قاماققا ئېلىنىپ كېتىپ ، پاشاخاننى تالاق قىلىپ خېتىنى بېرىۋەتكەنىدى .
— «ئۆلۈككە گۆر ، تىرىككە ئۆي لازىم» دەپتىكەن ، — دېدى سەمەر قارى ، — ھازىرغۇ باللىرىڭ كىچىك ، كۇنىڭ ئۆتەر ، ئۇلار چوڭ بولسا ۋەج لازىم بولىدۇ ، بىزنىڭ بۇ مەھەللە ھازىر شەھەر ھېسابلىنىپ كەتتى . شەھەردىكى يولى بار كادىر ، باشلىق دېگەنلەر

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى بىزنىڭ كەنت ـ مەھەللىدىن توخۇ كاتەكچىلىك يەرنى زەھەردىن قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئۆي سېلىۋاتىدۇ. قارىسام ئارىلىقتا ھادىباينىڭ بىر يېرىم مو كېلىدىغان باغلىق يېرى بار پۈچۈق تاملىق ئۆيى قاپتۇ. ئۇ مەن ۋە سەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ تۆت كۇنلۇكى قالدى. ئۇزۇنغا قالماي ئۆلىدۇ. ئۆي ـ ۋاقى كىمگە قالىدۇ، ئۇنىڭ يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقچىلىك تۇغقانلىرىدىن باشقا جان كۆيەر ئادىمى يوق. تۇغماس خوتۇنى ئۆتكەن يىلى ئۆلدى. سەن ئۇنىڭغا تەگسەڭ، ئۇ ئۆلگەندە ئۆي ـ ۋاقى ساڭا قالىدۇ. ساتساڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ كويغا ئېلىشىدا گەپ يوق. ساتماي كېيىنچە بالىلىرىڭغا ئۆي قىلىپ بەرسەڭ تېخى ياخشى. بېغىنى ئوبدان پەرۋىش قىلساڭ ھەر يىلى ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈمدىن ئۈچ ـ تۆت مىڭ يۈەن كېلىدۇ دېگەن گەپ…

خوشلۇقتىن پاشاخاننىڭ ئېغىزى كاككۇكتەك ئېچىلىپ قالدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزئارا «سەن» لەشكە ئۆتكەنىدى.

— ۋاي جېنىمەي، شەيتانغا دەرس ئۆتىدىغان ئۆلمىگۈر، بۇ ئىشلار قانداق قىلىپ كاللاڭغا كېلىپ قالدى؟

— تۈنۈگۈن كەچ كېتىۋاتسام، ھادىباي مەسچىت ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپتىكەن، قارىسام چىرايىدىن بىر گەز توپا ئۆرلەپ، بوغۇزلاپ قويغان كالىدەك خارقىراپ قاپتۇ. دەسلەپ كۆرۈپلا ئىچىم ئاغرىدى، ھەي ئۆمرى كۆتە بىچارە دېدىم. دىلى سۇنۇق بولغاچقىمۇ ئۆزىنى بەكلا تاشلىۋېتىپتۇ. ئېگىن ـ ئايىغى شۇنداق رەزگى، ساقال ـ چاچلىرىمۇ ئاشقىنىڭكىدەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ. بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى. نېمىدېگەن بىلەن كىچىكىمىزدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، تەڭ دېمەتلىك ئىدۇق. چېلىشساق تۇتا ـ تۇتمايلا مېنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇراتتى. مانا ئەمدى ئەتە ـ ئۆگۈنلۈكى قاپتۇ. ئاخشامدىن بېرى ئۇنىڭ ئۆيى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، سېنى ئويلاپ قالدىم دېگىنە. سېنىڭچە قانداق؟

— كالللا دېگەن تازا ئىشلەپتۇ . ئەممازە ئۇ ئۆزى شۇنداق تۇرۇپ مېنى ئالاما ؟ مېنىڭ نېمىشقا تېگىدىغىنىمنى بىلە ھەقچان ؟ ...

— بۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن . ئۇ ھازىر تەكىي بېشىغا بىر قاچا ئىسسىق ئاش ئەكېلىپ بېرىدىغان ئادەمگە موھتاج . شۇنداق قىلىدىغان ئادەمگە ئۇ جېنىنى بېرىۋېتىدۇ . ئۇ دېگەن مەرد ئەمەسما ؟ سەن تېگىدىغان بولساڭ ئۇ مۇرادىغا يېتىپ ئۆلىدۇ . ياشلىقىدا ساڭا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن ئەمەسما ؟ بىر زامان سەن باقىسەن ، ئۇنچىلىك ئەجىر قىلمىساڭ بولمايدۇ . ئوبدان باق ، خەق كۆرسۇن ، ئاڭلىسۇن ، ئوبدان بېقىلغاندىن كېيىن ئاز ـ تولا ساقىيىشى مۇمكىن ، ئەممازە ئۇ ئاز كۈندە ئۆلىدۇ . سەن ئۇنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى بولغىنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆلگەندە سەن بىلەن مىراس تالىشىدىغان ئادەم چىقمايدۇ . چىقسا مانا مەن بار ...

پاشاخان ئۇھ تارتقىنىچە سەمەر قارىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى .

— ۋاي تاتلىق ، ئەقىللىق قارىچۇقۇم ، خۇدايىم ھوش مېڭىنى ساڭىلا بېرىپتىكەن ... ئەممازە توختا ، مەن ماۋۇ جوغدا باش مېھمانلىرىڭنى ئىش تېرىپ قويارمىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ . ئاۋۇ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى تۇرەك چەكەدىنىڭ ھەقەمسايە قىلغان نېمىلىرى ماشىنىچى ماڭقىلىكەن . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئون يەتتە ياشلىق قىزىنى ھامىلدار قىلىپ قويۇپتۇ . توۋا قىلدىم خۇدايىم ، ماڭىمۇ مەرىزى يۇقامدىكى دەپ قورقىمەن . ئىمانىمنى ساقلا خۇدايىم . مېنىڭ قىزىممۇ ئون بەشكە كېلىپقالدى ، خۇدايىم بالىلارغا ئەقىلنى كەم بەردىمۇ قانداق ، مىللەت ئايرىمايدىغان بولۇپ قالدى .

— سەن بۇنىڭدىن غەم قىلما . بالىلىرىڭنى چىڭ باشقۇرساڭلا بولىدى ، ئۇششاق گەپنى تولا قىلماي ، سەن بۇلارنى ئۆيۈڭگە سىغدۇر . بولمىسا مېنىڭ رىزقىمغا ئولتۇرىسەن . بۇنىڭغۇ كارى چاغلىق . باشقىسى غىڭ قىلالمايدۇ ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ چوڭاملارنىڭ

ئالدىدىن ئۆتۈۋالسام ساڭىمۇ ، ماڭىمۇ ياخشى . قالغىنى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت ، سەن ھادىباينىڭ پېيىدە بول .

## 2

ئەتىگەندە مەشرىق بۇ يەرنىڭ ھاياتىدىن ھاياجانلانغاندەك قان رەڭگىگە كىرگەنىدى . ھادىباي خۇشال تېپىچەكلەۋاتقان يۈرىكىنى قوياشقا دام ـ دام قىلىۋاتقاندەك ئالدىراپ قوياشقا قاراپ ماڭدى . ھادىباي يولدا ، تېزەك بولامدۇ ، قىرلىق تاش ، خوخا ـ ياتاق بولامدۇ پەرۋاسىز ھالدا ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ . تېرىلىرى قوۋزاقلىشىپ ، چاۋىرىپ كەتكەن پاچاقلىرى ، تىتىلىپ تىزىغا چىقىشقا ئاز قالغان ئۆڭۈپ كەتكەن كۆك تامبىلىدىن كۆرۈنۈپ قالغانىدى . ئۆزى ئېشىۋالغان ئىشتان بېغى جۇۋاز قايىقىنىڭ بېغىدەك تىزىغا ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۈچىسىدىكى كىر ھەم تەرنىڭ دەستىدىن ئېچىپ كەتكەن قارا كاجى چاپىنى تاغاردەك كەڭ بولۇپ ، ئۇ سەمەرقارى بولتۇر ھۆددىگە ئالغان نامراتلارغا غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە بەرگەن ئۆزىنىڭ كونا چاپىنى ئىدى . ھادىباينىڭ ئورۇق گەۋدىسى بۇ چاپان ئىچىدە باداڭنىڭ ئىچىگە مۈشۈك سەكرىگەندەك كۆلكىلىك كۆرۈنەتتى . چاپاننىڭ ئالدى تەرىپى ساتىراشنىڭ كاپلىغۇچىدەك قېتىپ كەتكەن بولۇپ ، كۆك كاجى بەلباغ باغلىۋالغان بېلى سۈپۈرگە دەستىسىنى ئەسلىتەتتى . ئۆسۈپ چىگىللىشىپ كەتكەن قوڭۇر ساقىلى كىردىن قېتىپ ، قارلىغاچ چاڭگىسىدەك بولۇپ قالغانىدى . خۇنى كېتىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزىنى ئۈچكە قۇيرۇقىدەك ئۆسكىلەڭ قېشى بېسىۋالغانىدى . ئۇزاقتىن كېسەل بولۇپ يېتىپ ، ئۇستىرا تەگمىگەن ئالچىپار چاچلىرى ، قورۇلۇپ قالغان قوي تېرىسى تۇمىقى ئاستىدىن ھۆپۈپنىڭ تاجىسىدەك چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قەدەملىرى بارغانچە ئىتتىكلەپ كەتتى . ئاشۇ كېسەل ھادىباينىڭ

چىراغا نىمىدىندۇر شادلىق كۈلكىسى پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىغىزى يۇمۇلماي قالغانىدى . ئىشتىن چىققان قىرى ئاتتەك ھاسىراپ تۇرۇپ دولىسىدىكى سىپىرىلىپ تۇرمايۋاتقان خۇرجۇنىنى پات ـ پات ئۇستىگە سۇرۇپ قويۇپ ، ئىتتىك كېتىۋاتاتتى .

ئالدىنقى كۈنى سەمەر قارى ئۇنىڭغا پاشاخان بىلەن توي قىلىشقا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن توي خېتى ئېلىپ بەردى . ئاخشام موللامنى ئەكېلىپ نىكاھ قىلدۇرۇپ قويدى . ئاندىن ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدىن قارا چوقۇر بىر مۇخبىرنى ئەكەلدۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ بۇ «ئىش ـ ئىزلىرى» نى ئېغىز ـ ئېغىزىغا تەگمەي تونۇشتۇردى . مۇخبىر بىردەمدىلا «نامراتلارنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقان پېشقەدەم كوممۇنىست» دەپ ماقالە يېزىپ شۇ يەردىلا ئوقۇپ بەردى . ماقالىنى رادىئو ، گېزىتلەرگە بەرمەكچى بولۇشتى . ئەمدى ئۆزىمۇ گېزىتكە چىقىدىغان ، رادىئودا ئاڭلىتىلىدىغان بولدى . ھادىبايىنىڭ ئامىتى كەلدى ، پاشاخاندەك ئوبدان خوتۇنغا ئېرىشىۋالدى . ئاخشام نىكاھ ئوقۇلدىيۇ ، ئاشۇ قىياپىتى بىلەن پاشاخانىنىڭ يوتقىنىغا كىرەلىدى . بىرەر قۇر تويلۇقمۇ ئالماي ، تويمۇ قىلماي تۇرۇپ خوتۇن ئالدى . مانا بۈگۈن پاشاخان ئۆزى غەملەپ بەرگەن پۇلنى ئېلىپ بازارغا كېتىۋاتىدۇ . مەھەللىدىكىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلدى . «خوتۇن ئالىدىغان چاغدا ھېچ بولمىسا چا ساقىلىڭنى ياساتماپسەن ھادىباي ، چوكىنىڭ قوسۇۋېتىدۇ ، يېقىن يولاتمايدۇ» دېيىشتى . يەنە بەزىلەر ئۇ «ئۇلگۈرەلمىدى ، ياش بالا بولمىغاندىكىن بۇ ئىشلارنى كېيىن قىلىسىمۇ بولىدۇ» دېيىشتى . راست ، ئىش بولىۋەردى . «سەمەر قارىنى ئۆمۈر بويى تىللاپ ئۆچ كۆرۈپ يۈرۈپتىكەنمەن . ياش ۋاقتىمىزدا تالىشىپ يۈرگەن پاشاخانىنى مانا ئەمدى ماڭا ئۆزى نىكاھلاپ بەردى . زادىغۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يامانلىقى يوق . ھەرقانداق بولسا ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدى . بېشىم تەكىيگە چۈشكەندە بولسىمۇ ئىنساپقا كەلدى ، شۈكرى ، ئەمدى بولدى . ئاز كۈندە ئۆلۈپ كېتىمەن .

ئەمازە غېرىبسىنماي ، خارلىقتا قالماي ئۆلىدىغان بولدۇم . ئۆلسەم يىغلايدىغان ئادىمىم بار بولدى . يەنە كېلىپ پاشاخان يىغلايدۇ ، بىچارە خوتۇن . ئىسست خۇدا ئەمدى ئۆمرۇمنى ئۇزۇنراق قىلسىدى . بىر كۈن بولسىمۇ پاشاخان بىلەن ياشىسام » دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى .

هادىبايىنىڭ توپا ئۆرلەپ تۇرغان سېرىق مەڭزىدە ياش دومىلىدى . بۇ ئۇنىڭ پاشاخان ئۈچۈن ئېقىتقان تۇنجى يېشى ئەمەس . ئۆز ياشلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى پاشاخان ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ئۆتكۈزگەنىدى . ئۇ تېز قېرىپ كەتتى ، دەرد ئۇنى كېسەل قىلىپ قويدى . كېسەل ئۇنى بالدۇر قېرىتىۋەتتى . پاشاخانغا كۆيۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا پاشاخان ئۇنى ياراتمىغانىدى . پاشاخان ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلەش ، كىيىمىنى كىيىش ، نەپ ئېلىش ئۈچۈنلا ئۆزىگە باغلاپ يۈرگەنىدى . گۈزەللىك ئاياللار ئۈچۈن ھەممە نېمىنى تاپقىلى بولىدىغان ئالتۇن كان . بۇ كاندىن پايدىلىنىپ ئۇلار ھاياتتا نۇرغۇن ئادەم قان ، ياش بەدىلىگە ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ . پاشاخانغا قانات سۆرەپ يۈرگەن نۇرغۇن يىگىتلەر ئىچىدە سەمەر قارىمۇ بار ئىدى .

پاشاخانىنىڭ سەمەر قارىغا بولغان ھەۋىسىمۇ ھادىبايغا بولغان ھەۋىسى بىلەن ئوخشاشلا نەپ ئېلىش ئىدى . يەنە نۇرغۇن يىگىتلەرمۇ پاشاخان ئۈچۈن بەربىر ئوخشاش ، ئۇ پەقەت نەپ ئېلىشنىلا كۆزلەيتتى . بۈگۈن قايسى بىرىدىن نەپ چىقسىلا شۇنىڭغا كۆيەتتى . ئەتە نەپ چىقمىسا پاشاخان ئۇنى تونۇمايتتى . دەل ئاشۇ كۈنلەردە سەمەر قارىنىڭ ئامىتى كېلىپ مۇئاۋىن دادۇيجاڭ بولۇپ قالدى ، پاشاخانىنىمۇ ئېگىلىۋالدى . ئەمرىگە ئالمىدى ، تاشلىۋەتمىدى . پاشاخان مەيلى كىمگە ياتلىق بولمىسۇن ، سەمەر قارى شېرىكچىلىكتىن قالمىدى .

سەمەر قارى پاشاخانىنى باشقىلاردىن قورۇپ يۈرگەندە ، تۇنجى زەربىگە ئۇچرىغۇچى مانا مۇشۇ بىللە يادا بېقىپ چوڭ بولغان

ئاغىنىسى ھادى بولدى . ئىككىسى بىر قېتىم كېچىدە پاشاخانىنىڭ ئۆيىدە دوقۇرۇشۇپ قالدى ، ئۈچ كۈندىن كېيىن سەمەر قارى بەش - ئالتە چاپارمەنى بىلەن ھادىنى يولدا تۇتۇۋېلىپ تازا كالتەكلەپ زەيكەشكە تاشلىۋەتتى ، شۇنىڭدىن كېيىن ھادى مەلغۇن بولۇپ قالدى . بىر قارىسا ئوڭ ئادەمدەك ، بىر قارىسا ساراڭدەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ يولدا ، ئېتىزدا ، ھاشادا ، ماخودا ، خاماندا ، ئېچىق بېشىدا دائىم خەقنى كۈلدۈرۈپ يۈردى . دەسلەپتە ئۇ ئېتىزدا راسا ئىشلەۋېتىپ بىردىنلا كەتمىنىنى چۆرۈۋېتىپ ، ئۆزى توقۇۋالغان غەزەلنى توۋلاپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى :

گۆشنى تاپقاندا ،
يېتىۋالىدىغان دادۇيجاڭ .
ھاشارلارغا بارماستىن ،
چېكىۋالىدىغان دادۇيجاڭ .
پاشاخانىنىڭ لەگمىنىنى ،
تولغاپ سالغان دادۇيجاڭ .
ئەمگەك بىلەن خۇشى يوق ،
سايدا ياتقان دادۇيجاڭ .

ئېتىزدا غەم - غۇسسە بىلەن ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ھادىباينىڭ غەزىلىنى ئاڭلاپ ، نايناقلاپ ئوينىغان ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدۇ - دە ، بىرەر بۇردىدىن نان ، تۆت قوشۇق قېتىق ، سىنت پۇللارنى بېرىشىدۇ . ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا چۈشۈپ كېتىدۇ . ھادى قاپىقىنى تۈرۈپ ، بىردەم ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋارقىرايدۇ :

— ھەي … ھەي … توختاڭلار مەن مەركەزگە تېلېفون بېرەي .

ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاننى دوراپ ۋارقىرايدۇ:

— ۋەي ... ۋەي ... ماڭا ماۋجۇشىنى ئېلىۋەتسىلە، ۋەي... ھە ئۆزلىرى ماۋجۇشىما؟... ئۇ خۇددى تېلېفون ئارقىلىق ماۋجۇشىغا ئەھۋال ئېيتىۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالىدىغان ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر تالاي گەپلەرنى قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا سەمەر قارىنى قارغاپ قوشاقلارنى قاتىدۇ.

دېھقانلار ھادىباينىڭ گەپلىرىگە كۈلۈشۈپ تېلىقىپ كېتىشەتتى:

— خۇدايىم دېگىنىڭدەك بولار ھادى.

كېيىنكى كۈنلەردە ھادى بۇنداق دېمەيدىغان بولدى، تولىمۇ جىمىپ كەتتى. ھېچكىم بىلەنمۇ كارى بولمىدى، كېيىن ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ئۆيلەندى، بۇ ئۆتكەن ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئۇنتۇلمايدىغان ئىشلار ئىدى.

## 3

قوزا چۈش مەزگىلىدە ھادىباي ھېيتگاھقا كەلدى. ئۇنىڭ دېمى سىقىلىپ پۈتۈن ئەزايىنى تەر بېسىپ كەتتى. جامە ئالدىدا ئۆزىگە ئوخشاش قېرى، جۇلدۇر كىيگەن ئادەملەر غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. يوغان دەرۋازىدىن سەللىلىك، سەللىسىز ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشەتتى. ھادىباي غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇۋالغان ئادەملەر ئارىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ كىيىمىنى سېلىپ يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئولتۇرغان سېرىق چىراي، قارا ساقال بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھېلىقى ئادەم بىر قاراپ قويۇپ يەنە كۆڭلىكىنىڭ چاكلىرىنى ئاقتۇرۇپ ئولتۇرىۋەردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇچى كۆيۈپ كەتكەن ئۇزۇن بىر ھاسا، بىر قۇرۇق خورجۇن،

ھالقىلىرى پارقىراق بىر ساپايە تاشلاقلىق ئىدى . ساقال - چېچىنى تـازا ئـۆسـتۈرۈۋەتكەن ، ئۇزۇن قارا يەكتەك كىيگەن ، يۈگلۈك مەيدىسى ئېچىلىپ تۇرغان ياشراق بىرى ھادىبايغا سۈركىلىشىپ ئـولـتۇرۇپلا ، قولىقىغا قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چـېـكىشكە باشلىدى . ئەتراپنى قويۇق كەندىر پۇرىقى قاپلىدى . ھادىباي يۆتىلىپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەل نېرىغا ، قارت ئـويـنـاۋاتـقـان بـىر توپنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرىۋىدى ، تاماكا چېكىۋاتقىنى كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى .

ھادىباي ئەمدى ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ، بىر توپ سەپ تۇزگەن خەنزۇ - ئۇيغۇر ئۆسمۈر ھېيتگاھ مەيدانىدىن «ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ناخشىنى توۋلاپ ئۆتۈشتى . غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغان جۇلدۇر كىيىملىك ئوماق باللارغا ھاڭۋاققىنىچە بىردەم قاراپ قېلىشتى . كېيىن ھەممىسى ئۆز ئىشىغا — نەشە چېكىش ، غەيۋەت قىلىش ، پارچە نان غاجىلاشقا چۈشۈپ كېتىشتى . ھادىبايمۇ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئويلىغىلى تۇردى : «پاشاخاننىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئاۋۋال ساتىراشقا چاچ - ساقىلىمنى ئالدۇرۇۋالسام ، ئاندىن كـېـيـىـن ئـوردا ئـالـدىـغـا چـۈشۈپ زاسۇي يەپ قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالسام ، پاشاخانغا تويدا ئالالمىغان كۆڭلەكلىك ، بىر جۈپ ئۆتۈك ، بىر كەمچەت تۇماق ، ئۇزۇمگە پۇتۇن بىرەر قۇر ئۇستىباش ئېلىۋالسام… »

ھەيۋەت بىلەن كەلگەن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى . جامە ئالدىدا ئولتۇرغانلار ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى . قارت تارتىۋاتقان غۇژمەكتىن سەككىز - توققۇز جۇلدۇر كىيىمەن جـامـەنـىـڭ ئـىچىگە قاراپ قېچىۋىدى ، ساقچىلار «توختا» دەپ ۋارقـىـرىـغـانـچـە ئۇلارنى قوغلىدى . قاچقانلاردىن بىرى ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پېشىگە دەسسەپ سېلىپ دۈم يىقىلدى . ئۇنىڭ سەل

ئـالدىدىراق قىچىپ كىتىۋاتقىنىنى چاققان بىر ساقچى يۇگۇرۇپ بـىرىپ توختاتتى . بىردەملىك ئۆرە ـ تۆپىدىن كىيىن ھىيتگاھ مـۇنـارىـسىنىڭ ئالدى جۇلدۇر چاپانلاردىن تازىلاندى . ھەممىسى سـاقـچـى مـاشـىـنـىسىغا چىقىرىلدى . ئىككى ساقچى ھادىبايىنى قولتۇقىدىن تۇتقانچە پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۇزمەي ماشىنىغا چىقاردى .

— ۋاي ··· ۋاي باللىرىم مىنى تۇتماڭلار ··· مىنى تۇتماڭلار ، مەن خۇدانىڭ ياۋاش بەندىسى . مەن نىمە گۇناھ قىلدىم ، مىنىڭ گۇناھىم يوق . مىنى قويۇۋىتىڭلار ···

ساقچىلار ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىگە پەرۋا قىلمىدى ، ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋەتتى . ئۇ دۇگجۇنۇپ بىرىپ كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ پارقىرىتىشىپ تۇرۇشقان «ھەمراھلىرى» غا يۆلىنىپ قالدى . ئـۇلارنـىـڭ ھەممىسى قورقىنىدىن ئۆپكىسى ئىغىزىغا قاپلىشىپ قالدى . بىرقانچىسى نەشىنىڭ راھىتىدە ئۆرە تۇرۇپلا خاتىرجەم ئادەمدەك مۇگدىشىۋاتقاندى . ماشىنا قوزغىلىپ خىلى ئۇزاق ماڭدى ، ھادىباي بىردەم ھالسىزلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كـىـيىن ، قاپىقىنى تۇرۇپ ، سەسكەنگىنىدىن ماشىنىنىڭ پولات چىۋىقلىق دىرىزىسىدىن بىپايان كۇز دالاسىغا قاراپ تۇرغان ئۇيغۇر ساقچىنىڭ يىنىغا سۇرۇلۇپ كەلدى . ساقچى بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان قىزىل يۇزلۇك يىگىرمە تۆت ياشلار ئەتراپىدىكى كىلىشكەن يـىـگىت ئىدى . ئۇ ھادىبايدىن سەسكىنىپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قارىدى . ھادىباي دەرھال لام ـ جىم دىيەلمەي تەمتىرەپ قالدى . بىردەم تۇرغاندىن كىيىن ئاستا سورىدى :

— بالام بىز ··· بىزنى نىمىشقا تۇتتۇڭلار ··· بىز نىمە گۇناھ قىلدۇق ، — دىدى ئىچى تىتىلدىغىنىدىن بوغۇلۇپ .

ساقچى يىگىت ئۇنىڭغا سەت گەپ بىلەن دەشنام بەرمەك بولۇپ قارىدىيۇ ، ھادىبانىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ غىققىدە



www.uyghurkitap.com

بولۇپ چىرايلىق چۈشەندۈردى .
— سىلەرنىڭ ھېچقانداق گۇناھىڭلار يوق . قورقمىسىلا ، بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ھەممىڭلارنى قويۇپ بېرىمىز . ھازىر يۇقىرىدىن باشلىق كېلىدىكەن ، شۇڭا شەھەردىكى بىكار تەلەپ ، دىۋانىلەرنى تۇتۇپ ۋاقىتلىق توختىتىپ قويماقچىمىز . بىر ھەپتىدىن كېيىن يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق كەتسە ، سىلەرنى يەنە قويۇۋېتىمىز . ھېيتگاھ يەنە سىلەرنىڭ .
— ۋاي بالام ، مەن دىۋانە ئەمەس . مەن بىر ھالال دېھقانمەن . نەزەر باغ تۆتىنچى دادۇيلۇك دېھقانمەن . مەن خوتۇن ئالغان ، لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى شەھەرگە چىققەنتىم ، — ھادىباي ھاسىراپ تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى .
ساقچى يىگىت ھادىباينىڭ باش - ئايغىغا سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن مەسخىرە بىلەن كۈلدى :
— ئاكا سەن تۆت كۇنلۇكلۇك قالغان كېسەلمەن ئادەمكەنسەن ، خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئاز قالغاندا يالغان گەپ قىلما . بۇنداق ئىشتىن ئالدىمىزدىن كۆر مىڭى ئۆتكەن ، بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ . مېنى كىچىك بالا كۆرەمسەنيا ؟
— ياق ··· ياق ··· بالام ئۇنداق دېمىسىلە ، يامان بولىدۇ . خۇدا تۆپىمىزدە تۇرۇپتۇ . ئېغىزىمغا چىش چىقىپ يالغان گەپ قىلغان بەندە ئەمەسمەن . قەسەم قىلاي ، مەن دىۋانە ئەمەس . ھالال ئادەممەن···
— ماڭە ، ماڭ كولدۇرلاپ بېشىمنى ئاغرىتماي ، سېنى كىم دىۋانە ئەمەس دېيەلەيدۇ .
— راست ، ئۇنى بىز تونۇيمىز . ئۇمۇ بىزگە ئوخشاشلا دىۋانە .
— تازا كونا قەلەندەر ···
— شۇ جىنىدا ساقچى غوجامنىڭ بۆكىگە جىگدە سالىمەن دەيدۇ ، ھا ··· ھا ··· ھا···

ماشىنىدىكى دىۋانىلەرنىڭ ھەممىسى ھادىباينى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ھادىباينىڭ ئېڭەكلىرى غەزەپتىن كاسىلداپ كەتتى. ئۇ پۇت - قولىدا جان قالمىغاندەك ھېس قىلىپ گەپ قىلالماي ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى. كەچ پېشىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ - چوڭ سۆڭەكلىك پاشىلار غىڭىلداپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بىر شاللىققا ئەكېلىپ ماشىنىدىن چۈشۈردى. ئاندىن تاشلىنىپ قالغان كونا بىر ماخوغا ھەيدەپ كىرىپ، تامنىڭ تۈۋىگە قاتارى ئولتۇرغۇزدى. ھەممىسىنىڭ قولىغا بىردىن سېرىق قوناقنىڭ ئاچچىق زاغرىسى، بىر تاۋاقتىن داغ چاي بەردى. «تاماق» تىن كېيىن ئۇلارنى قاراڭغۇ بىر گەمىگە ئەكىرىپ قويدى.

— ئوخلاڭلار، ئەتىگەنلىككە تورغاي چۇچۇلىغاندا، شال ئورۇشقا چىقىسىلەر، — دېدى ساقچى چىقىپ كېتىۋېتىپ. شال ئورۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىسى نالە قىلىشقىلى تۇردى. ھادىباينىڭ دېمى سىقىلىپ قاتتىق يۆتەل تۇتتى.

4

ھادىباي شەھەرگە كىرىپ كېتىپ ئۈچ كۈنگىچە ئېز - دېرىكى بولمىغاندىن كېيىن پاشاخان سەمەر قارىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شەھەرگە كىرىپ ساقچىخانىغا كەلدى. ئۇ بىر ياش بالىنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن ساقچىخانىغا كىرگەندە، بىر ياش ساقچى يىگىت بىر ئوماق قىز بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. يىگىت پاشاخاننى كۆرۈش بىلەن تەڭ كۈلكىسىنى توختاتتى:

— ھە، نېمە دەيلا؟

پاشاخان سەل تەمتىرەپ قالدى.

— قايىلىسىلا، ئوبدان غوجام بالام، مېنىڭ بىر كېسەل ئېرىم شەھەرگە چىرىپ كېتىپ ئۈچ كۈننىڭ ياقى يوق. ئىزدىمىگەن ھېچيەر قالمىدى. شۇڭا...

— هە بولدى ، بۇ ئىشقا مەسئۇل ئادەم بۇ يەردە يوق . 3 ـ ئاھالە كومىتېتىغا كەتكەن ، شۇ يەرگە بېرىپ شۇ ئادەمگە دېسىلە .

پاشاخان چۈشكە يېقىن مەسئۇل ساقچىنى ئاران تاپتى . ساقچى ھادىباينىڭ ھەممە ئەھۋالىنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن :

— سىلى گېزىتخانىغا بېرىپ ئېلان بەرسىلە ، ئاندىن رادىئو پونكىتىغا ئېلان قىلدۇرسىلا ، — دەپ يول كۆرسەتتى . پاشاخان مادارى قالمىغان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ مېڭىپ كەتتى .

ھـادىبـاي ئـىككى كۈن شال ئورغاندىن كېيىن ، كېسىلى رەسمىي تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئۈچ كۈن گەمىدە تۇندى ، تۆت قېتىم قان سەپرا قىلدى . ساقچى دوختۇرى ئوكۇل ئۇرۇپ داۋالىغاندىن كېيىن ، ئۇ خېلى ئوڭشىلىپ قالدى . دوختۇرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بەشىنچى كۈنى ئۇنى قويۇۋېتىشتى . مەشرىق قان رەڭگىگە كىرگەن ئەتىگەندە شەبنەم باسقان توپىلىق يـولـدا ئـۇ ئـۆتـكـەنكىدەكلا ئالدىراپ ماڭدى . لېكىن ھازىر ئۇ ئـۆتـكـەنكىدەك ماغدۇرلۇق ئەمەس ئىدى ، بېشى قېيىپ ، كۆزى تورلىشىپ ، ئىككى يانغا تەۋرەپ كېتەتتى . يول بويىدىكى ئېتىز قـىـرلىرىدا غۇززىدە قورۇلۇپ قالغان ئاپتاپپەرەس ئۇنىڭ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىگە خۇددى پاشاخان كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . سانسىز پاشاخان ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك ، قۇچىقىنى ئـېـچـىـۋاتـقـانـدەك ، پاشاخاننىڭ تولغان كۆكسى ئۇنىڭ قاقشال مـەيـدىسىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ ئاشقازىنى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى . ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ نەپىسى سىقىلىپ قىرغا يۆلىنىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى . پاشاخان ئەمدى ئۇنىڭ بېشىدا ئېڭىشىپ كۈلۈمسىرىدى . ھادىباي كۈلمەكچى بولۇپ ، كىرىشىپ كـەتـكەن چىشلىرىنى كۈچەپ ئاچتى . شۇئان ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئوتتەك قىزىق بىر بۇس چىققاندەك بولدى . بۇ نەرسە ئاستا ـ ئاستا چاڭگەك ساقاللىرى ئارىسىغا ساقىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە پاشاخان

توپا ـ چاڭ ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنگىلى تۇردى.

— پاشاخان ... پا ... شا ...

ئۇنىڭ ئارىدەك بارماقلىرى پاشاخاننىڭ چىرايلىق مەڭزىگە ئۇزىتىلدى. ئەمما ھېچنېمىنى تۇتالمىدى. يەنە بەكرەك ئۇزىتىلدى، پاشاخان ئۆزىگە شۇنچە يېقىن ئېگىشىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولى زادى يەتمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چوڭ ئاچتى، قولىنى ئېخىمۇ كۈچەپ ئېگىز كۆتۈرمەكچى بولدى. ئەمما ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى!...





www.uyghurkitap.com

# قەلەندەرنىڭ جەندىسى

مانا بۇ يېزا مەسچىتىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرىدىن تۆت كىشى، خالىس بىر ئۆلۈمنى ئۇزاتقۇچىنىڭ ئۆيىدە تۆردىن ئورۇن ئېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان، يېشى يەتمىشتىن هالقىغان نامەت ئاخۇنۇم، هازىر ئىبادەتنىمۇ تەرك ئەتمەي، دىنىي ئىشلار خىزمىتىگە ئارىلىشىپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆز هاياتىنىڭ بەزى مەزگىللىرىدە «ئۇلۇغ» ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەل ـ جامائەتنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشىپ، يۇرتنىڭ كاتتا ئۆلىماسى بولۇپ قالدى، ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ هىممىتىگە ئېرىشىپ ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشىدى. خەلقمۇ ئۇنى هىمايە قىلدى ۋە هۆرمەتلەپ كەلدى. جۇت كۈنلەر باشلىنىپ، قارا بوران بىچارە ئاۋام خەلقنىڭ ئالتۇندەك قەدىرلەپ كېلىۋاتقان كىتابلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، ئوت دېڭىزىدا ئۆرتىگەندە، موماىلارنىڭ چاچلىرى كېسىلىپ، بوۋايلارنىڭ ئۇچتەك ئاق ساقاللىرى چۇشۇرۇلۇپ كوسا ئېڭەك قىلىنغاندا بىچارە بوۋاي ـ موماىلار، چېچى بىلەن ساقاللىرى ئەمەس، رەهىمسىز ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتقان سان ـ ساناقسىز كىتابلارغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ، ئۆزلىرىنى تۇتالماي هۆركىرەپ يىغلاشقان چاغلاردا، نامەت ئاخۇنۇم پەقەت ساقىلىنى تۇتۇپ قالدىيۇ، دەرهال سەللە بىلەن تونىنى ئىچكىرى تەكچىگە تىقىۋېتىپ، بۇ يۇرتنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈش

ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان يېتەكچىگە ئايلاندى . بۇ ئۆتكەن ئىشلار ...

مانا ھازىر ئۇ يەنە ماۋۇ ئۆزىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان ئۈچ ئۆلىمانىڭ بېشى بولۇپ ئولتۇرىدۇ . كېيىنكى چاغلاردا ئۇ يەنە چارلاشقان ساقىلىنى بىر سىقىملىدى ـ دە ، ھېلىقى ئىچكىرىكى تەكچىدە تۇپا بېسىپ چاشقان ماياقلاپ قويغان سەللىسى بىلەن تونىنى تۈجۈپىلەپ تۈزەشتۈرۈپ كىيدى ، ئۇ «ئىلغار دىنىي زات» لىق سالاھىيىتى بىلەن بىرلىكسەپىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى ۋە مانا بۇ يۇرتىنىڭ ئىماملىقىنى قولغا كەلتۈردى . خەلق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھومايسىمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ .

مانا ھازىر ئۇ بەكمۇ خاپا چىراي ئولتۇرىدۇ . ئۇنى خاپا قىلىۋاتقىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقنىڭ يۇرتتىكى ئىگە ـ چاقىسىز ، قېرى بىر قەلەندەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش توغرىسىدىكى ھاۋالىسى ئىدى . بۇ قېرى بوۋاي ھايات چېغىدا تىلەمچىلىك قىلىپ ، نەدە كەچ بولسا ، شۇ يەردە يېتىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى . ئۇنىڭ نە ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قوۋم ـ قېرىندىشى ، نە بالا ـ چاقىسى يوق ئىدى . ھەتتا بۇ يۇرتتىكىلەر ئۇنىڭ قايسى يۇرتتىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ ئۆلۈۋىدى ، مەھەللىدىكى خالىس نىيەت بەختاخۇنباي ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئىشلىرىنى ئۆز ئۆيىدە بىرتەرەپ قىلماقچى بولدى .

ئەمدى نامەت ئاخۇنغا كەلسەك ، ئۇنىڭ ئۆز رايىچە ئېيتقاندا ، بۇ قەلەندەرنىڭ مېيىتىنى يۇيۇش ، نامىزىنى چۈشۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىرسە ، نەپ تەگمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە كېلىشنىمۇ خالىمايتتى . ساۋاب بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ھەققىمۇ بولۇشى كېرەك . مەسئۇل تارماقلار ئارىلىشىۋالمىغان بولسا ، ئۇ بۇ يەرگە ھەرگىزمۇ كەلمەيتتى ، بەلكى ئاۋۇ قوشنا يېزىدىكى بىر باي ئائىلىنىڭ تەنتەنىلىك دەپنە مۇراسىمىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن

بىر مۇنچە پايدا ـ مەنپەئەتكە ئىگە بولغان بولاتتى . بۇ قەلەندەرنىڭ پەقەت بىر ئەسكى جەندىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى . بۇ قەلەندەر تېخى «مېنى يۇغۇچىغا مۇشۇ جەندە تونۇمنى قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ . كۆرۈك بۇ كارامەتنى ، بۇ ئىشقا يېنىمدا ئولتۇرغان ماۋۇ چەلپەكچىلەردىن بىرىنى بۇيرۇپ قويۇپ ، كېتىپ قالسامۇ بولماس . ئاۋۇ يەردىكى مېيىت ئىگىسى بولغان سېخىي باي ھېچ بولمىسا ئازراقتىن ناماز ھەققى قويار ...

نامەت ئاخۇنۇم كوسا ئېڭىكىدە شالاڭ ئۆسكەن قوڭۇر ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ، يېنىدىكى كۆتمەك ساقال ئاخۇنۇمغا :

— مېيىتنى يۇيۇشقا ئۆزلىرى كىرسىلە . مېنىڭ بۈگۈن تازا تاۋىم يوق تۇرىدۇ ، — دېدى پەس ئاۋازدا .

كۆتمەك ساقال ئاخۇنۇم نامەت ئاخۇنۇمغا قاراپ ، سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى . كۆز قۇيرۇقىدا ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان قارا ساقال ئاخۇنۇمنى ئىشارەت قىلىپ قويدى . نامەت ئاخۇنۇم ئۇنىڭغا كۈلكە ئارىلاش ھومىيىپ قويۇپ ، قارا ساقال ئاخۇنۇمغا قارىدى .

— داۋۇتاخۇنۇم مېيىتنى يۇيۇشقا ئۆزلىرى ...

داۋۇتاخۇنۇم قولىدىكى كىچىك كۆكتاشلىق قۇرئاننى يېپىپ قوينىغا سالدى ـ دە ، ئۈن ـ تىنسىز ئورنىدىن تۇرۇپ مېيىت بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى . نامەت ئاخۇنۇم بىلەن سېرىق چىش ئاخۇنۇمنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى ۋە ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇشتى .

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كەچتە ، نامەت ئاخۇنۇم بېشىغا لېچەك ئارتىۋالغان بىر ياش جۇۋاننى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ، ئۇنىڭ پېشانە ، يۈزلىرىنى ئالا قويماي سۆيۈۋاتاتتى . سولغۇن چىراي جۇۋان بولسا ، قېرى مۇشۇكنىڭ ئالقىنىدىكى ئۆلۈپ قۇشقاچتەك ، ئاخۇنۇم قايانغا تەۋرەتسە ، شۇ ياققا تاشلىناتتى . ئاخۇنۇمنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ يېرىم يىل بولغان بۇ كۈنلەردە ، مانا بۇ ياش جۇۋانغا ئۆيلەندى . بىر ھەپتىدىن بۇيان

www.uyghurkitap.com

بامدات ، جۈمە نامازلىرىدىن باشقا نامازلارغا چىقمىدى ، ئىمامەتچىلىكنى هاۋالە قىلىپ قويۇپ ، ئۆزى شىرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى . ئىشىكنىڭ خېلى چىڭ قېقىلىشى نامەت ئاخۇنۇمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇپ ھودۇقتۇرۇۋەتتى . ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۈزۈۋالدى ، خوتۇنى ئېرىنچەكلىك بىلەن شىپىلداپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . چىرايلىرى قورۇپ قالغان شەبنەم كاۋىسىدەك تاتارغان ، كۆزلىرى چامغۇر ئورىسىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سىرىق چىش ئاخۇنۇم ئىشىكتىن پايپاسلاپ كىرىپ كەلدى ، ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن سالام ـ سائەتنىمۇ ئۇنتۇدى .

— نېمە ئىش بولدى ، جىددىيلىشىپ كېتىپسىلغۇ ؟

سىرىق چىش ئاخۇنۇم ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ ، خىرىلداپ سۆزلەپ كەتتى :

— قويىسىلا ، ھەي ئىسىت... كەلمىگەن تەلەي... ھۇ ھاماقەت...

نامەت ئاخۇنۇمنىڭ جۇدۇنى تۇتتى :

— نېمە ! ئادەمنى ئېغىزلىرىغا قارىتىپ قويۇپ ، خوخا يېگەن بايتالدەك شاللىرىنى چىچىپ تىللىرىنى چاينايلىغۇ ؟ زادى نېمە گەپ ؟

— ھېلىقى داۋۇت دېگەن كەلگۈندى دەۋزىخنى دېمەيلا ، ئۆتكەن كۈنى ئۇ ھېلىقى قەلەندەرنىڭ مېيىتىنى يۇغىلى كىرىپ ، ئۇنىڭ جەندىسىگە ئېرىشمىگەنمىدى ؟

— ھە ، ئۇ جەندە نېمە بولۇپتۇ ؟

— كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن دەيلا ، ھەي ئىسىت ، جەندىنىڭ پېشىدىن بىر زىخچا ئالتۇن ، ئۈچ دانە تىللا چىقىپتۇ ئەمەسما ؟

— ھە ! ؟ ...

نامەت ئاخۇنۇمنىڭ ئىككى كۆزى جامدەك ئېچىلىپ ، چەكچىيىپلا قالدى . ئۇ قۇلىقىغا ئىشەنمەي ، يەنە ياندۇرۇپ سورىدى :

— ئالتۇن دېدىلىمۇ ، بىر زىخچا ، غېرىق كېلىدۇ ، ئۈچ دانە تىللا …

نامەت ئاخۇنۇم دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— بۇ نائىنساپ كەلگۈندى ، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتىما ؟

— يوقسۇ ، يوقسۇ ئاخۇنۇم ، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن بەچچىغەر ، قۇۋ تۈلكىكەن . ئۇ نەرسىلەرنى پۈتۈن ئەل - جامائەت ئالدىدا ئاشكارىلاپ ، بۇنى دۆلەت ئورگىنىغا سېتىپ ، پۇلىنىڭ يېرىمىنى مەسچىتنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا ئىشلىتىمىز ، يېرىمىنى بالا - ۋاقىمىزنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سېلىۋاتقان مەكتەپكە ۋەخپە قىلىمىز دەپ كاكىرىدى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقى پۈتۈن يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى ، ھەتتا ھەممىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . بۈگۈن پېشىن نامىزىدا مەكتەپتىكى بىر توپ گۆدەكلەر مەسچىتكە كېلىپ ئۇنىڭغا گۇل تەقدىم قىلدى . خەلق ئارىسىدا جىق گەپ : «ئەگەر بۇ نەرسىلەر نامەت ئاخۇنۇمغا ئۇچرىغان بولسا ، سەللە بىلەن تونىنى تىققان ئىچكىرى تەكچىگە تىققان بولاتتى . داۋۇت ئاخۇنۇم ھەقىقىي ئۆلىما ئىكەن ، مۇشۇنداق ئاللا يولىدىكى خالىس ئادەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇساق …»

— بولدى كاپشىما ! بۇ تۇزاقچى كىسپۇرۇش ، جامائەتنىڭ كۆزىنى باغلاپ ، شۇنچىلا ھەددىدىن ئېشىپتىما ؟ مەن ناھىيىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، مېنى تېخى ھۆكۈمەت تاشلىۋەتكىنى يوق . خەلقنى ھۆكۈمەت باشقۇرىدۇ … خەپ .

نامەت داموللىنىڭ كوسا ئېڭەكلىرىدىكى شالاڭ ساقاللىرى تىترەپ ، چىرايى ماتا چىلىغان سۇدەك قارىيىپ كەتتى .

— بىراق ، جامائەت ئۇنى ئىمام سايلىۋالدى .

سېرىق چىش ئاخۇنۇمنىڭ بۇ سۆزى نامەت ئاخۇنۇمنىڭ تىناك تومۇرىغا تەگدى …

# بېدىك

ھىلەكباي ئاق قوناقنىڭ شېخىدەك ئېگىز ، ئورۇق ، ئىلمەك بۇرۇن ، يۈزى چوقۇر ، چېقىر كۆز ، ئۆچكە ساقال ، تازا بىر دوقا ماڭلاي ، تولىمۇ گەپدان ، ئىسمى جىسمىغا لايىق ھىيلىگەر ئادەم . سەيشەنبە بازارغا ئۇلاغ ئالغىلى بارغانلار ھىلەكباينىڭ قىلتىقىغا چۈشمەي بىر ئۇلاغ ئالارمەن دەپ ئۆيدىن چىقسىمۇ ، مال بازىرىنىڭ بوسۇغىسىغا بارا - بارمايلا ھىلەكباينىڭ قىلتىقىغا چۈشمەي قالمايدۇ ، سودا قىلىمەن دەپ ئويلىسىمۇ يەنىلا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھىلەكباينىڭ قىلتىقىغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ ياكى ھىلەكباينىڭ قىلتىقى ئىچىدە تۇرۇپ سودا قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ . ھىلەكباي مۇشۇ ناھىيىدىكى داڭدار ئۇلاغ سودىگىرى بولۇپ ، ئۇ بازاردىن بۇ بازارغا قاتراپ ئۇلاغ ئېلىپ ، ئېپى كېلىپ قالسا دەرھال سېتىپ پايدىسىنى چۆنتەككە سالىدىغان ئادەم . شۇڭا كىشىلەر «ھىلەكباي قورسىقىدىكى ھىيلىنىڭ كۆپلۈكىدىن جىنىنى ئۇسسۇلغا سالىدىغان ، ئۆلۈك ئىتنى تالاشتۇرىدىغان ، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان ئادەم» دېيىشىدۇ . ئادەم بېيىغانسېرى ئاچ كۆزلىشىدىغان ئوخشايدۇ ، بۇ گەپلەر بەزى چاغلاردا راست چىقىپ قالىدىكەن . ھىلەكباي چۈشىدىمۇ قانداق قىلسام بىر سومنى ئون سوم ، ئون سومنى يۈز سومغا ، قوزىنى ئۆكۈزگە ئايلاندۇرارمەن دېگەنلەر ئۈستىدە ئويلىشىدۇ . كىشىلەرنىڭ گۇمانى پەرەز قىلىشىچە ، ھىلەكباينىڭ نەق پۇلى يۈز

مىڭ سومدىن ئاشارمىش ، بۇ پۇللارنى ئۇ ۋىلايەت ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى بانكىلارغا بۆلۈپ ئامانەتكە قويغانمىش . بىر چاغلاردا ئۇ كىشىلەرگە مىڭ سوم پۇلنى تارازىدا تارتىپ كۆرسەم بىر جىڭ كەلدى دەپ سالغىنى ئۈچۈن بىرمۇنچە خاپىلىق تارتىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ھازىر بىرەرى : «ھىلەك ئاكا ، ھازىر پۇلۇڭ كۆپىيىپ بىر تاغار بولغاندۇ – ھە ؟» دەپ سورىسا ، كۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ دەرھال كۆلكىسىنى توختىتىپ : «نىمە سورايتتىڭ ، خۇدانىڭ بەرگىنى بار – دە» دەپ ئالىيىپ قويىدۇ ، بەزىدە چاقچاق قىلىپ : «ھىلەك ئاكا پۇلنى جىڭلاپ كۆرۈپ باقمىدۇق» دەپ قويسا تېخىمۇ تېرىكىپ كېتىدۇ .

ئۇ ھەر قېتىم بازارغا بارسا سەل نەپ تەگكۇدەك ئۇلاغنى مەيلى قوي ، ئېشەك ، ئۆچكە ، ئات ، كالا بولسۇن ئېلىپ ، بازاردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن بىر قانچىسىنىڭ كۆنلۈكىنى سېتىۋالىدۇ – دە ، ھېلىقى ئالغان ئۇلاغلىرىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ ، كەڭرى ئۇلاغ بازىرىنىڭ تەرەپ – تەرىپىگە تارقىتىۋېتىدۇ ، بەزىدە ئۇلاغ بازىرىنىڭ يىگىرمە – ئوتتۇز يېرىدە ئۇنىڭ ئۇلاغلىرىنى تۇتۇپ تۇرغانلارنى كۆرگىلى بولىدۇ . بۇنداق چاغلاردا ھىلەكباي بۆكىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ، پەرجىسىنىڭ پېشىنى يوتىسىغا قىستۇرۇپ ، تەرلەپ – پىشىپ ھەرقايسى سودا بازىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ، تولا سۆزلەپ چارچاپ كېتىدۇ . لېكىن ئۇ ئەللىك ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ئانچىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ ، بەلكى ناھايىتى روھلىنىپ كېتىدۇ . بىرەر ئۇلاغنىڭ چۆرىسىگە ئىككى – ئۈچ ئادەم يىغىلىپ ئۇلاغنى كۆرگىلى تۇرسا ، ھىلەكباي دەرھال شۇ يەرگە بارىدۇ . ئۇ ئۇلاغ مەيلى ئۆز «بازار»ىنىڭ ئۇلاغلىرى بولسۇن ، مەيلى باشقا كىشىنىڭ ئۇلاغلىرى بولسۇن ، شۇ ھامان ئۇلاغنى بىر ئايلىنىپ تازا زەن سېلىپ كۆرۈپ ، ئاندىن ئۇلاغنىڭ چىشىنى كۆرۈپ ، ئېغىزى ئېغىزىغا تەگمەي ماختاشقا باشلايدۇ .

كىشىلەر ھىلەكباينىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ ، ھىلەكباينىڭ قىلتىقىغا چۈشمەيلى ، دەپ باشقا تەرەپكە بېرىپ ، بىرەر ئۇلاغنى

ئەمدى كۆرەي دەپ تۇرۇشىغىلا ، ھىلەكباي ئاسماندىن چۈشكەندەك دەرھال شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ ـ دە ، شۇ ئۇلاغنى تازا ماختاپ ، كىشىلەرنى سېتىۋېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلاغ بازىرىدىكى قايسى ئۇلاغنىڭ ھىلەكباي ئىلكىدىكى ئۇلاغ ، قايسىسىنىڭ باشقىلار ئەكىرگەن ئۇلاغ ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي ، شۇ ئۇلاغنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئەگەر ئۇ ئۇلاغ باشقىلارنىڭ بولۇپ قالسا ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەڭ كەم بولغاندا ئىككى سومدىن سالا ھەققىنى ئالىدۇ ـ دە ، بۇ چاغدا ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز گېپىنى ئالتە ـ يەتتە سومغا ساتقان بولىدۇ . ئەگەر سودا بولغان ئۇلاغ ئۆزىگە تەۋە بولسا ، سالا قىلغان بولۇپ ، ئۆز كۆڭلىدە دىتلاپ قويغان پايدا پىلانىغا ئاپىرىپ ساتىدۇ . تېخى بەزىدە بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن «سالا ھەققى» نى ئۆز «باھا» سىدىنمۇ يۇقىرىراق ئېلىپ ، ئۇلاغ ئالغۇچىنىمۇ كۆپرەك بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ . سېخىيلىقى تۇتۇپ كەتكەندە ئالمايمۇ قويىدۇ . بۇنداق ئەھۋال ئاساسەن سېتىلغان ئۇلاغ ئۆزىنىڭ پايدا پىلانىدىن ئېشىپ كەتكەندە بولىدۇ . كەچكىچە كۈن شۇنداق جىددىي ھەم ئەپلەپ ـ سەپلەشلەر ئىچىدە ئۆتىدۇ ، بەزى چاغلاردا ھىلەكباينىڭ ئالغان پايدىسى كۈنىگە مىڭ سومدىن ئېشىپ كېتىدۇ . بۇنداق چاغدا ھىلەكباي ھەرقايسى نۇقتىلاردىكى كۈنلۈكچىلەرنى ئاشپۇزۇل ياكى تونۇر كاۋىپى دۇكىنىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلىپ ، كۈنلۈكچىلەرنىڭ ئۇلاغ سېتىش جەريانىدىكى ماھىرلىقىنى ، بەزىبىر سەل چېنىپ قالغان جايلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىر كۈنلۈك سودا خىزمىتىنى خۇلاسىلايدۇ ، بىر قىسىم ناچارراق ئۇلاغلارنى ماھىرلىق بىلەن ئەسلىي نەرخىدىن كۆپ ئاشۇرۇپ ساتالىغانلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ . چاندۇرۇپ قويغان ياكى ئۇلاغ ساتالمىغانلارنى ماھىر بولۇشقا ئۈندەپ ئىش ھەققى بېرىدۇ . سەيشەنبە بازىرىدا سېتىلماي قالغان ئۇلاغلارنى كىچىكچە ئۆيدە راسا باقىدۇ ـ دە ، چارشەنبە بازارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ . ئىشقىلىپ ، ھىلەكباي زىيان تارتىپ قالمايدۇ .

ئۆتكەن بازاردا مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى . ھىلەكباي



www.uyghurkitap.com

پەيشەنبە بازاردىن ئۇن نەچچە قوي ـ كالا ۋە بىر ئات ئالدى ـ دە ، ئەتىسى ئازنا بازارغا ئاپىرىپ كەچكىچە ھەممىنى سۇ قىلىپ بولدى . بىراق ، ھېلىقى ئات ئۇستىخىنى چىرايلىق ، سېمىز بولسىمۇ ، تۇزۇك ماڭالمايدىغان ھۇرۇن بىر ئات بولغىنى ئۈچۈن ، ھەتتا ئەسلىي باھاسىغىمۇ چىقمىدى ، ھىلەكباي ئاتنى ساتالمىغىنىغا ناھايىتى ئۆكۈندى . ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ بۇ ئاتنى قانداق قىلىپ قولدىن چىقىرىش ھەققىدە كېچىچە باش قاتۇرۇپ ئۇياقتىن بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى .

ئۇ ياش ۋاقتىدا قاسىم بېدىك دېگەن باي سودىگەرنىڭ قىزى ھېلىمىخانغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى ، بۇ قىزغا شۇ يۇرتتىكى ناسىر بەگنىڭ ئوغلىمۇ كۆيۈپ يۇرەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى يۇرت ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش پەيدا بولغانىدى . ئاخىر بەگنىڭ ئوغلى بىلەن ھىلەكباينى بەيگىگە سېلىپ ، قايسىسى ئۇتۇۋالسا قىزنى شۇنىڭغا نىكاھلاپ بەرمەكچى بولدى . ناسىر بەگنىڭ ئېتى مۇشۇ يېقىن يۇرتلاردا داڭ چىقارغان يۇگۈرۈك ئات بولۇپ ، ھىلەكباينىڭ ئېتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى . ھىلەكباي بۇنىڭدىن ناھايىتى ئازابلاندى . شۇ پەيتتە بىر پېشقەدەم ئوغلاقچى ھىلەكبايغا بىر چارىنى تېپىپ بەردى . ئەتە بەيگە بولىدۇ ، دېگەن كۈنى كەچتە ھىلەكباي بىر قاپاققا چۈچۈتۈلگەن كەندىر يېغىنى ئېلىپ بەگنىڭ ئاتخانىسىغا ئوغرىلىقچە كىردى ـ دە ، ھېلىقى يۈگۈرۈك ئاتنىڭ كۆتىنىڭ ئەتراپىنى پىلىك بىلەن مايلاپ قويۇپ ، قۇرۇق شور توپا چېچىپ قويۇپ كەلدى . ئەتىسى بەيگە بولغاندا بەگ ئوغلىنىڭ ئېتى تولا يەل قويۇپ بېرىپ ، قورسىقى ئېسىلىپ قېلىپ يۈگۈرەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ھىلەكباي ھېلىمىخاننى ئەمرىگە ئالغانىدى .

ھىلەكباي شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى ئېچىلغان ھالدا يېنىدا يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ھېلىمىخانغا بىر قاراپ قويدى . «شۇغىنىسى تۇغماس چىقتى ـ دە » دېدى ھىلەكباي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ .

ئۇ خېلىغىچە ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپ

كۆڭلى يورۇپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىرژىكتىرنى ئالدى ـ دە ، ئاتخانىغا كىرىپ ئاتقا قوناق تۆكۈپ بېرىپ ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ياتتى . ئەتىسى ئەتىگەن تۇردى ـ دە ، ناۋاتنا دەملەنگەن چاينى ياغلىق توقاچ بىلەن بىر قورساق يەۋېتىپ ، ئاتنى توقۇدى . ئۇ ئېگەرگە ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ ئات خۇددى شامالدەك يۈگۈرگىنىچە توپا توزىتىپ ، شەنبە بازارغا قاراپ قۇيۇندەك چاپتى ، ھىلەكباي ئاتنى ئاپىرىپ بىر ئاش پىشىم ھايال بولمايلا يىراق بىر ياقا يۇرتلۇققا ئەسلىي نەرخىدىن ئۈچ يۈز سوم ئۇستۇن باھادا سېتىپ ، ئۆزىنى باشقا بىر يىراق يۇرتلۇق دەپ تونۇشتۇرۇپ ھۆججەتلىشىۋالدى .

ئەسلىدە ھىلەكباي ئاتنىڭ ئېگىرىنىڭ ئاستىغا بىر تال شاپتۇل ئۇچكىسىنى قىستۇرغان بولۇپ ، كىشى ئېگەرگە ئولتۇرغان ھامان ئات جان ئاچچىقىدا تازا كىشنەپ مېڭىۋەتكەنىدى .

*　　　　*　　　　*

مانا بۈگۈنمۇ ھىلەكباينىڭ يەنە بىر قېرى سىيىر ئۇستىدە بېشى قېتىپ قالدى . تۈنۈگۈن دۈشەنبە بازاردىن ئالغان ئۇلاغ ئىچىدە بىر قېرى سىيىر بولۇپ ، ئۇنى كەچكىچە داڭلاپمۇ ئالغان باھاسىغىمۇ چىقىرالماي جىلە بولۇپ قايتىپ كەلدى . ئۇ ئۆيگە كېلىپ سىيىرغا ھەلەپ ئېتىپ بېرىۋىدى ، سىيىر تازىمۇ ئىشتەيلىككەن ، بىردەمدىلا بىر ئوقۇر ھەلەپنى يەپ قورسىقى تومپىيىپ چىقتى . شۇئان ھىلەكباي بىر ئەقىل تاپتى : ئۇ سىيىرنىڭ يېلىنىنى كۆرۈۋىدى ، خېلىلا چوڭ ئىكەن . ئۇ كېچىچە ئۈچ قېتىم ئېغىلغا كىرىپ يوغان كاساڭدا ئىككى كۈنجۈرىنى ئۇنىڭغا يېگۈزدى . قېرى سىيىرنىڭ قورسىقى ھېلىلا ئېتىلىپ كەتكۈدەك يوغىناپ كەتتى . تاڭغا يېقىن ھىلەكباي بىر ئەسكى چۆخەينىڭ چەمى بىلەن ئىنەكنىڭ بايلىقىغا بىر ھازاغىچە ئۇردى . سىيىر ئاغرىققا چىدىماي ھۆركىرەپ كەتتى . تاڭ ئاتقاندا ھىلەكباي

سېرىنى ئېلىپ سەيشەنبە بازارغا قاراپ يولغا چىقتى. سېرىنىڭ بايلىقى پۇدەپ قويغاندەك ئىشىشىغان بولۇپ، كۆرگەنلىكى ئادەم سېرىنىڭ موزايلىشىغا ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ۋاقتى قاپتۇ دەپ قالاتتى.

ھەلەكباي ناھايىتى خۇشال ھالدا مال بازىرىغا كىرىشىگە بىرمۇنچە خېرىدار بۇ بوغاز سېرىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ ئال خېرىدار، سېرىنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈنلۈكى قالدى. بىرنى موزايلايدىغان بولسا ئاللاھۇ ئەكبەر، ئالامەت ساغلىق سېرىر دەيمەن، مانا قارا بايلىقىغا، — دېدى ھەلەكباي. سېرىنىڭ بايلىقىنى كىشىلەرگە ئالاھىدە ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، سېرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قۇيرۇقىنى تۇتۇشىغىلا تاياق زەربىدىن قورقۇپ كەتكەن سېرىر بىر پەشۋا قويۇۋىدى، ھەلەكباي شۇئان «ۋاي، ۋاي» دەپ ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى. سېرىر ھەلەكباينىڭ يامان يېرىگە تېپىۋەتكەن بولۇپ، ھەلەكباينىڭ ئېغىزىدىن كۆپۈك كېلىپ چىرايى كۆكىرىپ ياتاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىز تىرىك ئادەملەر

ئادەم ئۆلمەيدىكەن تىرىكچىلىك ئۇچۇن قىمىرلايدۇ. بەزىلىرى كۈن بويى، تۈن بويى تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەپ، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا يېتىپ - يەتمىگۈدەك بىر نېمىگە ئېرىشىدۇ. بەزىلىرى يالاپ تاپىدۇ، بەزىلىرى غاجاپ تاپىدۇ، يەنە بەزىلىرى كۈن بويى بۇت ئىلاھىدەك سۈرلۈك ئولتۇرۇپ تاپىدۇ. مانا بۇلارنىڭ تاپقىنى ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ.

شۇنداق، بىز تىرىك ئادەم. تىرىك جانغا كېرەك بولمايدىغان نەرسە يوق دېسە بولار. مانا مەن تار، ئەگرى - بۈگرى، بىر يەرلىرى كۆندۈزدەك، بىر يەرلىرى كەچ بولغاندەك، بىر يەرلىرى سۈبھى سۈزۈلگەندەك كوچىدا كېتىۋاتىمەن.

بىزنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىكى كوچىلىرى ھېلىمۇ شۇنداق. بۇرۇن بۇنىڭدەك تارمۇ، كەڭرىمۇ بۇنى ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بەرگۈدەك ئادەم يوق. ئادەم كۆيگەنسېرى بۇ كوچىنىڭ ئايىغى بارغانچە ئۇزاردى. چاتاقلىرى كۆپىيىپ مۇرەككەپلەشتى. كوچىدا قىستىلىشىپ، دوقۇرۇشۇپ، سۈركىلىشىپ ماڭىدىغانلار كۆپەيدى. بەزىدە بىر - بىرلىرىگە پۈتلىشىپ كەتسە «ھېچقىسى يوق» دېيىشىپ ئۆتۈشىدۇ، بەزىدە ھىجىيىشىدۇ، بەزىدە ئۈنسىز قارىشىپ قويۇشۇپ كېتىپ قالىدۇ. ئەڭ يامان چاغلىرىمۇ، سودىدا پەشۋا يەپ سەپرا بولغانلار، خوتۇنىدىن دەشنام يەپ دەردىنى چىقىرالمىغانلار، قىماردا ئۇتتۇرغانلار ياكى كۆزىگە سىغمايدىغانلار

دوقۇرۇشۇپ ، سۆركىلىشىپ ئۆتۈپ قالسا ، ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان ، ئوخشىمىسىمۇ يولى ئوخشىمايدىغانلار سۆركىلىشىپ قالسا دەسلەپكى سۆزلىرى تىكەندەك تەنە ، كېيىن ھاقارەت ، غوۋغا ، جېدەللەر تەرتىپ بويىچە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر كوچىدىن تۇرۇپمۇ بىرنەچچە زامان سالام - سائەتسىز ئۆتۈپ كېتىشىدۇ . مانا بۇ بىزنىڭ كوچا .

بۇ ئەگرى - بۈگرى ، تار كوچىنىڭ ئىككى تېمىنىڭ ئۈستىگە يوغان لىملارنى قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئۆيلەرمۇ كۆپ . شۇڭا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتقان بۇ كوچىنىڭ يورۇق يېرىدىن قاراڭغۇ ياكى غۇۋا يەرلىرى كۆپ .

ھۇشۇر ئىمام يانچۇقىدىكى سېرىق باغلىق سائىتىنى كۆرۈپ ، ھەر كۈنى ھەر ۋاخلىق نامازغا ئەزان چىقىشتىن ئون مىنۇت بۇرۇن مۇشۇ كوچىدا پەيدا بولۇپ ، كوچىنىڭ ئوتتۇرا دوقمۇشىدىكى مەھەللە مەسچىتىگە قاراپ يول ئالىدۇ .

ئۇ يەنە كوچىدا پەيدا بولدى . ناماز شامغا ئەزان چىقىشقا ئاز قالدى . ئۇ ئېگىز ، ئورۇق ، قاتاڭغۇر كەلگەن ئاچماق قارا ساقاللىق ئادەم . ئۇ ئەگرى - بۈگرى كوچىنىڭ ھەربىر ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە ، بوشقىنا غودۇراپ ، قاقشاپ ماڭىدۇ . چۈنكى ھەربىر ئىشىكنىڭ ئالدى پۇت قويغۇسىز پاتقاق بولۇپ كەتكەن ، بۇنداق ئىش ھەر كۈنى كەچتە بولىدۇ . بۇ كوچىدىكىلەر ھەر كۈنى كەچتە ئۆيدىن چىققان يۇندىلارنى كوچىغا تۆكۈشىدۇ . تۆكمەيمۇ ئامالى يوق . لېكىن ماڭماق تەس بولىدۇ . ئۇ سىياسىي كېڭەش ۋەكىلى بولغاچقا ، ھەر قېتىم سىياسىي كېڭەش يىغىنى بولغاندا ، ئۇ مۇشۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئاشۇ تار كوچىدىكى پاسكىنا سۇلار قاچان كوچىغا تۆكۈلمەيدىغان بولىدۇ؟ شەھەر باشلىقى ھەر يىلى بىر قېتىم چىڭقىلىپ ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ مۇشۇ ئىشنى شۇ يىللىق پىلان ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ ، ھەر يىلى ئوخشاشلا تەكرارلىنىدۇ . ئەمما بۇ كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ كوچىغا يۇندا

www.uyghurkitap.com

تۆكۈپ يولنى ماڭغۇسىز قىلىۋېتىدىغان ، ئۆكرىگە تەرەت قىلىدىغان ئىشلىرى قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ . كىشلەر كەچ قېلىپ ، مۇدۇرۇپ تېيىلىپ كېتىپ ، كىيىملىرىنى بۇلغىۋالغاندا بىر قېتىم قاقشاپ قويىدۇ . مانا بۇ ئۇزاق يىللىق ئادەت .

ھۆشۈر ئىمام پەلەمپەي دەسسەپ ، مەسچىت تەرەپكە بۇرۇلغان دوقمۇشقا كەلگەندە ، بىرى غىڭشىپ غەزەل ئوقۇپ ، كالامپاي دەسسەپ چىقىپ كەلدى . ھۆشۈر ئىمام بىر قاراپلا ئۇنىڭ شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتىدە ئىشلەيدىغان هاراقكەش شوپۇر سۇلتان ئىكەنلىكىنى تونۇدى . ئۇ مۇشۇ كوچىدا ئولتۇراتتى . ھۆشۈر ئىمام ئۇنىڭ مەست ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە ، ئېغىز ـ بۇرنىنى چۈمكەپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى . ئەمما ئىككىسى دوقۇرۇشۇپ قالدى . شۇندىلا سۇلتان ئالدىدا ئادەم بارلىقىنى بىلىپ ، بېشىنى كۆتۈردى ھەم شۇئان غىڭشىپ ئوقۇۋاتقان غەزىلىنى توختىتىپ ، ئىمامنىڭ ئالدىدا ھودۇققان هالدا ئۆزىنى رۇسلىۋالدى :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئىمام ئاخۇنۇم ، تەنلىرى ساق ، ئۆي ئىچى تىنچلىق …

ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بىقسىپ چىققان سېسىقچىلىقتىن ئىمام قاتتىق سەسكىنىپ كەتتى .

— هار ئالمايدىغان بەتبەخت ، ئۇلۇغ ئاي ، ئۇلۇغ كۈنلەردە شەيتاننىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكۈچە ئېشەك سۈيدۈكىنى ئىچسەڭچۇ ! دائىم كۆرۈنمەس بالا ـ قازانىڭ چاقىنى دىكلىتىپ ماڭسەن . قېتىپ كەتكەن قارا كۆڭلۈڭدىكى كىر ـ داغلار قاچان ئېرەر ـ ھە ؟ !

سۇلتان قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى خىجىللىق بىلەن ئىمامغا تىكىپ ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى .

— مەن … مەن… — ئۇ گېپىنى دېيەلمەي ، تۇرۇپ خارىلداپ قالغان كانىيىدىكى بەلغەمنى تۈكۈردى . ماغزاپتەك بەلغەم يەرگە چۈشمەي سەل ئۆسۈپ قالغان ساقاللىق ئېڭىكىدە سوزۇلۇپ تۇرۇپ

قالدى . ھۇشۇر ئىمامنىڭ كۆڭلى ئاينىپ سەسكىنىپ ئارقىغا داجىدى . سۇلتان ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىدىكى بەلغەمنى سۈركۈۋېتىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ :

— تەقسىر ، خۇدايىم دىلىمىزغا ئىنساپ بېرىپ بىر كۈنى بۇ شەيتاننىڭ سۇيدۇكىدىن قۇتۇلۇپ ، ئادەم بولۇپ قالارمىز . ئۇزاقتىن بېرى بىر كۈنى ئالدىلىرىغا كىرىپ ، بىر دۇئالىرىنى ئېلىپ ، تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتماقچى ئىدىم . ھەي بىر سائىتى بولمىدى ، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ھەممە يانچۇقلىرىنى سىلاشتۇرۇپ توختاپ قالدى . كېيىن كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى ئالمىنى چىقاردى .

— ھازىر يانچۇقۇمدا خۇدا خالىغان بولسا مۇشۇ ئىككى ئالمىدىن باشقا ھېچنېمە يوقكەن . بۇنىڭدىن سەسكەنمىسىلە ، بۇنىڭدا گۇناھ يوق . گۇناھ مەندە ، مۇشۇنى ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قويسىلا . بېھىشنىڭ مېۋىسى ، مۇشۇنى ئېلىپ مېنىڭ ئىنساپىمغا بىر دۇئا قىلىپ قويسىلا ، ئاللا يولىدا خالىس بىر دۇئا قىلىپ قويسىلا …

ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ ئالمىنى ئىككى قوللاپ ئىمامغا تەڭلەپ تۇرۇۋالدى . ئىمام ئۇنىڭغا قىلغۇدەك گەپ تاپالماي ، بىردەم شۈك تۇرۇپ قالدى . ئالمىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى . ئالمىدىن ئۇنىڭ قولىغا شىلىمشىق بەلغەمنىڭ يۇقۇندىلىرى يۇقۇپلا كەتتى . ئۇ بۇنى ئويلىمىغانىدى . ئۇ دەرھال ئالمىنى تاشلىۋەتمەك بولدى . ئەمما «يامان بولىدۇ» دەپ يېنىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ ، ئالمىنى سۈرتۈۋېتىپ ، ئالمىنى قويىنىغا ، ياغلىقىنى يانچۇقىغا سالدى . دەرھال دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى كۇسۇرلاپ يۈزىنى سىيپىدى . «ئاللا كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بەرسۇن ، ئىمامنىڭ نۇرى دىلىڭنى يورۇتقاي ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ دۇئاسىنى تۈگەتتى .

— خالىس نىيەتلىرىگە مىڭ رەھمەت ، خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن ، — دېدى سۇلتان خۇشال بولۇپ .

— بالام ئاشۇ ئىجىستىن قۇتۇلۇپ كەتسەك ، ساقا خۇدايىم ھەممىنى بېرىدۇ .

— شۇنداق تەقسىر ، چوقۇم ئىچمەيمەن .

ئۇلار چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئامانلىق تىلىشىپ خوشلاشتى . ئىمام بەش - ئالتە قەدەم مېڭىپلا ، يەنە سۇلتانىنىڭ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . «كاززاپ» دېدى ئىمام ، سۇلتاندىن قاقشاپ .

— ئەسسالام تەقسىر ، تەنلىرى تازا ، ھەنىپە خېنىم ، باللار تىنچلىقمۇ ؟

— ھە ، ھە... خۇداغا شۈكرى ، رۇقىي خېنىم ، مەخمۇتاخۇن باللار تىنچلىق تۇرغاندۇ . ئۇرۇمچىدىن خەت - پەت كېلىۋاتامدۇ ؟ تۇغقانلار تىنچلىقمىكەن ؟

— خۇداغا شۈكرى ھەممىسى سالامەت ، نامازشام ئۆتۈگىلى ماڭغان ئوخشىمامىلا ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا .

ئىمام رۇقىي خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپلا ئۆزىگە رۇقىي خېنىمنىڭ ئالدىنقى ھەپتە دېمىدە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر كىلو ناۋات بەرگەنلىكى ئېسىگە چۈشتى . ئالدىنقى كۈنى كۆرۈشكەندە «چارشەنبە كۈنى توشىدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى .

— ئاخۇنۇم ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ چىقسىلا ، — دېدى رۇقىي خېنىم .

— ھە ، خوش ، خۇدايىم بۇيرۇسا كېيىن ئىچىشىۋالارمىز . ھە ئۆزلىرىنىڭ دېمىدىلىرىنى توشقۇزۇپ ئىزدەرمەن دېسەم ، ئالدىنقى كېچە يامان بېسىپ يېتىپ قالدىممۇ ، بوينۇم ئاغرىپ قېلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېلىم ئاغرىپ پەقەتلا ئارامچىلىق بەرمەي ئوقۇيالمىدىم . قايىلسام يېقىندىن بېرى بىزنىڭ پاتىمە خېنىمنىڭ مىجەزى بوشاپ كېتىپ ، سۈرە ياسىنىنى مۇشۇ ئالمىغا توشقۇزۇپ ئوقۇغاندىم . مېڭىگە ئوقۇغاننىڭ خاسىيىتى چوڭ بولىدۇ . ئەگەر

ناۋاتقا ئوقۇلسا ياخشى بولاتتى دەپ قالسىلا ، يەنە بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلىپ بەرسىلە ، بولمىسا …

— ۋاي بولمامدىغان ئاخۇنۇم بولىدۇ ، ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۇگۈنكى ئۆپكە ياخشى دەپتىكەن .

رۇقىي خېنىم ھۇشۇر ئىمامنىڭ قولىدىكى ئالمىنى ئىككى قوللاپ ئالدى . پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ، پاكىز ياغلىققا ئوراپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ، يېنىدىن ئون يۈەنلىكتىن ئىككىنى ئېلىپ :

— ماۋۇنى ئاز بولسىمۇ ئېپقويسىلا ، كەم يەرلىرى بولسا كېيىن تولۇقلىۋېتەرمەن ، — دېدى .

— ۋاي ، بۇ ، بۇ … قويۇۋەرمەملا .

ئىمام ئاخۇنۇم رۇقىي خېنىمنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ تۇرۇۋىدى ، رۇقىي خېنىم پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تىقىپ قويدى .

— ۋاي ، ۋاي سەت بولدى ، سەت ئىش بولدى دەيمەن .

— ئاز كۆرمەي ئېلىپ قويسىلا ، بۇنىڭ پەرىزى قانداقكەن تەقسىر ؟

— بۇرۇنقىغا ئوخشاش تۇتسىلا بولىدۇ .

— ئوبدان ، ئۆيگە كىرىپ ماڭسىلا بولاتتى .

— نامازنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى ، مەن ماڭاي ، چاي - پاينى كېيىن ئىچىۋالارمەن .

— ماقۇل ئەمىسە ، ياناملا .

— خوش ئەمىسە .

ئىمام ئېگىلىپ خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى . رۇقىي خېنىم ھويلىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتى . «ناۋاتنى يەنە يەۋاپتۇ - دە ، قاچان كۆزى تويار؟ بولۇپتۇ ، ئۇنىڭغىمۇ ئوقۇماي كەينىگە سۈرسىمۇ نېمە دېگىلى بولىدۇ . خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن . پۇلنى تەڭلىسە ئالمايدۇ ، كۆزىنى ئۈزمەيدۇ . تۇۋا ، تۇۋا» رۇقىي خېنىم غوتۇلدىغىنىچە ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەدبىر

## 1

ئابلەق هاجى چۈشتىن كېيىن ئۆيگە يەنە مەست هالەتتە قايتىپ كىردى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئالغان ئۆزىدىن سەككىز ياش كىچىك بولغان ئون توققۇز ياشلىق ئايالى زۆهرە خېنىم ئەمدىلا نامازغا تۇرغانىدى . زۆهرە زىلۋا بوي ، لەۋەن قىز ئىدى . ئەمما ئۇ يىل بويى تاپىنىغا تېگىدىغان قارا تور رومالدا يۈزىنى چۈمكەپ يۈرگەچكە ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى هاياتقا ئانچىۋالا هۆسن قوشالماي كۆمۈلۈپ قېلىۋەردى . ئۇ ئون يەتتە يېشىدا يەنى ئىككى يىل ئىلگىرى تىككۈچىلىك هۈنىرىنى ئۆگىنىۋاتقان چېغىدا ياتلىق قىلىندى . شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ئۆيدىن تالاغا كەمدىن ـ كەم چىقىدىغان ، كون بويى ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ مۇهەببەت دېگەننى مۇنۇ ئىككى خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتكەن ئابلەق هاجىغا تېگىپ ئاندىن بىلدى . ئۇ جاهاندا ئابلەق هاجىنىڭ مۇهەببىتىگە تەڭ كەلگۈدەك هېچقانداق خۇشاللىقنى هېس قىلمىدى . شۇڭا ئىككى يىلدىن بۇيان تۇرمۇشتىكى هەرقانداق تۇسالغۇ ، قايغۇ ـ ئەلەملەر ئۇنىڭغا هېچنېمە تۇيۇلمىدى . هەممىگە خۇشال بولدى . ئەمما بىر ئىش ئۇنى دائىم كېچە ـ كۈندۈز ئەندىشىگە سالدۇ . ئۇ بولسىمۇ ئېرىنىڭ دائىم «سېنى

قويۇۋېتمەن . ئايغىلىڭ قۇرغاق خوتۇن چىقتىڭ . سېنى ئالغاندىن بۇيان ئامەت ماڭا كەينىنى قىلىۋالدى ... » دەپ غەزەپلىنىپ ھۆركىرىشى ئىدى . مانا بۇنىڭدىن ئۇ ئىنتايىن قورقاتتى . ئابلەق ھاجى ئېگىز ، ئۇستىخانلىق ، خام سېمىز كەلگەن ، ئوتتۇزلاردىن ھالقىغان ، قىزىل يۈزلۈك ، كوسىراق كەلگەن يىگىت ئىدى . ئۇ دائىم بازغاندەك مۇشتى بىلەن خوتۇننى تازا دۇمبالاپ «خېتىمڭنى ئالامسەن ــ ئالمامسەن» دەپ ئازابلايتتى . نازۇك بەدەن زۆھرە ئۇنىڭ مۇشتىنىڭ زەربىسىگە چىداپ بولالماي «خېتىمنى ئالاي» دەپ ۋارقىراپ داد ـ پەرياد قىلاتتى . ئەمما كېيىن يەنە يېنىۋېلىپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالاتتى . بۇنداق چاغدا ئابلەق ھاجى ئايالىنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى ھەر خىل ئىزلار ، كۆكەرگەن ، ئىششىغان يەرلەرنى كۆرۈپ بىردىنلا ئايالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ، خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈپ قويىدۇ . زۆھرەگە مانا بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق يوق . ئۇ شۇئان ئېرىنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ قانماي سۆيۈپ كېتىدۇ . ئابلەق ھاجى دائىم ھاراق ئىچىدۇ . مەست بولۇپ كېلىپلا خوتۇننى دۇمبالايدۇ . زۆھرە خېنىمنى بىر كۈنى بىر يېرى ئىششىق ، يەنە بىر كۈنى بىر يېرى كۆك ھالەتتە كۆرگەن ئاتا ـ ئانىسى :

— بىز ھايات تۇرۇپ سەن مۇشۇنداق خارلىقتا قېلىۋاتساڭ ، بىزدىن كېيىن قالغاندا نېمە كۈنلەرنى كۆرەرسەن . بولدى ، ئاجرىشىپ كەت ، — دېيىشتى . ئەمما زۆھرە :

— قانداق قىلىمەن ، ئاجراشسام يەنە تەگمىسەم بولماس ، يەنە تەگسەم قانداقلىقىغا تېگىمەن ، بولدى پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ، — دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ . ئاكا ـ سىڭىللىرىمۇ چىرايلىقچە تولا دەپمۇ ئۇنىتالمىدى . ئاخىر ئاكىسى :

— ئىلگىرىكىن تاياق قېپى داۋخور نېمىكەنسەن ، شۇنچە خاپىلىق تارتىپمۇ يەنە شۇ مەست كاللا ، قىمارۋاز ئېرىڭنىڭ كىچىككىنە يامان گېپىنى قىلسا جېنىڭ چىقىدۇ . بوپتۇ

چىدىمىساڭ ئۆيۈڭنى تۇتىۋەر ، ئاخىر ئاشۇ مەستىنىڭ تايىقىدا ئۆز ئەجىلىڭدىن بالدۇر ئۆلىدىغان ئوخشايسەن ، — دەپ چىچاڭلاپ چىقىپ كەتتى ، زۆھرە مىشىلداپ يىغلىدى . دادىسى ئۇنىڭغا بەك ئامراق بولغاچقا ، ئوغلىنى كەينى ـ كەينىدىن تىللىۋەتتى . قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى .

ئابلەق ھاجى شەھەردىكى داڭقى چىققان باي ئائىلىنىڭ ئوغلى . شۇڭا بالىلىقتا ئامراق ھەم ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدۇ . پۇل قولىغا كىرسە كىچىكىدىن تارتىپ سۇدەك خەجلەيدۇ . پۈتۈن ـ پۈتۈن قىمارلاردا باشقا قىمارۋازلارنىڭ پېيىنى سىرقىرىتىپ ، كۆزىنى چەكچەيتىپ يوغان ـ يوغان تىكىدۇ . ئۇتۇۋالسا قىمارۋازلارغا مەردلىك بىلەن خېلى پۇللارنى ئۈلەشتۇرۇپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى «كۆڭۈل ئاچىدىغان» يەرلەرگە باشلاپ كېلىپ ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىدۇ . ئەگەر ئۇتتۇرۇۋېتىپ قالسىمۇ ئۇتۇۋالغان قىمارۋاز سەل نامەردلىك قىلاي دېسە بازغاندەك مۇشتى بىلەن ھەيۋە قىلىپ ئۇنىڭدىن چوتا ئالىدۇ . ئۆزىنى كاۋاپ بىلەن ھاراقتا تويغۇدەك مېھمان قىلغۇزىدۇ . ئۇنىڭ دادىسى شەھەردە داڭلىق ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى ، ئۇ ئۆزى دەسلەپتە نەشە چەككەن ، كېيىنكى كۈنلەردە تومۇرغا مورفىن ئۇرغۇزۇپ شۇنىڭ كەيپىدە مەستخۇش ھەم سەپرا بولۇپ يۈردى . ئوغلى دادىسىنى دورىدى . ئۇ كۈندۈزى «كۆڭۈل ئاچىدىغان» يەرلەردە ، كەچتە قىمارخانىدا يۈرىدۇ . دادىسى گەرچە ئۇنى بۇ ئىشلاردىن قانچە توسسىمۇ ، ئۇرۇپ ـ تىللاپ تۇرسىمۇ ، ئەمما ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا كەيپ ـ ساپا دۇنياسىدا دادىسى بىلەن بىللە يۈرگەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئاشۇ مۇھىتنىڭ ناچار ئىللەتلىرى سىڭىپ كەتكەن . ئۇنى ئەمدى گەپ ، تاياق بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى دادىسى بىلمەيدۇ . دادىسى ئابلەق ھاجىنى ئىككى ئۆيلەپ قويغۇچە چىدىيالىدى . ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ قېرى ئاشنىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويۇپ ، ئۇنى ئۆزىدىن بۆلەك قىلالىدى . چۈنكى ئۇنىڭ

تاپقان ـ تەرگىنىنى ئوغلىنىڭ تۆت ئوشۇقى قىمارخانىغا سۆرەپ ئاپىرىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ ، ئۇنى ئەپچىلگىنە خورىتىپ قويغانىدى . ئۇ ئۇچىنچى خوتۇنىنى ئالغاندا ، ئۈچ بالىسىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ ، ئوغلىغا جانان كوچىدىن ئون بەش مىڭ كويلۇق ، تۆت ئېغىزلىق كىچىكرەك ھويلىسى بار بىر ئۆينى ئېلىپ بېرىپ ، بەش مىڭ كوي پۇل ھەم ئاشۇ بىر يۇرۇش ئۆيگە لازىملىق ئېسىل سەرەمجان بىلەن بۆلەك قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقى سەل تىنجىغاندەك بولدىيۇ ، يەنە بۇ بالادىن قۇتۇلالمىدى . قىمارۋازلار ئۇچمۇ ئۇچتىن ئۇنىڭ ئۆيىگە ، ئاشپۇزۇلىغا ئابلەق ھاجى ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلنى دادىسىدىن ئالغىلى كەلدى . دادا كوتۇلدىدىيۇ ، بەرمەي قالمىدى . ئانا ئۆيدىن غۇدۇراپ ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ئاچچىقىپ بەردى . ئابلەق ھاجىنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا چىدىيالماي قىمارۋازلارنى قوغلىۋىدى ، بىزەڭ قىمارۋازلار كوچىغا چىقىۋېلىپ تىللاپ ، بېشەملىك قىلىپ ، ئادەم يىغىپ ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تۆككىلى تۇردى . دادا يەنە چىداپ پۇل بەردى . ئەمما ئۇنىڭ تاپقىنى ئوغلىنىڭ چىقىمىغا بارغانچە جىق ئېقىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى ئون ئىككى چوڭ جامەگە ئون ئىككى ئەتىگەن بىرىپ ئوغلى ئابلەق ھاجى بىلەن ئاتا ـ بالىلىقتىن كەچكەنلىكى توغرىسىدا جامائەتكە ئىمامىنىڭ ئېغىزى بىلەن جاكار قىلغۇزدى . بىر قىسىم جامائەت ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلىمەي ، بالىسىدىن تانغانلىقىنى ئەيىبلەشتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلى ئەگەر قىمار بىلەن ھاراقنى تاشلاپ ، جامائەت بىلەن مەسچىتنى تاپسا ، يەنە ئاتا ـ بالا بولىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇمچە قىلىۋىدى ، جامائەت بۇ گەپنى دۇرۇس ھېسابلىدى .

ئابلەق ھاجى بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ھەمدە قىمار ئوينىماسلىققا ، ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم ئىچتى . مەسچىت بوسۇغىسىدىن مۆمىن بەندە بولۇپ كىردى . دادىسى سىيىپ كەتكەن سىرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى . ئەمما ھەپتىدىن

كېيىن ئابلەق ھاجى مەسچىتتىن رەسۋايى ئەزىم بولۇپ قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇ كۈنى ئۇلۇغ جۈمە كۈنى ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى دوستلىرىنىڭ زورى بىلەن ئىچ پۇشۇقىغا چىدىيالماي مەخپىي ھاراق ئىچتى. كېيىن خۇدىنى بىلىپ - بىلمەي مۇلايىملىق بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ جۈمە نامىزىغا كىردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر مويسىپىت كىشى ئابلەق ھاجىنىڭ ئاخىرقى بىر رەكەت سەجدىگە بارغانچە بېشىنى كۆتۈرمەي ياتقىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىن بىر خىيال كېچىپ، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ئەمما بىر مۇسۇلمان بەندىدىن بىھۇدە گۇمانلانغىنى ئۇچۇن مىڭ توۋا قىلدى. لېكىن ئابلەق ھاجىنىڭ تېخىچە سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمىگەنلىكىنى بىر سەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. بۇ چاغدا ئىمام ئۇلۇغ جۈمە نامىزىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ۋەز ئېيتماقتا ئىدى. بىردىنلا ئابلەق ھاجى تۇگۇلۇپ تىترەپ كەتتى. كەينىدىنلا «ھۆ» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككى جاۋغىيىدىن قۇسۇق جىرغاپ چىقىپ، ھاراقنىڭ سېسىق بۇسى ئەتراپنى بۇلغىدى. تەرەپ - تەرەپتىن جامائەتنىڭ داد - پەريادى، قارغىشى ئاڭلاندى.

— ھۇ بەتبەخت مۇناپىق، كاپىر، گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر!

— جاھاندا قەسەمنى بۇزغاندىنمۇ يامان ئىش يوق!

— بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلگۇر!

— دوزىخى!

— خۇدايىم بۇنداق گۇناھتىن ھەرگىز ئۆتمەيدۇ!

قارغىش ياغدۇرۇۋاتقان جامائەت ئارىسىدا ئابلەق ھاجىنىڭ دادىسىمۇ بار ئىدى. ئۇمۇ ئىزا - ئەلەم ئىچىدە ئوغلىنى قارغاۋاتقانىدى. قارغاۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ يىغلاپ كەتتى. ئابلەق ھاجى تېخىچە خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا سەجدىدە ياتاتتى.

— كۆزدىن يوقىتىڭلار! مەسچىتتىن قوغلاڭلار بۇ

مۇناپىقنى ! — دەپ خىتاب قىلدى ئىمام . ئىككى ياش تالىپ ئېغىز ـ بۇرنىنى سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن چۈمكىگەن ھالدا ئابلەق ھاجىنى مەسچىتتىن سۆرىگەن پېتى مەسچىتنىڭ كەينىدىكى قاسساپلار قوي بوغۇزلايدىغان گوداڭنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ پالاقىدە تاشلىۋەتتى .

— تۈرە دەيۈز ، مانا بۇ سىنىڭ جايىڭ !

تالىپلار ئالدىراپ كېتىپ قېلىشتى . ئابلەق ھاجى يەرگە پالاقىدە چۈشۈشى بىلەن يەنە «ھۆ» دەپ قۇسۇۋەتتى . گوداڭ بېشىدا قان يالاپ يۈرگەن ئىتلار يەنە گوداڭ بېشىغا قۇيرۇقلىرىنى ئىچىگە تىققان ، بىر ـ بىرىگە خىرس قىلىشقان ھالدا قايتىپ كېلىشتى . ئابلەق ھاجى كۆزىنى يۇمغان ھالدا يېنىچە ياتقانىدى . ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن شالى ئېقىپ يەردىكى تاۋاق ئورنىچىلىك قۇسۇقتا ئېقىپ قالغانىدى . قۇسۇقتىكى پۈتۈن ـ پۈتۈن چاينالمىغان كاۋاپ ئۇماچقا ئوخشاش ئاشقا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا بىر توپ چىۋىن ئولىشىۋالغانىدى . ئابلەق ھاجى كۆزىنى يۇمۇپ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى . قارا ئەمچەكلىرى لەپەڭشىپ تۈرىدىغان يېغى كۆچۈكلىگەن چۈپۈرلۈق بىر سېرىق قانجىق ئاستا ـ ئاستا ئابلەق ھاجىنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇسۇقنى سەسكەن-گەندەك پۇراپ قويۇپ ، يۆگلۈق قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تىلىنىڭ ئۇچىنى ئاستا قۇسۇققا تەگكۈزۈپ يالاپ ، تېتىپ بېقىپ دەرھال سەسكىنىپ كەينىگە ياندى . تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىپ پۇشايمان قىلغاندەك ئۆزىنىڭ تۇمشۇقىنى يالىدى . گوداڭنىڭ ئەتراپىنى چوڭقۇر پۇراپ يەنە بىر ئايلىنىپ چىقتى . گوداڭغا سەكرەپ چۈشۈپ ، قاغجىراپ كەتكەن قوتازنىڭ تاغاق سۆڭىكىدىن بىرنى چىشلىدى . چىشلەپ بەش ـ ئالتە قەدەم مېڭىپ تاشلىۋەتتى . گوداڭ ئىچىدىكى ئەخلەت ، چىرىندا ئارىسىغا تۇمشۇقىنى چوڭقۇر پاتۇرۇپ ئوزۇق ئىزدىدى . بىر نەرسىلەرنى چىشلەپ تېتىپ بېقىپ ، سەسكىنىپ تۈرۈپ دەرھال تۈكۈرۈۋەتتى .

www.uyghurkitap.com

قانجىق يىگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي يەنە ئابلەق ھاجىنىڭ يېنىغا كېلىپ، سەسكىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇسۇقلىرىنى يېگىلى تۇردى. ئىت دەسلەپتە سەسكەندى، كېيىن ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئاخىر ئابلەق ھاجىنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىنىمۇ «تازىلاپ» بولدى. كۆزى يۇمۇلغان ھالدا ياتقان ئابلەق ھاجىنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى:

— سۆيۈشلىرىڭ قالتىس جۇمۇ رەيھانەم ... قاچان كەلدىڭ، مەن سېنى ئىزدەپ تاپالمىغىلى ئون بەش كۈن بولدى. سۆيە ... سۆيە ...

زۆھرە خېنىم كۆزلىرى ياش ھالدا ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغانىدى. ئۇ خەق يەتكۈزگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ يېتىپ كەلگەنىدى. ئىت سەل نېرىغا قېچىپ كەتتى. ئابلەق ھاجىنىڭ يۈز ـ كۆزى پاك ـ پاكىز ئىدى.

— قوپسىلا ئورۇنلىرىدىن، ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى ئۇ يىغىسىنى باسالماي:

— يەنە سۆيەمسەن رەيھانەم ... سېنى ئون بەش كۈن كۆرمەي، ئون بەش يىل كۆرمىگەندەك بولۇپ كەتتىم ... سېنى ئالىمەن دېگەندىكىن چوقۇم ئالىمەن ... زۆھرەنىڭ ئاخىر خېتىنى ئالغۇزىمەن.

بۇ گەپلەر زۆھرە خېنىمنىڭ تاپىنىدىن بىر پارچە ئوت كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ ئوت ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ باردى. ئۇ ئۆيگە قانداق كەلگىنىنى، ئابلەق ھاجىنى قانداق ئەكىرگىنىنى بىلەلمىدى، ھەتتا ھارۋىكەش كاززاپنىڭ ئون سومنى ئېلىپ، ئاشقان پۇلنى ياندۇرماي قاچقانلىقىنىمۇ ئۇقماي قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى «رەيھانەم» دېگەن ئىسىم چۇلغىۋالغانىدى. كۆز ئالدىدا غۇۋا بىر ساھىبجامالنىڭ سىيماسى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. «رەيھانەم ... رەيھانەم ... بۇ قايسى ئىقلىمدىن پەيدا بولغان رەسـ‍ ۋادۇ، مېنى قويۇۋېتىمەن دەپ ئۇرنۇۋەرگىنى شۇنىڭ ئۈچۈنكەن ـ

دە ، خەپ !»

زۆھرە خېنىم يىغىنى توختىتىپ ، غەزەپ بىلەن سەت گەپلەرنى قىلىپ تىللىغىلى تۇردى . ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەسەبىيلەشكەن ساراڭنىڭ ئۆزىگە ئايلانغانىدى . ئۇ ھازىرغىچە ھەممىگە چىدىغانىدى . ئۇ ئېرىنىڭ دۇمبالاشلىرىغا ، تىللاپ ، سۆرەپ ئاچىقىپ تاشلىۋېتىشلىرىگە ، بىر كۈن ئۆيىنى لىققىدە گىلەم ، ئېسىل نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىشلىرىگە ، بىر كۈن ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ تۆت تامنىلا قويۇشلىرىغا ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشلىرىغا چىدىغانىدى . مۇشۇ خاپىلىقلارنى تارتىشقا رازى ئىدى ، ئېرىنى قىلچە يامان كۆرۈش ھېسسىياتىدا بولمايتتى . ئەمما بىرلا نەرسىدىن — ئېرىنىڭ باشقا بىر ئايالغا باغلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . مانا ئەنسىرىگەن ئىش ئايان بولدى . ئۇ ھازىر خەپ دەيتتى ، ئەمما نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى . ئېرى خورۇلداپ ئۇخلىغىلى تۇردى . كىيىملىرى پۇتۇنلەي لاي ، گوداڭدىكى نجاسەتلەر بىلەن بۇلغانغانىدى . ئۇ ئىچى تىتىلدىغان ھالدا ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ، يانچۇقلىرىدىكىنى ئېلىۋېتىپ كىر تەڭلىسىگە تاشلىدى . ئابلەق ھاجىنىڭ يانچۇقىدىن جەرەننىڭ تۆت ئوشۇقى بىلەن پارچە پۇللار چىقتى . پۇتۇن پۇل سېلىنغان بىر دانە قاپچۇقنىڭ يان تەرەپ يانچۇقىدىن چىچىنى كېسىپ بۇدۇر قىلدۇرۇۋالغان بىر چوكاننىڭ سۈرىتى چىقتى . «رەيھانەم دېگەن شۇمبۇيا سەن ئىكەنسەن ـ دە ، قاراپ تۇر ، سەن نومۇسسىز پەسكەشنىڭ رەسۋايىڭنى چىقارمايدىغان بولسام !» زۆھرە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىزنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى . كېيىن سۈرتۈۋېتىپ يانچۇقىغا سالدى ، ئۇ بۇ ئىشنى ئابلەق ھاجىغا دېمىدى . ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەبىيلىكى پەسكويغا چۈشتى . ھەر كۈنى ئابلەق ھاجى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا ئىشىكنى تاقاپ باشقا تەرەپكە ماڭىدىغان بولدى . ئۇزۇن قارا تور رومىلى ئۇنىڭ ھەممە ھېسسىياتىنى يوشۇراتتى . ئۇ ھەر ئەتىگىنى ئادەملەر ئالدىرىشىپ

ئىشقا ماڭغاندا دوقمۇشلاردا قاراپ تۇردى. ھېلىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرەت بىلەن يولدىن ئۆتۈۋاتقان ساناقسىز ئاياللارنى سېلىشتۇرۇپ تۇردى، سەل ئوخشىسا بەكرەك تىكىلدى. ئىتتىك ئۆتۈپ كەتسە كەينىدىن ئەگەشتى. ئەمەس بولۇپ چىققىنىدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان سۈرەت گويا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ ھەممە دوقمۇشلاردا تۇرۇپ بولدى. كىشىلەر ئىشقا ماڭىدىغان، ئىشتىن يانىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە، ھەممە دوقمۇشلاردا تۇرۇپ بولدى. لېكىن قاراپ تۇرغان بۇ جىنتەكنى زادىلا ئۇچرىتالمىدى. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ماگىزىنلارغا كىردى. بەزىلىرى سەل ئوخشىغاندەك قىلدىيۇ، ئەمما يەنىلا ئەمەس بولۇپ چىقتى. زۆھرەنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگەپ يەنە ئەسەبىيلىكى تۇتقىلى تۇردى. تاپالمىغانىنىڭ ئۈستىگە بۇ سۈرەتنىڭ ھىجىيىپ تۇرۇۋېرىشلىرى ئۇنى ئەخمەق قىلىپ مۆكۈلەڭ ئويناۋاتقاندەك، ئۇ بۇ يەردە سەرسان بولۇپ ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بىر يەرلەردە بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپلا پاڭىدا يىغلىۋەتتى. خەقلەر ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراشتى. ئۇ ئىزا تارتىپ كېتىپ، دەرھال ئېغىزىنى تۇتقانچە ئۈنىنى ئۆچۈرۈپ يىراقلاپ كەتتى. سۈرەتكە تۈكۈرۈپ، بىرمۇنچە سەت گەپلەر بىلەن قارغاپ يىرتىپ - يىرتىۋەتتى. كۈلۈپ تۇرغان سۈرەت پارچە - پارچە بولۇپ يولغا چېچىلدى. ئۇ ئون بەش قەدەم ئۇزاپ كېتىپ بولۇپ، شاپىدە توختىدى - دە، يەنە يۈگۈرۈپ يېنىپ كېلىپ سۈرەتلەرنىڭ پارچىلىرىنى يىغدى. شامالسىز پىژغىرىم ئىسسىق بولغاچقا، سۈرەت پارچىلىرىنىڭ بىرىمۇ ئۇچۇپ كەتمىگەنىدى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ سۈرەت پارچىلىرىنى جايىغا كەلتۈرۈپ ئۇزاقتا يەملەپ بولدى، كۈلۈپ تۇرغان سۈرەت يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئەمما ئەمدى ئۇنىڭ يۈزلىرى قالايمىقان دەزلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بۇرۇنقىدىن سەتلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى.



www.uyghurkitap.com

زۆھرەنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە خۇشاللىق ئالامەتلىرى غىل - پال پەيدا بولىغاندەك بولدى . ئۇ بىردەم سۇرەتكە تىكىلىپ قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ ئاكىسىنىڭ توققۇز ياشلىق چوڭ قىزى گۈلچېھرە كىرىپ كەلدى :
— ئاچا ، چوڭ ئانام ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا ئەكەتتى ،— دېدى يىغلامسىراپ .
زۆھرە تاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .
— ھە ، ئانام ئاغرىپ قالدىما ••• ۋاي خۇدايىم ، ھەپتە بويىتۇ بارماپتىمەن . يۈرىكى قوزغالغان چېغى••• — ئۇ ئۆزىنى تىللىدى ، يەنە سۇرەتنى تىللىدى . كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي تالاغا چىقتى . ئىشىكنى گۈلچېھرە قۇلۇپلىدى . زۆھرەنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك ھاسىراپ كەتتى . ئۇ مۇدۇرۇپ كەتسىمۇ ، ئاياغلىرى لاي بولۇپ كەتسىمۇ ، بىر كىملەرگە ئۇرۇلۇپ كەتسىمۇ كارى بولمىدى . ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى . چوڭ كوچىغا بۇرۇلىدىغان يەرگە كەلگەندە بەكلا ماغدۇرسىزلىنىپ قەدەملىرى ئاستىلاپ قالدى - دە ، شۇندىلا ئۇنىڭ كاللىسىغا ھارۋىغا چىقىپ بېرىش خىيالى كەلدى . ئىزىدا توختاپ ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە توختىماي تەلمۈرۈپ قارىدى ، ھارۋا كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئىچى تىتىلداپ سەپرايى ئۆرلىدى . يىراقتىن بىر تونۇش چىراي كۆزىگە چېلىقتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى . «بۇ كىم بولغاي ئەمدى ••• ھە ••• شۇ ئالۋاستىنىڭ ئۆزى شۇ •••» ئۇ يانچۇقىدىن سۈرەتنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋالدى . ئۇ سۇرەتكە تازا بىر قارىۋېلىپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر قارىغۇچە كالتە بۇدۇر چاچ ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، چوڭ قارا كۆزلىرى ئوييناپ تۇرغان چوكان ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى . چوكاننىڭ يېڭى قىزىل ۋېلىسىپتى ئۆزىگە تازا ياراشقانىدى . زۆھرە ئۆزىنى دەرھال كەمسىتىلگەندەك ھېس قىلدى . كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ قارا چۇمبىلىنى بېشىدىن ئېلىپ قولتۇقىغا قىسقىنىچە ۋېلىسىپتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدىن بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى . ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈپ ـ كۆرۈنمەي كېتىۋاتقان سۈتتەك ئاق شايى كۆينەك ، قاپقارا كالتە بۇدۇر چاچ ، پارقىراق قىزىل ۋېلىسىپىت ، ئۇزۇن قارا پايپاق ، قىپقىزىل پارقىراق ئاياغدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمىدى . ئادەملەرگە سوقۇلىسىمۇ ، پۇتلاشسىمۇ كارى بولمىدى . ئۇنىڭ پۇتۇن ئەس ـ يادى ئاشۇ چوكاننى يىتتۈرۈپ قويماسلىق ئىدى . ئۇ ھارمىدى ، بارغانچە كۈچلىنىپ كېتىۋاتقانىدى . پەقەت تولغان كۆكسى لوپۇلداپ ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىگە پۇتلىشاتتى . ئۇ قاتتىق تەرلىدى ، قانچىلىك يۈگۈرگىنىنى بىلمىدى . ھېلىقى چوكان بىر ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋېلىسىپىتنى بۇرىدى . شۇ چاغدا ئىدارە ئىچىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ۋېلىسىپىت يېتىلەپ چىقتى . چوكان ۋېلىسىپىتىدىن لىككىدە چۈشۈپ ئىنچىكە بېلىنى نازاكەت بىلەن ئېگىپ ھېلىقى ئايال بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى . زۆھرە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دەرۋازىغا يېقىن جايغا يېتىپ كەلدى . تور چۈمبەلنى دەرھال يۈزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ ، يېقىن كېلىپ باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى . چوكان بىلەن ئايال خوشلاشتى . چوكان يەنە ۋېلىسىپىتىگە لىككىدە مىنىپ دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كەتتى . زۆھرە ئۇنى يىتتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرۋازا ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى .

ھېلىقى چوكان كونا پاكار ئۆيلەر ئارىسىدىكى بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى ، زۆھرە دوقمۇشتا قاراپ تۇردى . چوكان ئىشىكنى ئىتتىرىپ بولغۇچە زۆھرە ئۆزى تەرەپتىن سانىغاندا بەشىنچى ئىشىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى . باشقا بىر ئۆيدىن بىر ئەر ۋېلىسىپىت ئېلىپ چىقتى . ئارقىسىدىن سەككىز ياشلىق قاسماق بىر ئوغۇل بالا پۇل دەپ ئەگىشىۋىدى ، ئەر سىلكىۋېتىپ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كېتىپ قالدى . بالا كىر قوللىرىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئېغىزىنى ئۈمچەيتتى .

— ئەركەك مەكەلسىلە ، — زۆھرە بىر كويلۆق پۇلدىن بىرنى كۆرسىتىپ بالىنى شەرەتلىدى . بالا تارتىنغان ھالدا زۆھرەگە بىردەم قاراپ قالدى . زۆھرە كۈلۈمسىرەپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا بىر كوينى تۇتقۇزدى .

— مەن سىلىدىن گەپ سوراي ، ئاۋۇ ئۆي كىمنىڭ ئۆيى ؟

— ئۇما ... ئۇ ئابلا دادامنىڭ ...

— ئۇ ئۆيدە ئابلا دادىڭىزنىڭ بالىلىرى بارما ؟

— بار ، ئادىل ، رەيھانەم ...

زۆھرەنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەر پەيدا بولدى .

— ماڭا قايلىسىلا ، سىلە ھازىر ئاشۇ ئۆيگە چىرىپ رەيھانەم ئاچىلىرىغا بىر ئاكاش كېلىپ : «ئابلەق ھاجى ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت ئۇچتە ماي كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا ساقلايمەن دېدى» دەپ قويۇپ چىقسىلا ، يەنە بىر كوي بېرىمەن .

خۇشلۇقىدىن بالىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى .

— ماقۇل .

— توختىسىلا ، مەن دېگەن گەپنى دەپ باقسىلا .

بالا زۆھرەنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى . زۆھرە خاتىرجەم بولالماي ، قايتا دېگۈزۈپ بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر ئېغىز گەپ قىلماسلىقنى تاپىلىدى . بالا كىرىپ كەتتى . زۆھرە ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . بالا بىر كەمدە قايتىپ چىقتى ، ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى .

— قانداق بولدى ؟ — زۆھرە تاقەتسىزلىنىپ سورىدى .

— دېدىم .

— ئۇ نېمە دېدى ؟

— بىردەم تۇرۇپ ماقۇل دېدى . ماڭا كەمپۈت بەردى .

بالا يانچۇقىدىن كەمپۈت چىقىرىپ كۆرسەتتى . زۆھرە بالىغا يەنە بىر كوي بېرىپ خوشلاشتى . ئۇ ئۆيىگە يېقىن بېرىپلا ئابلەق ھاجىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى پەملەپ ، بىر قىز بالىغا گەپ ئۆگىتىپ ئابلەق ھاجىنىڭ يېنىغا كىرگۈزدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ بىر ئادرېسى

## 2

ئابلەق ھاجى بىلەن رەيھانەم يىراقتىنلا بىر ـ بىرىنى كۆرۈشۈپ كەلدى . ئۇلار ئەمدىلا سالاملىشىپ تۇرۇشىغا ، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا زۆھرە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولدى . ئابلەق ھاجى ، رەيھان بۇنى كۆرمىدى . بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى سېغىنىشتىن چاقناپ ، بىر ـ بىرىنى يەۋەتكۇدەك قارىشاتتى .

— كۆل بويىغا كېتەمدۇق ؟ — رەيھان كۇلۇشتىن يۇمۇلماي قالغان ئېغىزىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ سورىدى . ئۇنىڭ بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەر يالتىراپ كەتتى .

— دەريا بويىغا چۈشۈپ كېتەيلى ، — دېدى ئابلەق ھاجى ئۆزىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ .

— نەگە بېرىشسەن شەرمەندە بۇزۇقلار ؟

ئابلەق ھاجى بىلەن رەيھان ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە زۆھرە رەيھاننىڭ كالتە بۇدۇر چاچلىرىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئالمىدەك يۈزىگە تۈكۈردى ھەم بىر قولىدا قاماللىدى .

— ھەي پەس شاپاقچى ، سەندە بار چىراي ئىشەكتىمۇ بار جۇما . خوتۇنى بار ئەرنى ئايلاندۇرۇپ ئۆيىنى بۇزغۇچە — زۆھرەنىڭ ئاغزىدىن كېيىن چىققان گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزلار يىراققا قېچىپ كەتتى . چوڭ ياشلىقلار ياقىسىنى تۇتۇشۇپ ، بىر ـ بىرىگە قاراشتىن ئەيمىنىشتى . پەقەت بىر توپ ھاڭۋاقتى ، لاۋزا ياشلارغا بۇ گەپلەر تازىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى . ئابلەق ھاجى بىردەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئىككى چوكان تازا چاچلىشىپ كەتتى ، رەيھان ئۈن چىقارمىدى . زۆھرەنىڭ ئېغىزىدىن بارغانسېرى بىر ـ بىرىدىن سېسىق گەپلەر چىقىشقا باشلىدى .

ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە يات، سەت گەپلىرى ئادەمنى يىرگەندۈرەتتى. ناھايىتى كۆپ ئادەم يىغلىپ تاماشا كۆرۈشۈپ، ئاۋازلىرىنى ھەرخىل چىقىرىپ، ئېغىزلىرىنى ھەر ياڭزا كالچايتىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. زۆھرە رەيھاننىڭ يۈزلىرىنى تاتىلاپ چىشى بىۆرىدەك غالجىرلىق بىلەن جېدەللەشتى. ئابلەق ھاجى ئۇلارنى ئاجراتماق بولۇپ ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ، نومۇس قىلىپ كېتىپ غىپپىدە قاچتى.

كەچتە زۆھرە رەقىبىنى يەڭگەن مېكىياندەك ئابلەق ھاجىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئابلەق ھاجى چالا مەست ئىدى.

— سەن نىيىتى بۇزۇق، ئاشۇ شاپاقچىغا بۇزۇلۇپ، مېنى داۋاملىق ئۇرۇپ قويۇۋېتىمەن دەپتىكەنسەن، — زۆھرە شۇ گەپنى دەپلا ئۇزىنى سۇپىغا دۈم تاشلاپ ھۆقۇيتۇپ يىغلاپ كەتتى. ئابلەق ھاجى زۆھرەنىڭ يىغلىشىغا قاراپ ھېجىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى.

— دېگىنە كۆڭلى پەس، سەن ئۇنىڭ نەرىگە كۆيدۇڭ، مېنىڭ نەرىم ئۇنىڭدىن كەمكەن. ئاشۇ تۆمۈر رەڭ جالاپ مەندىن چىرايلىقما - ھە؟ — زۆھرە ئەمدى ئابلەق ھاجىنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ سۆزلىگىلى تۇردى. ئابلەق ھاجى تېخىمۇ خىرىلداپ كۈلگىلى تۇردى.

— سەن ئۇنى ئالامسەن؟

— ئەر كىشى دېگەن خوتۇن ئېلىشقا يارالغان.

ئابلەق ھاجى ئۆينىڭ تورۇسىغا پەرۋاسىز قاراپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى.

— خىيالىڭنى خام چاغلىما، مەن ھەرگىز خېتىمنى ئالمايمەن، سەندىن ئۆلۈكۈم چىقمىدۇ، تىرىكىم چىقمايدۇ. ئاسان قۇتۇلمەن دېمە، قويۇۋېتىمەن دېسەڭلا ئۆلۈپ بېرىمەن.

ئابلەق ھاجى زۆھرەنىڭ ئەسەبىيلەشكەن قوڭۇر كۆزىگە لاپپىدە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆزىدە ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن يات بىر ئۇچقۇننى كۆردى.

www.uyghurkitap.com

— ئەمسە مەن بۇ ئۆيگە كەلمەيمەن.

— كەلمەيمۇ قۇتۇلالمايسەن. مەن سېنىڭ پېشىڭگە ئېسىلغىنىم ئېسىلغان، سېنى ئاشۇ پەسكەش بىلەن يەنە كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، بۇ قېتىم يا ئىككىڭگە ئۆلۈپ بېرىمەن يا ئۇ پاسكىنىنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋېتىمەن.

— ئەمدى سەن ئۇنىڭ بىر تال تۈكىگە تېگەلمەيسەن، — ئابلەق ھاجى بىردىنلا چىرايىنى سەت ئۆزگەرتىپ ھۆركىرىدى. زۆھرە ئېغىزىنى تۇتۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئابلەق ھاجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن كوچىدا مېنىڭ كەينىمدە لاغايلاپ يۈرۈپ پايلاقچىلىق قىلىدىغان بولساڭ پاچىقىڭنى چېقىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن، بۇنداق جازا ساڭا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەندەك بىر ئېرى تۇرۇپ كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەن خوتۇنغا بۇمۇ كەملىك قىلىدۇ.

— ماقۇل مەن كوچىغا چىقماي، سەن يەنە ئۇ پاسكىنىنى ئىزدەمسەن؟

— ئىزدەيمەن! ئۇ ماڭا قاچان دېسەم شۇ چاغدا ھاراققا، قىمارغا پۇل بېرىدۇ. شۇڭا ئىزدەيمەن، ئۇ مەندىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت...

— شۇڭا سەن ماڭا قايىلماپتىكەنسەن، سەن ئۇنىڭ پۇلىنى دەپلا شۇنداق قىلامسەن؟

— ھەببەللى.

— بولمىسا ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ يوق؟

— كۆڭلۈم سەندە تۇرسا.

— مەن پۇل بەرسەم ئۇنى يەنە ئىزدەمسەن ـ قانداق؟

— ئىزدەپ نېمە قىلىمەن. ئەمما پۇل بەرمىسەڭ يەنە ئىزدەيمەن.

— ماقۇل مەن ساڭا پۇل بېرەي، خۇدا خۇش بولسۇن، ئۇنى ئىزدىمىگىن.

— ئەمدى ئاناڭ ساڭا پۇل بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ بارالمايسەن، نەدىن پۇل تېپىپ بېرىسەن؟

ئابلەق هاجى غەزەپ كۆزى بىلەن خوتۇنىغا شۇبهىلىنىپ قارىدى.

— سەن گۇمانلانما. مېنى ئۆزۈڭگە ئوخشاتما، مەن ئانامنى پۇل بېرىدىغان قىلىمەن. سەن ئاشۇنى ئىزدىمەيدىغان، مېنى قويۇۋېتىمەن دېمەيدىغان بولساڭ مەن ساڭا پۇل ئەكېلىپ بېرىمەن، هازىرلا.

زۆهرە چۈمبەلگە پۈركىنىپ ماڭدى.

ئابلەق هاجى بىردەم نەشە چېكىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ كەينىدىن پايلاپ ماڭدى، زۆهرە ئۇدۇل هاممىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى. هاممىسى دوپپا تىكىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ زۆهرەنى ئىچىدە تىللاپ، ئېغىزىدا ۋاي- ۋايلاپ قارشى ئالدى. ئۇيان- بۇيان گەپتىن كېيىن، زۆهرە هاممىسىغا مۇهىم بىر گەپنى ئېيتتى.

— ئايشەم ئانا، مەن سىلىگە بىرمۇنچە پايدىنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدىم.

ئايشەم خېنىمنىڭ خۇنۈك كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— دادام رەهمەتتى كۆمۈۋەتكەن ئېرىغ مالنى ئاناڭ تېپىۋالغان ئوخشىمامدا؟

— ياق ئۇ ئەمەس، ئۇنى تاپالامدا؟ باشقا گەپ. ئاشۇ پايدىنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرسىلە دەپ بېرىمەن.

ئايشەم خېنىمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— ئوهۇش سەن جومباق، سەن پەقەت دەپ بەرگىنىڭ ئۇچۇنلا قولۇمغا كەلگەن ۋەجىنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرەمدىمەن؟ ماڭ ئۇجمەڭنى تېرىپ يە، سەن دېمىسەڭ بىلمەمدىمەن.

— مەڭگۇ بىلمەيلا، ئۇخلاپ چۈشلىرىڭىزمۇ كىرمەيدىغان ياۋا پۇل. يېرىمىنى ماڭا بەرسىلە دەيمەن، سىلىمۇ ئالىلا، مەنمۇ ئالىمەن. بولمىسا ئۇنى سىلە مەڭگۇ بىلمەيلا، قۇرۇق قالىلا.

ئايشەم خېنىم ئاق سانجىغان بېشىنى تاتىلاپ ئۇزاق خىيال سۈردى. زۆهرەگە گۇمان كۆزىنى تىكىپ، ئېغىزىنى پۈرۈپ، يەنە

www.uyghurkitap.com

ئۆزاق ئولتۇردى .

— ھە ··· خېنىم ئېرىغ مالىنىڭ گېپى ئەمەستۇ ـ ھە .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمەس .

— بوپتۇ ئاشۇ بولمىسىلا يېرىمىنى بېرەي .

— ئەمىسە قەسەم قىلسىلا .

ئايشەم خېنىم چۆچۈپ كەتتى .

— ماڭا ئىشەنمىدىڭىزما ، ئىنساپ قىل .

— ھازىر خۇداغىلا ئىشەنمەكتىن باشقا ئامال يوق ئانا .

— بۇغۇ ھەق گەپ بولدى ، ئالتۇن ئەمەس ـ ھە . ماقۇل مەن قەسەم قىلاي ، ئالتۇن بولۇپ قالسا قەسىمىمدىن يېنىۋالىمەن . قەسەم سېنى ئۇرىدۇ .

— مەنمۇ قەسەم قىلاي .

ھەر ئىككىسى تاھارەت ئېلىشىپ ، ئاۋۋال زۆھرە ئالتۇن ئەمەسلىكىگە قەسەم بەردى . ئايشەم خېنىم قۇرئان تۇتقان قوللىرى تىترىگەن ھالدا زۆھرەگە بولغان چەكسىز نارازىلىق ئىچىدە پايدىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە قەسەم بەردى .

— بۇرۇن چوڭ دادامدىن ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىۋالغان ئۆستەڭ بويىدىكى چېقىلىپ كەتكەن ئۆي ئۈچۈن ھۆكۈمەت يېقىندا پۇل بېرىپتىكەن ، ھەممىنى ئانام ئېلىۋالدى . ساڭا ئۇقتۇرماي خەجلىۋالماقچى ، يىگىرمە مىڭ يۈەن ئىدى . بىر دادىنىڭ باللىرى ، ئىككىڭلار ئېلىشقا تېگىشلىك . سوتقا ئەرز قىلساڭ بېرىدۇ .

— ئاناڭ نېمىدېگەن نا ئىنساپ ـ ھە ! ئالايلى ، سوت ماڭا بېرىدۇ ـ ھە ؟

— چوقۇم بېرىدۇ . سىلى ماڭا ھازىرچە ئىككى يۈز كوي بېرىپ تۇرسىلا . مەن ھەپتىگە قالماي ئەرزنى ئاقتۇرىمەن .

— بولسا شۇنداق قىل . بىزنىڭ بەدرەككە پۇل توشۇماي قېلىۋاتىدۇ .

ئايشەم خېنىم پۇل ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆيگە ماڭدى . ئەمما ئىچى ئېچىشىپ ، زۆھرەنى قارغىماقتا ئىدى .

# يۇلتۇزسىز كېچە

## 1

— بۇزۇق دېگەننىڭغۇ يۈزى چەمدەك قېلىن بولىدۇ، ئەمما سەندەك ئايالدىن جاھاندا يەنە بىرى تېپىلماس. قېنى، ئاشۇ خالتا كوچىدىن نەچچە قېتىم تۇتۇلغانلىقىڭنى ھېسابلاپ باقە؟ — دېدى ساقچى يىرگىنچ ھەم مەسخىرە ئاھاڭدا. ئۇ ئېغىزىدىن تاماكىنىڭ ئىسىنى ھالقا چىقىرىپ، بىگىز بارمىقىنى شىرەگە چېكىپ تۇرۇپ سۆزلەشنى ئادەت قىلغانىدى. يۈز - كۆزلىرىنى تازا كېلىشتۈرۈپ پەردازلىغان چوكان ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، يەنە تەتۈر قارىۋالدى. چوكان ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئىتتىكلا بوينىنى بۇراپ ساقچىغا ئالايدى:

— ئوھۇش غوجام، سىلىنىڭ قارا كۆزلىرى دائىم مېنىلا كۆرىدۇ. خالتا كوچىدىكى دەرەخنىڭ سانىنى ئېلىپ باقسىلا، دەرەخ قانچە بولسا مەندەكتىن شۇنچىسى بار. مېنىڭ قانچە قېتىم تۇتۇلغانلىقىمنى ئۆزلىرى ھېسابلىۋالسىلا.

ساقچى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۈنسىز ئولتۇردى، چۈنكى بۇ يېڭى گەپ ئەمەس ئىدى.

— بۈگۈندىن كېيىن سېنى خالتا كوچىدا يەنە ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولسام، ئاقىۋىتىڭ بۇنداق ئوبدان بولىۋەرمەيدۇ. ماڭە، چىقىپ كەت، كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما!

www.uyghurkitap.com

— سىلىنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنۈشتىن خۇدا ساقلىسۇن . سىلىنىڭ كۆزلىرىگە يولۇققان كىشىنى نەس باسىدۇ .

— تولا كاپشىماي كۆزۈمدىن يوقال ... لالما قانجۇق ! ...

ساقچىنىڭ قۇلىقى غوڭۇلداپ كەتتى .

— ماقۇل غوجام ، سائىتى كەلگەندە خۇدايىم كۆڭۈللىرىگە ئىنساپ بېرە ... ئالتۇن بويىلىرىنى ئامان - ئېسەن قىلغاي ... ھىھ ... ھىھ ... ھىھ ... ھا ... ھا ... ھا ...

چوكان قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قارا رومىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ نايناقلاپ چىقىپ كەتتى .

ساقچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ، پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى . كېيىن بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلدى . «تۇۋا دەيمەن» دەپ پىچىرلىدى ساقچى ، «شۇنداق رەسۋالارچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپمۇ غەم - ئەندىشىسىز يۈرۈۋېرىدىغان چوكانكەنغۇ بۇ .» ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن نەپرەتنىڭ ئارىلاشمىسىغا ئوخشاش بىر تويغۇ پەيدا بولغانىدى .

## 2

بۇ شەھەردە ئادەملەر ناھايىتى كەمدىن - كەم ئاياغ باسىدىغان خىلۋەت بىر قاراڭغۇ كوچا بار ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنى بۈككىدە ئەرمىدۇن ، تېرەك ، مەجنۇنتال ، ياۋا گىلاس دەرەخلىرى قاپلىغانىدى . بۇ يەر ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئارامگاھى ئىدى . قىز - يىگىتلەر ئالايىتەن مۇشۇ يەرگە مۇڭداشقىلى كېلىشەتتى . بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كوچا چىراغلىرىنى ئەتەي بۇزۇپ تاشلىشاتتى . چىراغلار يېڭىلانسا يەنە بۇزۇلاتتى . شۇڭا بۇ كوچا يىلبويى چىراغسىز ، سىياھتەك قاراڭغۇ بولاتتى . ئاينىڭ يورۇقىنىمۇ قويۇق دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى توسۇۋالاتتى . دەرەخلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن چۈشۈپ

تۇرغان خىرە ـ شىرە يورۇقلۇقتا دەرەخ غوللىرىغا يۆلەپ قويۇلغان ۋېلىسىپىتلەر ۋە ئاق كىيىملەر غىل ـ پال كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى . ئەتراپتىن يېقىملىق كۇلكە ، شېرىن سۆزلەر ، نازلىق ئەركىلەشلەر ئاڭلىنىپ قالاتتى . بۇنداق ئىشلار كىنو باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا تازا ئەۋجىگە چىقاتتى . كىنو ئاخىرلاشقان ھامان ، قىزلار كىنودىن يانغان كىشىلەر قاتارىدا ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى . لېكىن بۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزىدىغانلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ داۋاملىق جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ تۇراتتى . بۇ قاراڭغۇ كوچا گەرچە شەھەرنىڭ چېتىدە بولسىمۇ بۇ يەردىن ئاڭلىنىدىغان قىيقاس ـ چۇقانلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىم ئۇيقۇسىنى ھارام قىلاتتى . شۇڭا بۇ خالتا كوچىدىن ساقچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى ، بىزگە تونۇش بولغان ھېلىقى ساقچى يەنە بىر ياش ھەمراھى بىلەن ھەر دائىم مۇشۇ كوچىدا ۋەزىپە ئۆتەيتتى . ئەمما ئۇ ۋەزىپە ئۆتەشكە چىقىش ئالدىدا ياش ساقچىنىڭ كىندىكىگە مۇشتۇمى بىلەن نىختاپ قويۇپ : «ھەي ، سەن ياش ئەمەسمۇ ، خوتۇنۇڭ كېچىدە يالغۇز يېتىپ قارا بېسىپ قالمىسۇن ، ماڭ ، ئۆيۈڭگە بار . مەن ئۆزۈممۇ يېتىشەلەيمەن» دەيتتى . ياش ساقچى گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجىيىپ تۇرۇپ : «باشلىقلار بىلىپ قالسا چاتاق قىلارمىكىن ئاكا ، سىز بىلەن بىللە باراي جۇمۇ» دەيتتى . ئۇ ياش ساقچىغا : «بولدى ، خاتىرجەم ھالدا خوتۇنۇڭنىڭ قۇچىقىغا كىرىۋەر . باشلىققا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دەيتتى . ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنداق كالتە سۆھبەتلەر دائىم بولۇپ تۇراتتى .

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى . ئۇ توخۇ گۆشى بازىرىغا بېرىپ ، توخۇنىڭ ئىككى پاچىقى بىلەن بىر بوتۇلكا ئۆزۈم ھارىقىنى قورسىقىغا قاچىلاپ ، ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئىشخانىسىدىكى دىۋاندا يېتىپ ئۇخلىدى . ئەلياتقۇ مەھەل بولغاندا ئورنىدىن قوپتى . ئالدىرىماي كىيىنىپ ، يۇزىنى يۇدى . قول چىرىغىنى يانچۇققا

سېلىپ موتسىكلىتقا مىندى. موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى خىلۋەت قاراڭغۇ كوچىغا جان كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ موتسىكلىتنى ئاستىلىتىپ ئوڭغۇل - دوڭغۇل شېغىل يولدا يىغلىپ قالغان پاسكىنا سۇنى چاچرىتىپ، كوچا بويلاپ ماڭدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي موتسىكلىتنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى، ئۇ قېرى ئەرمىدۇن تۈۋىدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنى كۆرگەندى. ساقچى ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قاراپ تۇردى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، هاردۇق يەتكەن هاشارچىدەك پۇشۇلدىشىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. قىز - يىگىت هەر ئىككىسى تازا چىرايلىق بولۇپ، ئەڭ يېڭى مودىدا كىيىنگەن، قىزنىڭ كېسىپ بۇدۇر قىلىنغان چېچى مورىسىگە يېيىلغانىدى. ساقچى ئىككى قولىدا ئىككىسىنىڭ قولىقىدىن تەڭ تۇتۇپ تارتىپ: «تۇرۇشە، يۈزى قېلىنلار!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. هەر ئىككىسى قارا باسقاندەك چۆچۈشۈپ كەتتى. قىز بولسا بىر چىرقىرىغانچە ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى. يىگىت ساقچىنىڭ قولىغا بىرنى ئۇردى - دە، بوشىنىپ قاچتى. «توختا، توختىمساڭ ئوق چىقىرىمەن!» لېكىن يىگىت توختىمىدى. چۈنكى ئۇ ساقچىنىڭ ئوق چىقارمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. قىز ئەمدى تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى توختىتالمايتتى. ساقچى بۇ يەردە ئۇچراتقان ئاياللار ئىچىدە يىغلىغاننى بۇگۈن كۆرۈۋاتاتتى.

— ئوبدان ئاكا، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مېنى قويۇۋەتسىلە. ئەگەر مېنى تۇتسىلا مەن ئۆلۈۋالىمەن.

— سەندەك ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۆلۈۋالمايدۇ.

— ئوبدان ئاكا، مەن ئېزىپتىمەن. ئەگەر مېنىڭ بۇ هالىم ئاشكارا بولسا مېنى مەكتەپتىن قوغلىۋېتىدۇ. مەن ئۆيگە نېمە دەپ بارىمەن؟ ئاتا - ئانامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ مېنى ئاتا - ئانام مىڭ بىر جاپالاردا ئوقۇتتى. ئالىي مەكتەپكىمۇ ناهايىتى تەستە كىرەلىدىم. بۇنى سىلىمۇ ئويلىسىلا. سىلىنىڭمۇ ئاچىلىرى،

سىڭىللىرى باردۇ . ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار . ھۇ ··· ھۇ ··· ھۇ ···

— سەن قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ؟

— ياق ··· ياق ··· مەن خۇش بولۇپ كېتەي ، بۇنى سورىمىسىلا ئاكا . بۇنى دېيەلمەيمەن ، بۇنى دېيىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن تەڭ . مەندىن ھېچنېمىنى سورىمىسىلا . خۇدا ئالدىدا سىلىدىن تىلەي ، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن .

ساقچى قىزنىڭ قولىقىنى قويۇۋەتتى .

— ئۇ سېنىڭ نېمەڭ ؟

— بىز ··· بىز مۇھەببەت باغلىغىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى .

— مۇھەببەت باغلاپ مۇشۇنداق قىلساڭ ، ئۇ كېيىن سېنى تاشلىۋەتسە قانداق قىلىسەن ، بەختىڭ قارا بولمامدۇ ؟

— ياق ··· ياق ··· ئۇ مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ . ئىككىمىز قەسەم قىلىشقان ، ياخشى كۆرۈشىمىز .

— ھىم ، ياخشى كۆرۈشەرمىش . قەسەم قىلىشقان تېخى . چىرايلىق قۇرۇق گەپلەر ··· مۇشۇنداق پەيتتە ئۇ سېنى تاشلاپ قاچتى ، بۇمۇ سېنى ياخشى كۆرگەنلىكمۇ ؟

— ياق ··· ياق ··· ئۇ مېنى تاشلاپ قاچمىدى . ئۇنى مەن قېچىشقا زورلاۋەرگەندىن كېيىن قاچتى . ئۇ قاچمىسا بولمايتتى . ئۇنى تاياق يەپ كەتمىسۇن دەپ ئايىدىم .

— ئوھوي ، سەن بەك ۋاپادار ئىكەنسەن . بوپتۇ ، مەن سېنى قويۇۋېتەي ، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما !

قىز خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى .

— رەھمەت سىلىگە ئاكا ···

قىز چۇۋۇلغان چاچلىرىنى سىيپاپ ، يولدىكى شىغىلنى شاراقلىتىپ يۈگۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ تاپىنىغا كەلگۈدەك ئۇزۇن ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى لەپىلدەيتتى . ساقچىنىڭ كۆزىگە قىز خۇددى ئاشۇ ئاپئاق كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ كۆككە ئۆرلەپ چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى .

ساقچى قىزنىڭ قارىسى كۆزىدىن يوقالغۇچە قاراپ تۇردى . ساقچىنىڭ قارىشىچە ، بۇ قىز مۇشۇ خىلۋەت كوچىدا ئۇچرايدىغان ئايالـلارنىـڭ ھېـچقـايـسـىسىغا ئوخشىمايتتى . «دۇنيادا ئۆز ھەمراھلىرىغا سادىق پاك ئايالـلار قانچىلىكتۇ ؟» ساقچىنى بىردىنلا غـېـرىبلىق ، مۇڭ باستى . جاھاندا ئۆزىنى يېتىم ، يېگانە ھېس قىلدى . ئۇ موتسىكلىتىغا مىندى ـ دە ، خالتا كوچىنىڭ ئاخىرىغا يۈرۈپ كەتتى .

## 3

ساقچى كەچلىك كىنو تۈگىگەندە ، قاراڭغۇ كوچىغا ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى . ئۇ سائىتىگە پات ـ پات قاراپ قويااتتى . ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى . ھاۋا دىمىق ئىدى . ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى . ئۇنىڭغا ھاياتلىق توختاپ قالغاندەك بىلىنەتتى . ئىچى تىـتىلدايتتى . نېمىگە تىتىلدايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ خىيال سۈرگىنىچە ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقاندا ، ھېلىقى ئۆزى سولاقتىن بوشىتىۋەتكەن چوكانغا يەنە ئۇچرىدى .

— يائاللا ، سەن ... سەن بىر ئەرگە تەگسەڭ خۇدا خۇش بولماسمىدى ؟ ...

— سىلى ئالاملا ؟ ... ھى ... ھى... ھى ...

— ئېغىزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل ، نەپسى بالا قانجۇق . سېنى ئالىدىغان مەن قالدىممۇ ؟ خۇدا ساقلا !

— ھىم ... ھەممە ئادەمنىڭ سىلىنىڭ ئالتۇن كۆڭۈللىرىدەك كۆڭلى بار . مۇشۇ قاسقان شەپكە بىلەن ئالا ـ بۇلىماچ كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ ئۆزلىرىنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقاندەك ، باشقا ئادەمـنـى يـەردە ياقىدەك ئۆمىلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىدىغان

ئوخشايلا . بىلىپ قويسىلا ، باشقىلارمۇ سىلىگە ئوخشاش ئادەم .

— ھەي داپ يۈز ، تولا كاسىلدىما ، سەن زادى غىت قىسىپ يۈرەمسەن يا ھەپسىدە يېتىپ پىتقا يەم بولامسەن ؟

— ھىم ... نوچىنىڭ قىلغان گېپىنى قاراڭ . مەنمۇ جاھاندىكى ئاياللاردەك ئايالمەن . ماڭىمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئېسىل تاماق ، ئوبدان كىيىم ، ئالتۇن جابدۇق ، خۇشال - خۇراملىق ، ئازادىلىك كېرەك . ئىشقىلىپ ، ئاشۇ ئېسىل خېنىملارغا نېمە كېرەك بولسا ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتسا ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ شۇنى تارتىدۇ . مەن سىلىنىڭ پىتلىق تۇرمىلىرىدىن قورقۇپ ئاچلىقتىن ئۆلسەم بولامتى ؟ مۇشۇنداق سەييارە تىجارەت قىلمىسام مېنى كىم باقىدۇ ، سىلى باقاملا ؟

— باشتىلا ياخشى ئەردىن بىرنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ ، سادىقلىق بىلەن خىزمىتىنى قىلغان بولساڭ بۇ كۈنگە قالمايتتىڭ .

— خۇدا ماڭا بۇنداق تەلەيىنى ئاتا قىلمىغانىكەن . تەتۈر پېشانە ئىكەنمەن ، باشتىلا مەن غۇربەتچىلىكتە قالغاندا ماڭا ئاش ، نان ، كىيىم ، ئىسسىق ئۆي بەرگۈدەك ئوغۇل بالىدىن بىرى چىقمىدى . ھازىر مېنى قانداق ئادەم خوتۇن قىلىپ ئالىدۇ ؟ مەن مەڭگۈ ئاقارمايدىغان ياغلىق قاپاق بولۇپ كەتتىم . سىلەر مېنى مۇشۇ كوچىغا مېڭىشقا مەجبۇرلىدىڭلار ... ھەتتا ...

چوكان يىغلىۋەتتى . ساقچى ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ قالدى . يۈرىكى ئېچىشتى . بوغۇزىغا يىغا قاپلىشىۋالغاندەك بولدى . چوكان يىغىسىنى توختاتتى .

— ھە غوجام ، گەپلىرى بولسا غاچ قىلسىلا ياكى ئاپىرىپ پىتلىق تۇرمىلىرىگە سولاملا ... بولمىسا ، ئۆز ھالىمغا قويسىلا مېنى ...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ساقچىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى . ساقچى بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ، موتسىكلىتقا مىندى - دە ، ئىتتىك يولىغا راۋان بولدى . چوكان يەنە ۋالاقلاپ ھەم كۈلۈپ

www.uyghurkitap.com

قالدى . ساقچى ئىچىدە : «نېرۋىسىدىن ئازغان كاسكى ... ئەمما بىر يەرلىرىڭ بولىدۇ سىنىڭ ، ئادەمنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدۇ...» دەپ ئويلاپ كەتتى . ئۇ خالتا كوچىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىش قالماي يول ئوتتۇرىسىدا موتسىكلىتىنى توختىتىپ ، كۆك تاماكىنى گېزىت قەغىزىگە ئوراپ چېكىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى...

**4**

— ۋاي ـ ۋۇي غوجام ، ئەجەب مەن بىلەنلا ھەپىلىشىپ قاللىغۇ ؟ مېنى ئۆلسۇن دەملا ؟

— قورۇق گېپىڭنى قوي ، مەن سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم .

چوكان چۆچۈپ كەتتى .

— نېمە ، مېنى ئېلىپ كېتىپ يەنە ئاشۇ پىتلىق تۈرمىگە سولاپ قويماقچىما ؟ مەن سىلىگە نېمە يامانلىق قىلدىم ؟ ئۆلسەم قۇتۇلىدىغان ئوخشايمەن بۇ ئازابتىن ! ...

چوكان غەزىپىنى باسالماي قايناپ كەتتى .

— ئېغىزىڭنى باساڭچۇ ، بىلەمسەن ، مەن سېنى ئەمدى بۇ قاراڭغۇ كوچىغا مەڭگۈ يولاتمايمەن ، مەن سېنى قۇتۇلدۇرىمەن .

چوكان لاپ قىلىپ ساقچىغا باشتىن ـ ئاياغ قارىدى . كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— مېنى ئۆمۈر بويى سولاقتا ياتقۇزماقچىمۇ ياكى ئەما ، گاس ئەردىن بىرنى تېپىپ ماڭا چېتىپ قويماقچىمۇ ... ھا ... ھا ... ھا...

— گېپىمنى ئاڭلا ، جىن تەگكەن ساراڭ ... بولدى ئەمدى ، بېشىمنى ئاغرىتىپ سېسىق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلۈۋەرمە . مەن سېنى ئۆز ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن .

چوكان شۇ زامان كۆلكىدىن توختاپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ، بىر هازا تۇرۇپ قالدى. كېيىن يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ها ... ها ... ها ... بېشىڭنى يەيدىغان ساختىپەز كۆتەك، مېنى ئالداپ نېمە قىلاتتىڭ، ئالداپ يۈرمىسەڭمۇ مەن سېنىڭ ئالىقىنىڭدىكى ئادەمغۇ ... ها ... ها... ها... مېنى گۇللىماي غاچچىدە راست گېپىڭنى قىل، نېمە ئىشىڭ بار مەندە؟

— زۇۋانىڭنى پەس قىل ساراڭ، راستىڭنى ئېيتە، ماڭا تېگەمسەن؟

— ۋاي مەست كاللا، ئېسىڭنى يوقىتىپسەن، هاراقنى باشقا بىر نېمە قوشۇپ ئىچىۋەتتىڭمۇيا؟ قېنى، پۇراپ باقاي، ۋاي سەت قارا گەدەن، هاراق ئىچمەيلا ساراڭ بولۇپسەن.

— خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى. ئۇ هازىر ئەرگە تېگىپ بولدى. ئەمدى مەن سېنى ئالىمەن. شۇڭا ئاتايىتەن ئىزدەپ كەلدىم. يېقىندىن بۇيان دائىم سېنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ماڭا سادىق بولارسەنمۇ؟

چوكان ئەمدى قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى. كېيىن ساقچىدىن نېرىغا داجىدى.

— هىم، هازىرغىچە نۇرغۇن ئەرلەر مېنى ئالىمەن دېدى، ئالمىدى. هەممىسى چىرايىمغا قىزىقىپ شۇنداق دېدى. كېيىن نامىمدىن قورقۇپ ئالمىدى. مېنىڭ ئاتىقىم يامان، سىلى هۆكۈمەت ساقچىسى، مېنى ئالسىلا يۈزلىرىنى تۆكۈۋالىدىغانلىرىنى ئويلىدىلىما؟

— مەن هەممىنى ئويلىدىم. سەن ئامالسىز مۇشۇنداق قىلىۋاتىسەنغۇ، مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن. يۈر كېتەيلى، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا يېتىم بالىمەن.

چوكان خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈۋاتقاندا بىردىنلا ئانىسىغا ئۇچراپ قالغان سەبىي بالىدەك غۇلچىنى يېيىپ، ساقچىنىڭ بوينىغا ئەسەبىيلەرچە

ئېسىلىپ ، شۇنچىلىك قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىكى ، پەقەت مەست بولغاندىلا يىغلاپ ، مەستلىكتىن يېشىلگەندە يىغلىغىنىدىن تېنىۋالىدىغان ساقچىنىمۇ يىغلىتىۋەتتى . ئۇ بوغۇلۇپ تۇرۇپ مۇنۇ سۆزلەرنى تەكرارلىدى :

— ساناقسىز ئەرلەر مېنى ئالىمەن ، دەپ يالغان سۆزلىگەن . بۈگۈن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر ئەرنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئالاي دېگىنىنى ئاڭلىدىم . مەن كېچە ـ كۈندۈز خۇدادىن تىلىگەن ، ئەمما ئۆمرۈمدە بۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن . ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم . ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتىمەن . پەشلىرىدە ناماز ئوقۇپ جان بېرىمەن .

— ياق ، بىز تېخى ياش . خۇدا سالامەت قىلسا يېڭىباشتىن ياشايمىز . تۇرمۇشىمىزنى يېڭىلايمىز …

ھەر ئىككىسى تىنىقى توختاپ قالغاندەك جىمىپ قېلىشتى . كېيىن قولتۇقلىشىپ يىراقتىكى يورۇق چوڭ يولغا قاراپ كېتىشتى .



[General Information]
书名=戴面纱的丽人  维吾尔文
SS号=40231965